# تارىم

4

Altun0q

1991

# باھارنىڭ ئىشقىدا ياڭرىتىپ نەزمە،
# شائىرلار جەم بولۇپ قىزىتتى بەزمە.

پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەن، ئەدەبىيات-سەنئەت،

مەدەنىيەت خادىملىرىنىڭ باھار بەزمىسىدىن كۆرۈنۈشلەر.

▶ شائىر تۆمۈر داۋامەت شېئىر ئوقۇماقتا.

▲ خۇيزۇ شائىرى جاڭ گۇيتىڭ شېئىر ئوقۇماقتا.

▼ شائىر تۇرسۇنئاي ھۇسەيىن شېئىر ئوقۇماقتا.








باش مۇھەررىر: مەھەممەت شاۋۇدۇن
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: ئارسلان
مەسلىھەتچىلەر: ئابلىز نازىرى، ئەلقەم ئەختەم

تەھرىر ھەيئەتلەر (ئىبلىپبە تەرتىپى بويىچە):

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن. ئارسلان. ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر. ئابلىكىم باقى، تۇرغان شاۋدۇن، تۇرسۇنئاي ھۇسەيىن، قەييۇم تۇردى، مەھەممەت شاۋۇدۇن، مەھەممەت زۇنۇن. مەھمۇد زەيدى. ئىمىن تۇرسۇن. ئىمىن ئەخمىدى، زوردۇن سابىر.

# تارىم

( ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال )

AltunOq

4

41 -يىل نەشرى

www.uyghurkitap.com كىتاب تورى

# بۇ ساندا

## نەسرىي ئەسەرلەر


م. ئەتروزى ............ كۆلۈمسىرەش (ھېكايە) ............ 16
ئە. ئەھەت ............ مازار چاشقىنى (ھېكايە) ............ 31
ئە. ئوسمان ............ مېنى روھىمدىن ئىزدەڭلار (نەسر) ............ 59
ئۆ. مەتنۇرى ............ نەسرلەر ............ 63
ئا. جالالىدىن ............ چالا كۆيگەن رسالە (نەسرلەر) ............ 65
س. دۇگايلى ............ پاسىل (پوۋېست) ............ 70
م. ئىسمايىل ............ دوستلۇق رىشتىسى (زىيارەت خاتىرىسى) ............ 127


## شېئىرلار


ت. داۋاەت ............ ئىككى شېئىر ............ 4
م. سادىق ............ ساياھەت ئۈنچىلىرى ............ 5
م. خېۋىر ............ غەزەللەر ............ 7
م. روزى ............ شېئىرلار ............ 12
ئا. خېۋىر ............ لەئل دانىلەر ............ 13
ئې. زايىت ............ قىسنىما ماڭا ............ 15
ج. ئەمەت ............ ھەقىقەت ھەممىگە ئادىل بىر مىزان ............ 50
ئا. ئوسمان ............ كەپتىرىم ............ 52
ھ. ئىبراھىم ............ سۆيگۈ ئارزۇلىرى ............ 53
ئۆ. مۇھەممەت ئىمىن ............ ئىزاھاتلىق پاراڭلار ............ 55
ئە. قۇربان ............ ئۈچ شېئىر ............ 56


## باللار ئەدەبىياتى


م. جۇماخۇن ............ باللار كۆڭلى (شېئىر) ............ 106
ر. سايىت ............ ئويلاپ بېقىڭ، مۇئەللىم (شېئىر) ............ 107
ھ. تىلىۋالدى ............ غۇنچىلارغا ئىلتىجا (شېئىر) ............ 109
ر. داۋۇت ............ سەبىي يۈرەكلەر (شېئىر) ............ 111

ئە. داۋۇت ............ قۇشلار بىلەن قەلبىم تۇتاش (شېئىر) ............ 112
ج. سەيپۇللا ............ كىچىك «ئوغرى» (ھېكايە) ............ 114

## مۇھاكىمە ۋە تەقرىز

ئوبزورچى ماقالىسى ............ دەۋرنىڭ ئاساسىي مۇقامىنى ئىپادىلەشكە ئەھمىيەت بېرەيلى ............ 120
ۋاڭ باۋ ............ تارىخىي تۇيغۇ، دوست ئەلگە مۇھەببەت ............ 123

## تەرمە گۈللەر

م. ھوشۇر ............ «مۇساپىرلار قاۋىقى» دا (ھېكايە) ............ 148

## ئەدەبىي ھايات ۋە ئۇچۇرلار

............ 159

*　　*　　*

بۇ سانىنىڭ مۇقاۋا ۋە ئىچكى بېتىدىكى سۈرەتلەرنى ئىسمائىل تۇردى، قادىر نازىرى، قىستۇرما سۈرەت ۋە ھۆسنخەتلەرنى مۇھەممەت ئايۇپ ئىشلىگەن.

uyghurkitap.com

تۆمۈر داۋامەت

# ئىككى شېئىر

## چىللايدۇ ئەتىكى قۇياش *

باھاردا جەم بولدۇق مەرىپەت ئەھلى،
مىسالى تۇغقانلار توپلاشتۇق يەنە.
قىزىدى تەبرىكلەر، چۈشىنىشىشلەر،
سىردىشىش، روھلىنىش، ئالقىش تەنتەنە.

قوللاردا تەبرىك ھەم دوستلۇق قەدىھى،
يېگىشتىن، ساۋاقتىن دىلدا ھاياجان.
ئىچەيلى ئەسلەپ بىز باسقان يولنى ھەم
ئەتىكى يۈرۈشكە تىلەپ شەرەپ ـ شان.

بىلىمەن دوستلارنىڭ كۆپتۈر تۆھپىسى،
ئەجرىدىن نۇرلاندى پەن ۋە ئىسلاھات.
بىلىمەن، يارەنلەر، خەلق بايلىقى،
ئەقلىدىن گۈللىنەر ۋەتەن ۋە ھايات.

ھەر ياققا نۇر چاچتى پەن، مەدەنىيەت،
پۈتۈلدى قانۇندىن، ئەخلاقتىن قانات.
ۋە لېكىن نادانلىق، نامراتلىق تېخى
پۈركەيدۇ ئاپەتنى ئاغزىدىن پات ـ پات.

ئەجرىمىز يىراقتۇر ئەل ئۈمىدىدىن،
ئەل ئوغلى ئەل ئۈچۈن ئىشلەيدۇ ئەبەت.
ئۆتمۈشلەر بۆگۈننىڭ سىمۋولى ئەمەس،
بېغىشلار زاماننىڭ بايلىقى غەيرەت.

ماگايلى دۇنياۋى پەللىگە ئۆرلەپ،
ئىزدىنىش ئىجادقا ئەزەلدىن يولداش.
قولغا قول تۇتۇشتۇق ھەر مىللەت خەلقى،
چىللايدۇ ئالغا دەپ ئەتىكى قۇياش.

باھاردا جەم بولدۇق مەرىپەت ئەھلى،
مىسالى تۇغقانلار توپلاشتۇق يەنە.
قىزىسۇن تەبرىكلەر، چۈشىنىشىشلەر،
سىردىشىش، روھلىنىش، ئالقىش تەنتەنە،

1991 ـ يىل فېۋرال، ئۈرۈمچى.

## ئۆزگىچە كەلدى بۇ يىلقى باھار

نەشتەرلەر سانجىيدۇ سوغۇق ھېلىمۇ،
قار ـ مۇزلار تېخىچە كەتمىدى ئېرىپ،
لېكىن، كۈن باھاردىن بەردى بىشارەت،
دەريالار چىقتى مۇز كۆكسىنى يېرىپ.

يىگىتلەر، قىزلارنىڭ كۆزىدە باھار،
ئاتىلار، ئانىلار سۆزىدە باھار.
ھەر ياقتا باھارنىڭ قەدەم ئاۋازى،
ھاياتنىڭ، يۈرۈشنىڭ ئۆزىدە باھار.

بەزىلەر قىزىدى تەرەپ ـ تەرەپتە،
پوجاڭزا گۈمبۈرلەپ قارغا ئوت چاچار.
ئۆزگىچە خىسلەتتە بۇ يىلقى باھار
يۈرەكتىن يۈرەككە يېڭى يول ئاچار.

ئۇ كەلدى يېزىدىن، يايلاق، شەھەردىن،
ئىسلاھات روھىنى كۈيلەپ ئەرتىلەپ.
ئۇ كەلدى خەلقنىڭ قان ھەم تەرىدىن،
زېمىننى ئويغىتىپ كۈلۈپ ئەركىلەپ.

چېگرىدا قار كېچىپ يۈرۈپ جەڭچىلەر
بېغىشلار خەلققە خاتىرجەم باھار.
چۆل كېزىپ گېئولوگ ۋەنېفىتچىلار،
تۈگىمەس بايلىققا ئىشىكلەر ئاچار.

كۈن - تۈنى ئۇخلىماي ئالىم، دانىشلار
كەشپىيات نۇرىدىن دەۋر يارىتار.

تراكتور گۈركىرەپ ئېتىز، دالىدا
ئالدىراپ باھاردىن خەۋەر تارقىتار.

باھار بار مىللەتلەر ئىناقلىقىدا،
ئارمىيە، خەلقنىڭ ئامراقلىقىدا.
باھار بار ۋەتەننىڭ گۈللىنىشىدە،
ھايات ۋە غايىمىز پارلاقلىقىدا.

كۆرەشتىن شان تاپار باھار ئۆزىگە،
يىل بەختى باھاردىن باشلاپ ئېچىلار.
باھارنىڭ شامىلىنى تۇسالماس ھېچكىم،
ئاز ئۆتمەي زېمىنغا گۈللەر چېچىلار.

1991 - يىل 10 - فېۋرال، ئۈرۈمچى.

مۇھەممەتجان سادىق

## سایاھەت ئۈنچىلىرى

### ئايروپىلاندىكى خىياللار

تۇختىماي
بىر خىلدا غۇڭۇلدىغان ئۈن.
دىلبىرىم، مەن گويا
زېرىكەرلىك ناۋا ئىچىدە.
ئاستىمدا مۇزلۇق ئانتىراكتىكا.
بارىمەن ئۇچۇپ
كۆك گۈمبەز - ساما ئىچىدە.
بىلسەن، ئىنسان خىيالغا ئامراق،
چىرمىشار ئويلىرىم
ساڭا مەن چىرماشقاندەك،
سىردىق تۇپىلىق يەرگە.
ئاھ، زېمىن ئوخشايتتى
ئىككىمىز قول تۇتۇپ
كۆرگىلى چىققىدىغان،
باھار كەلگەن دالىدىكى
گۈلگۈن سەھەرگە!
راستلا ئەرش كۆكتىمىدۇ؟
مەن يەردە تۇغۇلغان.
ئۆسكەن مىلنىپ تۇپىلارغا.
ئۇ يەردە سەن،
ئۇ يەردە گۈل،
ئۇ يەردە قار!.
ئېيتقىنا، شېرىن سۆزلۈكۈم.
سەن ۋە مەن بولالىتتۇقمۇ!
بولمىسا زېمىن؟!
يەر — ھايات!
يەر — جان!
يەر — باھار!

### ئانام قەبرىسى

**كۈن** ۋە تۈن كۆزۈمدە
نۇزانە چىراي،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئۇ ياتقان شىۋاقلىق
شۇ دۆمچەك قەبرە...
سېزدىلەر ئاغزىغا تېمىۋاتقاندەك
يەنىلا ئاق سۈت،
كۆزۈمدە:
شۇ ئەمچەك، قەبرە...

*  *

ئاپتاپلىق،
يامغۇرلۇق،
جۇدۇن ـ چاپقۇنلۇق
ئەگرى ـ توقاي يول...
ئۆرلەيدۇ تىك تۇتۇپ بېشىنى
قىردىق بىر پەلەمپەيگە،
گۈل ئالغىلى جانان قولىدىن
ناخشىچى ئوغۇل!

**شەئەندىكى كۈلكە**

كاككۇكلار بۇنداق كۈلەلەمدۇ؟
پاراخلىغان كۈلكىدىن
كەتتى جاراڭلاپ،
شەئەنىنىڭ گۈلدار راۋاقلىرى.
بۇلبۇلگويا بۇنداق كۈلەلەمدۇ؟!
جاراڭلايدۇ ئاق بۇلۇتلار،
تۆكۈلمەكتە گۈل،
ئۈزۈلۈپ ساپاقلىرى...
شەئەن گويا قاناتلىنىپ
ئۇچار شاد ـ خۇرام،
قاقاقلاپ كۆك ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەن
گۈزەل ھۆركەبى!
يانماقتا كۈلكە
چىنارلاردىن،
گۈل ـ گىياھلاردىن.

كۈلمەكتە ھەسەن ـ ھۈسەن
پارلاق نۇر كەبى...
يۈرەك نېمىشقا تونۇمايدىكەن؟!
بىلدىم ئاڭلاپلا،
ئۇ ئاي ئاڭلىغان،
يۇلتۇزلار ئاڭلىغان،
قۇياش ئاڭلىغان
بادام دوپپىلىقنىڭ مەغرۇر كۈلكىسى!
بەلكىم كومىراجىۋا
كۈلۈۋاتقاندۇ قەبرىسىدە؟!
كۈلمەكتە راۋاب،
يىپەك يولى،
يىپەك ئۆلكىسى!...

**مىڭ ئاراللىق كۆل**

كېچىلەرگە
يۇلتۇز چاچىدىغان
شىڭئەنجاڭ تۈسمىسى
قوندى ھەيۋەت ئىككى تاغ ئارىسىغا.
مىڭ ئاراللىق
زۇمرەت ئاسمان
چۈشتى ئۇچۇپ
ئىككى ناھىيە دالىسىغا.
گويا بىر سىنگاپور
قالدى سۇ تېگىدە،
بېلىقلارغا
ئەركىن ـ ئازادە ماكان.
ئىنسان نۇر ئىچىدە،
ئىنسان كۈلەر سەيلىگاھتا،
كۈنسېرى گۈزەللىشەر
بۇ يورۇق جاھان!...

**خاراكتېر ۋە باھار**

تۇغۇلدۇم ئىڭەلەپ،
يەرۇ ئاسمان ئارىسى تولغان شۇ ئاخشام

ئاپئاق گۈل ـ پورەككە.
ئاتام ماڭا يالاتقاندا قار،
ئاق نىيەت،
ئاق كۆڭۈل
بولغاي دېگەنمۇ،
كىرگەن سوغ يورەككە...
ئۆستۈم ئەگەشتۈرۈپ «ئالەك» نى،
ئىزدەپ توشقان
ئاق بۇلۇتلار ئۈستىدىن.
ئۇچتۇم چانا بىلەن
ئەڭ ئېگىز دۆڭلەردىن جىلغىلارغا،
ئۇسسۇغاندا شۈمدىم
ئاق ناۋاتنى،
گۈل ئىزدەپ قار ھۆسنىدىن...
ئۆستۈم گۈل ئويناپ،
گۈل پۇراپ،
گۈل قىسىپ چېكەمگە،
گۈل گويا مېنىڭ كۆڭۈل سىرىمدەك.
كاككۇك گۈلى ئېچىلغان دالىلاردا
كاككۇك كۈلكىسىنى ئاڭلاپ...
قار بىلەن گۈل
مېنىڭ سۆيگۈم،
مېنىڭ مېھرىمدەك...
قاردا ئۆسكەن،
قەھرىتاندا ئۆسكەن،
بىلمىدىم،
كېلەمدۇ گۈلگە ئامراق،
قار بىلەن گۈل باغلانغانمىدۇ
بىر رىشتىدە؟!
يوقمىدۇ قارنىڭ پۇرىقى،
قارنىڭ خىسلىتى،
گۈل ـ چېچەكتىن كۆڭلەك كىيگەن
باھار ـ
تەبەسسۇملۇق پەرىشتىدە؟!

مۇھەممەت خېۋىر

# غەزەللەر

1

سۆزۈڭ سۆيگۈ خىتابىمۇ ۋە يا جەننەت گۇلابىمۇ؟
نىگاھىڭ ياش كارابىمۇ ۋە يا سۆيگۈ جاۋابىمۇ؟
شەپەق يەڭلىغ ئىكەنغۇ ئاي قونۇپتۇ پەسلىبان يۈزگە،
يۈزۈڭ قاتىل پىچاقىمۇ، جۇنۇنلۇقنىڭ شارابىمۇ؟
نەپىسلىك شەرھىنى ئاڭلاپ قۇلاق دەردلىك ياداپ كەتكەن،
يۈزۈڭ شەرھى خىلابىمۇ، گۈزەللىك ئىنقىلابىمۇ؟
تولۇنئاينىڭ يۈزىگە داغ چۈشۈپتۇ، بىلمىدىم زادى،
ھەسەتخورلۇق خۇنابىمۇ، شەرەپنىڭ ئىختىلابىمۇ؟
زەئىپلىكتىن ئېقىپ كەتتى بۇلۇت كۆكتە تۇرالماستىن،
نېمە ئۇ كۆك سىمابىمۇ، ئەلەمنىڭ ئىزتىرابىمۇ؟
تىلىڭدىن نۇر ئاقار ئوتلۇق، بىھوشلۇق باشلىنار تەندە،
بۇ جانىمنىڭ كاۋاپىمۇ، ئېتىقادنىڭ تاۋابىمۇ؟

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى


زىناقلارنىڭ ئويۇلغاندا زېمىن - كۆك نۇرلىنار شۇ دەم،
زىناق سايىنىڭ سەرابىمۇ، يۈرەكنىڭ دەرد ئازابىمۇ؟
خىياللار ئەتتى كۆپ بوزەك، تۇماندا لەيلىدى پىنھان،
ئۆزۈك تىلسىم كىتابىمۇ، ئىنايەتلەر ساۋابىمۇ؟

2

كۆزلىرىمدە قان كۆرۈپ ھېچ ئەتمىدىڭ غەمدىن خالاس،
بىنەزەرمەن، سوغ نىگاھلار ئەتتى كۈلكەمدىن خالاس.
تىنچ ئىدىمغۇ، قاي زامان قايىنامغا چۆكتۈردۈڭ مېنى،
قالدۇرۇپ تاڭدىن خالاس ۋە جان ئارام دەمدىن خالاس.
كەم زۇۋانمەن، بەلكى تىلسىز ئۆچتى ئۈن كۆپتىن بېرى،
ناخشىدىن ئەتتىڭ يېگانە، بەلكى ئاددەمدىن خالاس.
سۆيدى كەچ سوغ تۈن شامالى قالدى دەپ يارسىز مېنى،
تۈنلىرىمنى **ئەتمىدىڭ** نۇر ياكى شەبنەمدىن خالاس.
كىرپىكىڭ سانجىلغىنى راست، بەلكى لۇقمانىمۇ گۇۋاھ،
ۋە لېكىن ئەتتىڭ شىپالىق دورا - مەلھەمدىن خالاس.
دالدىغا ئالغان تېمىڭدىن ھالقىپ ئۆتكۈم بار مېنىڭ،
ئەتتى ئۇ تام مەن جۇنۇننى بەختى ئالەمدىن خالاس.
ئازغىنىپ يۈرگەنلىكىمگە ئەل كۈلەر مەستانە دەپ،
بولمىقىم تەس شۇ يوسۇندا ئىشقى نالەمدىن خالاس.
بولدى پىنھان زارلىما، بۇ تۈنجى نالەڭمۇ ئەمەس،
كۆڭلىنى ئۈت، ۋاقتى كەلسە بولمىغىن پەمدىن خالاس.

3

تاپالماسمەن تۈمەن ئويلاپ ۋىسالغا ھېچ ئىلاجىمنى،
كۆرەر مەجنۇن باياۋاندا ئىشق دەردى رىۋاجىمنى.
ئىزاھ سوراش نېمە ھاجەت زەئىپلىكىنىڭ ئامالىغا،
پەقەتلا بىرسىگە ئېيتقان كېسەل ھالى، مىزاجىمنى.
لېۋىدە ھۆكمى مۇتلەقنىڭ شىپالىق ھېكمىتى تۇرسا،
ئەجەب قىينىدى ھەل ئەتمەي ئۈمىدىم، ئېھتىياجىمنى.
جاۋاھىردىن تەمەيىم يوق، دىلىمدا مالۇ - دۇنيايىم،
لېۋىگە تۆپلىدى خەسىس ساناپ بولماس خىراجىمنى.
لېۋىدىن لەيلىنىڭ پىنھان كۈتۈپ قالدى سۆزۈك ئىمزا،
قاراڭغۇ تۈن ئارا ئەمدى ياقارمەن شام - سىراجىمنى.

4

سەندەك نىگار داستاندا يوق، ئاسماندا ھەم يوق،
سەن كەبى بىر سەرۋە تېخى بوستاندا ھەم يوق.

نۇقسانلىرىڭ قانداق قىلىپ ئايلاندى نۇرغا،
بەستىڭدىكى يارقىن جۇلا چولپاندا ھەم يوق.
دۇنيادا كۆپ ۋەسۋەسلەر بايراق كۆتۈرگەن،
سەندەك ئەقىل بالالىرى جاھاندا ھەم يوق.
يۈكسەك چىدام بىرلە سېنى ساقلاپ كېلەرمەن،
بۇنداق چىدام، بايقا، تېخى ھېچ جاندا ھەم يوق.
ئۈنسىز ئىدا پەرمان ماڭا، ئەركىم بوغۇلغان،
بۇنداق بۈيۈك پەرمان تېخى سۇلتاندا ھەم يوق.
سائادىتىم دەرۋازىسى مەھكەم ئېتىكلىك،
غايىب ۋىسال ئارماندا بار، دەرماندا ھەم يوق.
ئىشقىڭ مېنى گۆر ئاغزىغا سۆرەپ ئاپاردى،
مۇنداق سەۋەب، مۇنداق كېسەل ئىمجاندا ھەم يوق.
ئۆلتۈرمىگىن قىيناقلىرىڭ بىرلە ئازابلاپ،
تاقەت دېگەن چەكلىك ئىكەن، پىنھاندا ھەم يوق.

5

ياكى لەمپە كىرپىكىڭدە بىر تېمىم ياش بولىسىدىم،
ياكى پىنھان سىرلىرىڭغا دەمسۇ سىرداش بولمىدىم.
لەۋلىرىڭدە سان ـ ھېسابسىز لەئلى ـ ياقۇت كانى بار،
ياكى شۇ كان ساھىلىدا بىنەزەر تاش بولمىدىم.
ئولتۇرارمەن سەن سۇ ئالغان ئاشۇ ئۆستەڭ بويىدا،
ياكى چەشمە ئاقسا ئۆستەڭ باغرىدا قاش بولمىدىم.
تارلىقىم بار چاچلىرىڭغا، ئەپتۇ باشنى قوينىغا،
ياكى گەجگەڭگە يېپىلغان بىر تۇتام چاچ بولمىدىم.
تۈنلىرىڭغۇ خاس ئۆزۈڭگە ۋاي ئېبىسىت، يۈز مىڭ ئېبىسىت،
يۈزلىرىڭنى بىر سۆيەرگە كۆكتە قۇياش بولمىدىم.
نە ئۈچۈن جۈرئەت مېنىڭدىن كەتتى يىراق، داجىدى،
پەيتى كەلسە قاش ئاتارغا ياكى بەڭباش بولمىدىم.
ئىستىكى كۆپ ۋاھكى پىنھان ئولتۇرار ھەسرەت چېكىپ،
يوللىرىڭدا يالغۇز ئۆزۈڭ ياكى يولداش بولمىدىم.

6

تاڭغا ھەمراھ ئىلتىپاتىڭ ماڭا ھېچ چاغ كەم ئەمەس،
ئىلتىپاتىڭ بىرلە كۆزۈم بىر دەقىقە نەم ئەمەس.
سەنتۈرۈلگەن چاغدا كەلدىڭ، يۆلۋالدىڭ، ئاپىرىن،
تاغ ئۆزۈڭ يۆلەنچىكىم، يۆلەنگىنىم بىردەم ئەمەس.
شۆبھىسىز سۇبھى ئۆزۈڭ تۈننى پاچاقلاپ يانغۇچى،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

تۈندە بار، ئاپتاپتا يوق سالقىن خۇمار شەبنەم ئەمەس.
سەن بىلەن جىقلانغىنى بەرھەق تېنىمدە كۈچ ـ ئىشەنچ،
گەر پولاتسىز قاتسا بىتون زادىلا بەردەم ئەمەس.
بولما غايىب ۋاھ دېگۈچە تۈندىكى چاقماق بولۇپ،
چۆلگە يامغۇر چۈشسە قانماس زەمزەمى ھەردەم ئەمەس.
بەر ۋىسال بەرسەڭ ئۇزاق سەن ئىستىكىم چىلاشقۇدەك،
ئۇغىكەن كەمتۈك ۋىسالىڭ دەرد ئۈچۈن مەلھەم ئەمەس.
ئۇتقا سەكرەپ چۈشتى پىنھان، ۋاي دېمەس بولسا تۈتۈن،
ھەر نىدايىم كۈلكە ـ خەندان، ئۇ مېنىڭ نالەم ئەمەس.

7

ئايا ساقىي مېنى دەرھال گۈلى بوستانىغا باشلا،
ئەقىلدىن ئايرىلاي بىردەم، ئەزىز مەيخانىغا باشلا.
يۈرەكلەرگە تۇتاشتۇر ئوت، يۈرىكىمدىن ئۆچەر يا ئوت،
مۇھەببەتنىڭ شىپالىق ئوتىغا ـ خۇمدانىغا باشلا.
كۆكۈلگە تۈشتى غەۋغالار، قۇياشنى كۆمدى سەۋدالار،
ئازاد ئەيلە ئۇ جەڭگاھتىن، زېمىن پىنھانىغا باشلا.
مېنى بىر ئۈن غاجاپ كەتتى، ئەسەبلىرىم ياداپ كەتتى،
قولۇمنى تۇت ئاسايىش بەر، ئارام ئەپشانىغا باشلا.
قولنى سىلكىسە لەيلى، مېنى مەيخور دېسە مەيلى،
بۈگۈن پىنھان قارار قىلدى: شاراب ئوكيانىغا باشلا.

8

تاغ بېسىپ تۇرغاندا بولساڭ ھەمنەپەس رىغبەت ماڭا،
تاغنى ئاسمانغا ئاتاتتىم، يار ئىدى غەيرەت ماڭا.
يول خىرە شام پەيتى ئىزدەپ پەللىنى تېڭىرقىسام،
پەيتى ئاپتاپ كۆرسىتەر يول سەن بىلەن سۆھبەت ماڭا.
زۇلمى ـ كۈلپەت ھەددىدىن ئاشقان چېغى زار قاقشىسام،
تەۋسىيەڭدىن ۋەھمى غايىب نۇقتىسىز كۈلپەت ماڭا.
كەڭ پايانسىز چۆلدە ئۈنسەم بىر تىكەن رەزگى سۈپەت،
بىر سىيلاپ قويساڭ ياغاتتى نۇر كەبى شەۋكەت ماڭا.
تۈن ماڭا تەنھالىقىم، يۇلتۇز كۈلەر زاڭلىق ئېتىپ،
جۈر بولۇپ تۇرساڭ نۇرستان، بىنەزەر خىلۋەت ماڭا.
ھەۋزى كەۋسەر ئالغۇچى جان قەترىسى ھەتتاكى ھەم،
بولمساڭ گەر كۈن تەبەسسۇم تەپتىدە ئۈلپەت ماڭا.
ئەترە ـ رەيھان بىرلە كۆمسەم بىكۆرۈم بەستىم مېنىڭ،
تەركى سەنسىز، ھۆسنى سەنسىز نەدە خوپ ئىسكەت ماڭا.

ئىستىلا ئەتتىڭ يۈرەكنى، ھەر مىنۇت ئىلكىڭدە مەن،
خاھىشىڭدا كۆزلە كۈلپەت ياكى قىل شەپقەت ماڭا.
دەيدۇ كىم يىغلاپ تۇرار پىنھان مازارنىڭ تۈۋدە،
بولمىدى ئىنكار ئۆسەكلەر، سەن ھامان ھەمدەرد ماڭا.

9

جۇنۇن بۇلبۇل ساباغا زارىنى سۈبھىدە ئېيتارمىش،
تۇلۇن ئايمۇ ۋىسال تاپماي ئەلەمدە تاغقا قايتارمىش.
تۇرۇپتۇ ئول نامايىش بىرلە ناز تاشلاپ، ئىما تاشلاپ،
ئۇنىڭمۇ مەخپىيەتى بار: پىراقسىزلارنى تارتارمىش.
پىراقسىزغا كېرەك ماتەم، زېمىندا ئوت گۈرۈلدەيدۇ،
كىمىكى مۇزغا باغلاندى، بالا لەۋلىرىنى ئۇنتارمىش.
سۇلار سايلارغا ئاققاندا سىڭەر بەزەن، كېتەر بەزەن،
يېشى مۇزنىڭ باھاردا كۆپ، تومۇز كەلگەندە توختارمىش.
ئاراسىدا كۆرۈنمەس رىشتىسى باردۇر قۇتۇپلارنىڭ،
ۋىسالغا مەڭگۈ ئىمكان يوق، لېكىن چىڭ ئەھدىسى بارمىش.
تۇرۇپ قالدىم ئىزاھاتقا تاپالماي سۆز (يىگىتلىكمۇ؟)
نىگار كۆرمەي مۇقامىمنى بوغۇزلاپ ئاڭنى باتنارمىش.
ئاگاھ بول ئوتتىن ئايرىلساڭ زامان ئاخىرىدۇر پىنھان،
لېكىن ئوتلۇق شۇ دوزاخنىڭ ئازابخانىسى بەك تارمىش.

10

ئىزاھات سورىسا سەنئەت، سىپىنگدە شەرھىسى جەمئى.
ھايات يەتمىش گۈزەللىكنىڭ ئاداققى پەللىسى جەمئى.
ئېتىڭنى ئاي قويۇپ خاتاغا يول قويدى، مۇنەۋۋەرسەن،
قارارغا مەندە جۈرئەت يوق، قۇياشنىڭ جىلۋىسى جەمئى.
پەرىشتە كۆردى قاي ئىنسان؟ تۇرار ئالدىمدا نەق بىرسى،
سىياقىڭدا رىۋايەتلىك پەرىشتە بەلگىسى جەمئى.
ئېۋەنسىز مەۋجۇدات يوق دەپ ئىشەندۇرمەكچىمىش خەقلەر.
ئېۋەنلەر ساڭا يۈتكەلسە ئاجايىپ جەزبىسى جەمئى.
كۆڭۈلدە بىر كىشى دەپ قايسى دانا تۆكتىكىن مارجان،
دىلىم تەكچىسىدە ئوتلۇق گۈلۈڭنىڭ بەرگىسى جەمئى.
جامالىڭ سەھنىدە پىتنە تاراتسا مەن چىدالمايمەن،
پىغانىمغا جاۋابىڭ يوق، خۇدانىڭ سەۋرىسى جەمئى.
تەرىپ ئەتتىم سۈپەتىڭگە تىزىپ ئۈنچە تەمە بىرلە،
دېدى پىنھان ئۈمىدلىك بول، گۈزەلنىڭ جەۋرىسى جەمئى.

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

مەھەممەت روزى

# شېئىرلار

### سەھرا ئەسلىمىسى

تالا ـ تالا زەر يېپىلىق قۇياش
ئويناپ تۇرغان سۆيگۈمسەن مېنىڭ.
ئاھ، دالامنىڭ ھەر قەترىسىدە،
(ياپراقلارنىڭ يۇمران چېھرىدە)
سۆيۈشلىرىڭ بار ھەم كۆپ سېنىڭ.

يېشىل چۆپلۈك خىلۋەت چىمەنزار
يېتىلدۈرگەن مەندە شۇنداق كۈي.
مەن يېتىلگەن ئانا سەھرانىڭ
تۇپىلىرى پۇرايدۇ خۇش بۇي.

جىگدىلەرگە يامىشىپ بەزەن
توقايلاردا قىيغىتىپ يۈرگەن
باللىقتەك كەپسىز ئەسلىمە،
ھېسلىرىمنى غىدىقلار شۇدەم.

گۈزەل سەھرا، خۇش بۇي جىگدىلەر
كۆپ سىرلارغا بولۇشقان پاناھ.
سەندە ئۆسكەن تالاي نەۋرىلەر،
سەن بۆيۈك كۈي، سەن ئۇلۇغ ئانا...

سېغىنىشنىڭ تۇتقۇن كۈيلىرى
چىللاپ تۇرار باغرىڭغا يەنە.
قۇياش كەبى كۈلۈشلىرىمدە
سىڭىپ كېتەي قوينۇڭغا يەنە...

### تىنىقىمدا ئەنجۈر ھىدى بار

مەن ئەنجۈرلۈك باغدا تۇغۇلغان،
كىندىك قېنىم ئەنجۈر شىرنىسى.
ياپراقلىرى يۆگىكىم بولغان،
يىغامىمۇ ھەم شادلىق ناخشىسى.

مەن ئەنجۈرلۈك باغدا تۇغۇلغان،
قۇياش ھۆسنى مەندە تېپىلار.
ماڭا ئەنجۈر بولغان ھەم ئوزۇق،
تىنىقىمدا ئەنجۈر ھىدى بار.

### بىر يېقىملىق كۈيگە تولسۇن بۇ دۇنيا

زەيتۇن چىشلەپ ئۇچۇپ كەتكەن ئاق كەپتەر
يەلكىنىمگە ئېيتىپ بەردى بىر ناخشا.
چۈشۈم نازى يېشىل ياپراق رەڭگىدە،
يېشىللىقتا شامال ئاشنا، نۇر ئاشنا.

سۈزۈك ئۇپۇق تالا ـ تالا نۇر چېچىپ،
يۈرەكلەرگە بىر كۈي بولۇپ قۇيۇلار.
ئۇپۇق توغقان ئاق كەپتەرنىڭ ناخشىسى
كۆڭۈللەردە مەرتەم ـ مەرتەم ئېيتىلار.

يېشىل دولقۇن ياسىغاندا كۆك دېڭىز،
تەلپۈنىدۇ دىللار ئاڭا ھەۋەستە.
تەنھا دولقۇن قىيا تاشنى قۇچاقلاپ،
بۆژغۇنلىنىپ جىمىپ كېتەر بىر پەستە.

زەيتۇن چىشلەپ ئۇچقان ئاشۇ ئاق كەپتەر
ئېيتىپ بېرەر بىزگە شۇنداق بىر ناخشا.
يۈرەكلەرنى يۈرەكلەرگە چاتقاندەك،
بىر يېقىملىق كۈيگە تولسۇن بۇ دۇنيا.

### يوللار چەكسىز، پەلەك خىيالدا...

ئاندا ـ ساندا شىۋاق ئۈنگەن چىغىر يول
سوزۇلغانچە ياتار سايىنىڭ باغرىدا.

كۆرۈنمەيدۇ چېتى ئۇنىڭ بۇ مەھەل،
تۇرغاچ لەيلەپ ئالۋۇنلارنىڭ قوينىدا.

يولۇچىنىڭ قەدەملىرى بەك ئاستا،
ئۇچۇرماقتا ئىزلىرىنى شامالالار.
غىڭشىپ ئېيتقان ناخشىسىمۇ پات ـ پاتلا
جىمىپ كېتەر ئورىۋالغاچ خىياللار.

كونا ئۆتەڭ كۆرۈنمەيدۇ يېقىندىن،
ئۇ قاياقتا كۆچكەن بولغۇن دېرەكسىز.
مەنزىل يىراق، سەپەر مۇشكۇل ھەم قىيىن،
ئەجەل سايە تاشلاپ تۇرار تىنۋىشسىز.

يوللار چېتى شۇتاپ دىلغا مۇئەمما،
ئاسمان شۇڭا خىيالەتتە ئولتۇرار.
يوللار ئالغا تەلپۈندۇرەر يۈرەكنى،
يوللار، يوللار ئارمانلاردىن تۇغۇلار.

## كۆيلىرىم

ئادەم دېگەن بولمايدىكەن بىئارمان،
قىينار دىلدا يەنە تاتلىق ھاياجان.
توختىمايمەن كۆي ـ كۆيلەشتىن زادىلا
يېنىپ تۇرغاچ دىلدا سۆيگۈ يالقۇنى.

مەيلى ھېسلار مېنى قىيناپ يۈرسىمۇ،
مەيلى يىللار قېرىسىدىڭ، دەپ كۈلسىمۇ،
ئارمانلارغا باي بۇ يۈرەك بولسىلا،
ئۆچمەس ھەرگىز ئۈمىدىمنىڭ گۈلخېنى.

كۆيلىرىم خاس ئۇرغۇپ تۇرغان يۈرەككە،
شاھىد بولار ئۇ ئارمانغا ـ تىلەككە،
بېرەلىسە شېرىن تۇيغۇ دىللارغا،
باغاشلايدۇ ئۇنى ھايات شاۋقۇنى.

بولسا كۆيۈم كەڭ دېڭىزنىڭ تامچىسى،
قېنىپ تاپسا چاڭقاق دىلنىڭ قانچىسى،
ئارمانسىزمەن ئۆز بەختىمنى كۆرىمەن،
مەۋج ئۇرۇپ دىلدا شادلىق دولقۇنى.

**ئابلىكىم خېۋىر**

# لەئل دانىلەر

## ئۈزۈم بايرىمى

لەئل دانىلەرنىڭ شانۇ ـ شۆھرىتى،
ۋەتەن، قۇچىقىڭنىڭ كەڭلىكىگە خاس.
قۇياش بۇندا ئۆزگە ھۇنەر كۆرسىتىپ،
ئالتۇن ۋادىمىزغا بەرگەن ئىمتىياز.

لەئل دانىلەرنىڭ شانۇ ـ شۆھرىتى
تۆت چاسا كەتمەنىڭ قۇدرىتىگە خاس.
ئانا تەڭرىتاغنىڭ يەر ئاستى بىلەن
يەتكۈزگەن سۈتىدىن ئۇنىڭغەن ئىمتىياز.

يۇرتۇڭ توي ئۆيىندىسا، تۇرۇپ يىراقتا
ئۇنىڭ شادلىقىغا ھە ـ ھۇ دېمىسەڭ؛
لەئل دانىلەردىن ئېۋىغان شاراب
ھاۋادا چاڭقىسا، ئۇنى ئىچمىسەڭ؛

بالىلىق بولامدۇ ئېيتقىنا، دوستۇم
مەيگە خۇش، باشقىنى يىغقىنا، دوستۇم.

**سەنەمجان**

يىغلىما ياۋ ئالدىدا،
كۆزگە قان كەلگەندە ھەم

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

كۆندىشىك بايرام قىلۇر،
كىرپىكلىرىڭدىن كۆرسە نەم.

يىغلىغىن يار ئالدىدا،
دەردنى ئالسۇن كۆز يېشى.
داتنى دەريا يەپ كېتەر،
سەنچە سۈزۈكتۇر قاشتېشى.

باغلىرىڭ ئاچقان ئىشىكتىن
باشچە كىردىم شادلىنىپ.
بەرمىسەڭ تۇر، دەپ ئىجازەت،
تۇرىمەن مىڭ قاتلىنىپ.

ھۆكمى، ئەي ئاپەت گۈزەللىك،
جاننى ئال، مەن تاپشۇراي.
گۈل ئېتەمسەن، چۆل ئېتەمسەن،
ئىختىيارىڭ دەپ تۇراي.

ئاشىقلىق جاندىن كېچەمدۇ
ئىشقىدىن زار بولمىسا.
خارلىساڭ مەيلىڭ مېنى سەن
سۆيگۈ خار ـ زار بولمىسا.

## چۈشىنىش ۋە مۇھەببەت

يالغان ۋەدىلەرگە تولا ئالدىنىپ
راستىقمۇ چىن پۈتمەس بولغاندا كىشى؛
سۆيگۈ كوچىسىدىن ئۈمىد ئاختۇرۇپ،
تېپەلمەي نامىنى ئالغاندا كىشى؛

ئامرىقىم، تەقدىرنىڭ رەھمى كەلدىمۇ،
كۆڭۈل گادايىنى يەتكۈزدى ساڭا.
يەردىن يۇلۇپ ئالدىڭ، قاناتلار بەردىڭ،
ۋىجدان، ساداقەتنىڭ كۆكىدە ماڭا.

سېنى باغاشلىغان تۈنجى دەقىقە
پاك دەپ باستىم بارماق مۆھۈر ئورنىغا.

پۈراپ قالمىسا، دەپ جىسمىمدە جان يوق،
يات قىز ھىدى مەندىن يارنىڭ بۇرنىغا.

باشتىن ئېيتىپ بېرەي چۆچەكلىرىمنى
دەپ، ساڭا ئاق بايراق كۆرسەتكەن چېغىم،
چۈشەندىم، بايراقتەك ئاق كۆڭلۈڭنى مەن،
دېگەنتىڭ بولۇتقا تاقاشتى بېشىم.

بەك تېز چۈشەنگەننى بەك تېز يوقىتىپ،
قەلبىمدە ساقايماس يارىلار قالغان.
چۈشەندىم دېسىلا يەك تىزغا چۆكۈپ،
كۆزۈمنىڭ نۇرىنى رەڭلىرى ئالغان.

تەنھا ئۆتتۈشلەرنىڭ مىسكىن سازىنى
چالما، دېگىنىڭدە ئۈزدۈم تارىنى.
ئاستا چۈشىنىشسەك مەيلىدى، جانان،
تۆكۈپ يۈرەكلەرنىڭ يوقۇ ـ بارىنى.

كۆزۈڭدىن ساداقەت نۇرلىرى يانسا،
ئىشەنچىم ئېتىغا سالىمەن چۇۋۇق.
پارس مۈشۈكلىرى قىزىتقان تانسا
قىزىل كۆز، يېشىل كۆز جانلىرىمغا زىق.

مۇھەببەت ـ چۈشىنىش، ئىشەنچ، ئەلۋەتتە
چۈشىنىش، ئىشەنچلا ئەمەس مۇھەببەت.
غەرەزسىز بېغىشلاش، بېرىلىش، ئاتاش
ئىشلىش، چىدىلىش، يۇغۇرۇلۇش پەقەت.

## ئاخىرقى ئۇچرىشىش

ئورۇندۇق تاش،
ئۈستەل تاش.
ئىككى گەۋدە روبىرو،
ساڭگىلىغان ئىككى باش،
قەدەھلەرلىق خىيالدىن،
قەدەھلەرگە يوق بوشاش.
ئۆزۈك ـ ئۆزۈك ئاھ ئۇرۇش،

تارام ـ تارام ئىسسىق ياش.
ئۆنسىز ئۆتتى سائەتلەر،
قىز قېشىدەك قارىيىپ
بارار ئەنە ئۇپۇق، قاش.
ئىس ئۆرلەيدۇ ئاسمانغا،
هالقا ـ هالقا زەنجىردەك،
ئۈزۈلىدۇ هالقىلار
چۈشىيدۇ دەز ـ ئاراش،
باشتا بەرگەن قەسەمدەك،
ئاھ ئۇرۇشلار گىچ ـ ماچ...
تاش باغرىنى ئېرىتىپ
تۆكۈلىدۇ ئىسسىق ياش.

## كۆۋرۈكسىز دەريا

سەن ئۇ قاتتا، مەن بۇ قاتتا،
ئارىمىزدا بىر دەريا.

سەن بۇ قاتتا تەلپۈنەرسەن،
مەن ئۇ قاتتا مەھلىيا.

سەن ئۇ قاتتىن گۈل ئاتىسەن،
مەن تۇتالماي ئاۋارە.
كۆۋرۈكى يوق تەلۋە دەريا
گۈلنى يۇتار هامانە.

پاك مۇھەببەت بەردىڭ، ئىگەم،
ئارىمىزغا ئوت سېلىپ.
كۆيىمىز شۇ ئوتتا كۈن ـ تۈن،
كۆزگە ئاچچىق ياش ئېلىپ،

يەتتى بەس، كۆرگەن تاماشاڭ،
يا ئارىغا كۆۋرۈك سال.
ياكى بىزدىن سۆيگۈ ئاتلىق
بۇ شېرىن دوزاخنى ئال.

ئېلى زايىت

## قىسنىما ماڭا

چاچلىرىمغا سانجىلدى ئاقلار،
قۇرامىغا يەتتى قىز ـ ئوغۇل.
ئۆز قولۇمدا كۆمگەن قەبرەڭدىن
ئۈنۈپ چىقتى تالاي قېتىم گۈل.

كۆز يېشىممۇ قۇرۇدى ئاخىر،
تەقدىرىمگە بەردىم مەنمۇ تەن.
ئۇنتۇپ كېتەي دەيمەنۇ، لېكىن
چۈشلىرىمگە دائىم كىرىسەن.

ئاق لىچەكلىك گويا ئاپئاق قار،
خۇش تەبەسسۇم قىلىپ كېلىسەن.
مەن تەلپۈنگەن گويا بىر بوۋاق،
قۇچىقىڭغا كىرىپ كېتىمەن.

مەندىن ئاران ئالغىنىڭ كېپەن،
ئەمما ماڭا بەرگىنىڭ چەكسىز.
سەندە قىلچە قالمىغان ھەققىم،
مېھرىڭ ئانا، دېڭىزدۇر تەگسىز.

پانى ئالەم مۇشەققىتىنى
تارتقانىدىڭ بىرلا مەن ئۈچۈن.
ئارامىڭنى ئالماي ئەمدى ھەم
چۈشلىرىمنى يوقلايسەن نېچۈن؟

جەننەتتىمۇ مېنىڭ غېمىمنى
يەۋاتامسەن، ئاھ جېنىم ئانا؟
بىزمۇ جەننەت قوينىدا بولغۇن،
ئەمدى ھەرگىز قىسنىما ماڭا!

www.uyghurkitap.com



# كۈلۈمسىرەش

مۇھەممەتسالى مەتروزى

(ھېكايە)

ئۇ بېشىنى ئاستا كۆتۈردى. ئايالى يېنىدا يېنىك پۇشۇلداپ ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇ چۈش كۆرۈۋاتقان بولسا كېرەك، چىرايلىق مەڭزىلىرىدە تاتلىق كۈلۈمسىرەش جىلۋىلىنەتتى ۋە لەۋلىرىنى بىلىنەر-بىلىنمەس يالاپ قوياتتى. بۇ لەۋلەر ئۇنىڭغا ئەڭ بۈيۈك لەززەتلەرنى بېرىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ بۇ لەۋلەرگە قانمايتتى. پەقەت مۇشۇ لەۋلەرلا ئۇنىڭ كۆڭلىنى خۇشاللاندۇرۇۋاتقانلىقىنى ئۇ ناھايىتى ئوبدان چۈشىنەتتى. ئۇ ئاياللارنىڭ لەۋلىرىنىڭ نېمىشقا بۇنداق سېھىرلىك ئىكەنلىكىنىڭ تەكتىگە زادىلا يېتەلمەيتتى. ئاۋۋالقى ئايالىنىڭ لەۋلىرىمۇ مانا مۇشۇ لەۋلەردەك ئىدى. ئۇ بۇ لەۋلەرگىمۇ قانمايتتى. بىراق، ئۇ لەۋلەر ھازىر...

ئۇ چىراغنى ئۆچۈرۈۋەتمەيلا يېتىپ قالغىنىنى سېزىپ ئاستا سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ كارىۋاتتىن چۈشتى. كارىۋاتنىڭ باش تەرىپىدىكى تامغا ئورنىتىلغان كىيىم ئىلغۇچتىن كېچىلىك يەكتىكىنى ئېلىپ كىيدى ۋە دېرىزە تۈۋىدىكى كارىۋاتتا ئۇخلاۋاتقان تۆت-بەش ياشلار چامىسىكى ئوغلىنىڭ يېنىغا كەلدى. بالا دىقماق قوللىرىدا ئۇستىگە يېپىپ قويۇلغان يۇمشاق يېلىك ئەدىيالنى چىڭ تۇتۇۋالغانىدى. بېشى پەر ياستۇقتىن چۈشۈپ كەتكەنىدى. ئۇ بالىنىڭ بېشىنى ئاستا ئوڭشىدى ۋە بىر پەس تىكىلىپ قاراپ جىممىدە تۇردى، ئاندىن ئېڭىشىپ بالىنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدى.

ئۇ دېرىزە ئالدىغا كەلدى. پەردە چۈشۈرۈكلۈك ئىدى. پەردىگە بىر جۈپ قۇش كەشتىلەنگەنىدى. بۇمۇ مەيلى، ئاياللارنىڭ قۇشقا ھېرىسمەن بولۇشى ئاسان ئەمەس. ئۇ بىرقانچە ئۈلپەتداشلىرىنىڭ ئۆيىگە كىرگەن، دېرىزە پەردىلىرىگە قارىغان، بىراق، قۇش كەشتىلەنمىگەن. ئاللىقانداق گۈللەر، گۈلدەستىلەر، خاتىرىلىك يىلنامىلەر كەشتىلەنگەنىدى. گۈل كەشتىلەش — 15-16 ياشلىق قىزلارنىڭ مىجەزى. يىگىتكە ياخشىچاق كۆرۈنۈش ئۈچۈن قولياغلىقلىرىغا ئۆزلىرى خالىغان گۈل نۇسخىلىرىنى كەشتىلەپ سوۋغا قىلىشىدۇ.

ھېلىمۇ خۇدا ساقلاپتۇ، بۇ خوتۇن گۈل كەشتىلەپ كۆنمەپتىكەن، بولمىسا، ئاشۇ چاغلىرىدا بىرەر يىگىتكە... خۇدا، بىر قوۋۇرغىسى كەم بۇ بەندەڭنى، ھەرگىز ئۇنداق يامان ئويغا سالمىغان بولغىيتتىڭ... يەنە ھېچنېمە دېمۇ بولمايدۇ ... نېمىشقا ئۇنى ئېلىشتىن ئاۋۋال گۈل كەشتىلەشنى بىلىدىغان ـ بىلمەيدىغانلىقىنى سورىۋالمىغاندىمەن ...ئېسىم قۇرۇسۇن، خۇدايىم...

ئۇ ئىشكاپ يېنىغا كەلدى. ئىشكاپ ئۈستىگە تىكلەپ قويۇلغان نەقىشلىك رامكارەڭلىك ــ رەڭسىز سۈرەتلەر بىلەن توشقانىدى. سۈرەتلەرنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن چوڭ تارتىلغىنى ــ ئايالى بىلەن ئۆزىنىڭ قول تۇتۇشۇپ چۈشكەن يېرىم گەۋدىلىك رەڭلىك سۈرىتى ئىدى. ئۆزىغۇ يامان ئەمەس تۇرۇپتۇ. بىراق، ئايالى...«خوتۇن خەق دېگەن سۈرەتكە چۈشسە ئۆزىنى پەردازلەپ قىلمىغانلىرى قالمايدۇ. قاش، كۆزلىرىنى ئويىنىتىپ چىرايلىق چۈشۈۋالىدۇ. مەقسىتى ــ ئەركەكلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىش. بۇلارنى كىم بىلمەيدۇ؟ قىز نېمىلەرغۇ مەيلى، ئىككى بالىنىڭ ئانىسى بولۇپ تۇرۇقلۇق ـ ھە؟ بويىنىغا ئېسىۋالغان مارجىنچۇ تېخى..». ئۇنىڭ ساقال باسقان ياغاق يۈزلىرى قورۇلدى. ئويقۇچان كۆزلىرى كىچىكلىدى. ئېغىر ـ ئېغىر تىندى ... سۈرەتتىكى ئايالىنىڭ بويىنىدىكى خىنە رەڭلىك مارجان قايرىما ياقىلىق كۆڭلىكىدىن كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان قوش كۆكسىنىڭ ئۈستى تەرىپىدە يارىشىملىق تۇراتتى. ھە، راست، بۇ مارجاننى سۈرەتكە چۈشكەندە ئۆزۈم مەجبۇرلاپ ئاستۇرغانىدىم، ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكىلى تاس قاپتۇ. ئۇ كەينىگە تۇتۇۋالغان قوللىرىنى ئالدىغا ئالدى. يېنىككىنە قاس چىقىرىپمۇ قويدى. كۆزلىرىدە باياتىنقىغا ئوخشىمايدىغان بىر خىل نۇر تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ، تۈرۈلگەن قوشۇملىرىمۇ ئەسلىگە كەلدى...ئېسىت دۆتلۈكۈم...ئۇ دېگەن توي قىلىپ ئەتىسىلا چۈشكەن سۈرەت. ئۇ چاغدا خوتۇن تېخى قورساق كۆتۈرمىگەن، تۇغمىغان... ئۇ ھوزۇرلىنىپ مىيىقىدا بىر كۈلۈپ قويدى. خوتۇننى بىكاردىن قاغاپ كەتكىنىم نېمىسى...ئۇ ئارقىغا بۇرۇلۇپ، ئايالىغا قاراپ قويدى. يۈزلىرىدە خىجىللىق. بۇ ــ ئۇنىڭ ئايالىنى تۇنجى قېتىم تىللىشى ئىدى. ھېچقىسى يوق. خوتۇن دېگەننى مۇشۇنداق چىڭ تۇتمىسا، تاپتىن چىقىدۇ. چىڭ تۇتتۇڭمۇ، قولۇڭدىن تىنىچ دېگەن گەپ...ئۇ سۈرەتكە بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ئايالى ياتقان كارىۋاتنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدى.

ئايالى تىنچقىنا ئۇخلاۋاتاتتى. يوتقاننىڭ ئۈستى تەرىپى كۆكسىنىڭ تۆۋىنىگە چۈشۈرۈۋېتىلگەن، ئۇ ئوڭدىسىغا ياتاتتى. ئوڭ قولى يوتقاننىڭ ئۈستىگە تاشلانغان، ئۇنىڭ چوقچىيىپ چىققان تولۇق كۆكسى ئاپئاق روباشكا ئىچىدە دەممۇ دەم دولقۇنلىناتتى. ئۇ ئۇنىڭغا قارىغىنىچە تۇرۇپلا قالدى. نېمانچە چىرايلىق. بۇ جەزىبىدار ئەمچەكلەر ئۇنىڭغا تەئەللۇق. شۇڭا ئۇ ئۇنى ناھايىتى ئاسرايدۇ، گويا تېگىپ كەتسىلا ئېتىلىپ كېتىدىغاندەك ئېھتىيات بىلەن سىيلايدۇ.ئادەم بوۋاق چاغلىرىدىلا ئانىلار كۆكسىگە باغلىنىدۇ. بوۋاقلارنىڭ پۈتكۈل بەدىنىدىن پۇرايدىغىنى ــ ئانىلار كۆكسىدىن تامغان سۈت. نارەسىدە قىزلارنىڭ رەندىلىۋەتكەن تاختىدەك مەيدىسى بالاغەتكە يەتتىمۇ، ھۆپپىدە كۆتۈرۈلۈشكە باشلايدۇ، مەيلى تەن گۈزەللىكىدىن پاك

لەززەتلىنىدىغانلار بولسۇن، مەيلى يېتىم ھەۋەس كۆچىدىن كۆز تاشلايدىغانلار بولسۇن، بۇ ئۇلارنىڭ ئاشكارا كۆز تاشلاشلىرىنىڭ، يوشۇرۇن ماراشلىرىنىڭ ئوبيېكتى، ئادەمدە بوۋاق چېغىدىكى ئانىلار كۆكسىگە بولغان تەلپۈنۈش يوشۇرۇن ساقلىنىدىغان ئوخشايدۇ...ئۇ ئايالنىڭ كۆكسىنى مۇقەددەس بىلىدۇ. ئاياللارنىڭ كۆكسى بىلەنمۇ ئۇلۇغلۇقىنى، ئۇلارنىڭ گۈزەللىكىنىڭ كۆكسىگە مۇجەسسەملەنگەنلىكىنى ئۇ چۈشەنمەيدۇ، چۈشەنمەيدۇ ـ يۇ، ئۇنى ئەزىزلەيدۇ...ئۇنىڭ قاردەك ئاپئاق بويىنى، ئۇ بۇ بويۇنغا قانچە قېتىملاپ گىرە سالغان. ۋاي بەك قىچىقىم كەپ كەتتى...خوش بولاي... دېگۈچە ئەركىلەتكەن. بۇ بويۇنغا ئۆز قولى بىلەن ئاشۇ رەڭدار سۈرەتتىكى مارجاننى ئېسىپ قويغان...

ئۇ ئايالنىڭ يېنىدا ئولتۇردى. ئىنچىكە ئۇلىما قاشلار، بىر ـ بىرىگە ھەم جىپسىلەنگەن قاپقارا كىرپىكلەر، سۆيۈشكە ئىنتىلىپلا تۇرىدىغان لەۋلەر، بۇ لەۋلەر ئارىسىدىن مارجىشىپ تۇرغان قاشتېشىدەك ئاپئاق دانە ـ دانە چىشلار...

ئۇ ئايالنىڭ سۈس قان ئۇرغۇپ تۇرغان مەڭزىگە تىكىلدى. تۇۋا، نېمانچە كېلىشكەن چىراي ـ بۇ، كاساپەتنىڭ؟...ئۇ ئايالنىڭ مەڭزىلىرىنى كۈنىدە كۆرۈپ تۇرىدۇ. ئەمما، ئۇ بۈگۈنگىچە ئۆز ئايالنىڭ مەڭزىنىڭ مۇنچە گۈزەل ئىكەنلىكىگە دىققەت قىلمىغانىدى. بۇ ـ ئۇنىڭ تۇنجى قېتىملىق دىققەت قىلىشى، تۇنجى قېتىملىق ئىنچىكە سەپ سېلىپ قارىشى ئىدى. ھازىرغىچە نېمە ئۈچۈن دىققەت قىلمىغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيدۇ.

ئۇ قولىنى ئاستا ئۇزىتىپ، ئايالنىڭ پېشانىسىگە چۈشۈپ قالغان بىرنەچچە تال چاچنى ئېھتىيات بىلەن ئېلىۋەتتى. «مۇشۇ چىراي ماڭا تەئەللۇق ـ ھە؟...» ئۇنىڭ چاچلىرى كەڭ ياستۇقتا تەكشى يېيىلىپ ياتاتتى. ئۇ ئايالنىڭ قولىنى ئاستا چۈشۈرۈپ يوتقانىنى يۇقىرىغا تارتىشتۇرۇپ قويىدى. «گۈل...گۈل...خوتۇنىنىڭ مۇشۇ مەڭزى... تۇۋا، ئادەمدىمۇ مۇشۇنداق چىراي بولىدىكىنا. مۇشۇ پەرىشتە سۈپەت چىراي بىلەن...ئۇنىڭ مۇشۇنداق چىرايى تۇرۇپمۇ مەن بىلەن توي قىلغان ـ ھە؟... ھېچنېمە دەپ بولمايدۇ، بەلكىم خوتۇن كىشى دېگەن ئەرخەقلەرگە باشقىچە كۆز بىلەن قارايدىغاندۇ...»ئۇ ئايالنىڭ سۈزۈك مەڭزىلىرىگە بىر ھازا قاراپ تۇردى.

ئۇ ئىشكاپ ئالدىغا كەلدى. چوڭ تىكلىمە ئەينەكتە ئۆزىنىڭ ئەكسى. يۈزلىرىنى ئانچە ـ مۇنچە ئاق ئارىلاشقان ساقاللار باسقان. بۇ ساقاللار ئۇ يەر ـ بۇ يەرلەردىكى قورۇقلارنى يوشۇرالمىغان، قېلىن قارايغان كالپۇكلىرى، قاڭشارلىق بۇرنىنىڭ تۆشۈكلىرىدىن سىرتقا ئازراق چىقىپ تۇرغان تۈكلەر، بۇ تۈكلەر ئاستىدىكى قاپقارا ئۆسكىلەڭ بۇرۇتلار. ئورۇق، سوزۇنچاق بويىنى، ئەگمەچ يىلتىزدەك بوغدىيىكى، بىر ئاز ئولتۇرۇشقان بىر جۈپ كۆز، شالاڭ قاشلار...«ئەر دېگەنگە قاش لازىممىتى...» ئۇ قاشلىرىنى سىيلاپ قويىدى. كەڭ پېشانە، ئۇنىڭدىلا ئۆسۈپمۇ كەتمىگەن چاچلار. مەن دېمەتلىكلەرنىڭ بەزىلىرى ئاقباش، بەزىلىرى تاقىر باشقۇ؟...

ئۇ ئەينەكتىكى چىرايىغا خېلى ئۇزاق قاراپ تۇردى. ھېلىمۇ ئىسكەتىم يامان ئەمەسكەن. ئۇنىڭ ماڭا تېگىشىمۇ ئارتۇقچە ئەمەستەك تۇرىدۇ. بىراق، يەنىلا مەندىن

چىرايلىق...مەزلۇم كىشى دېگەن چىرايلىق بولمىسا بولامتى؟ تېخى سەت خوتۇنلارنى ئېلىپ قالغانلارنىڭ چىرايىغا سۇ قۇيۇپ ئىچكىلى بولامدۇ، دەيدىغانلىرىمۇ بار...ھېلىم سەرخۇشنىڭ خوتۇنچۇ...تازىمۇ بىرتەمرەتكىدىن سۈزۈۋالغاندەكلا خوتۇن... چىرايىغا باقماي، قاشلىقنى بولۇشىغا ئېتىپ، ئۇزۇن پايپاق تارتىپ يۈرۈشلىرىنى كۆرمەمدىغان؟...

ناۋادا ماڭا ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىش زۆرۈرىيىتى بولۇپ قالغان بولسا، تويلۇقنى خوتۇن تەرەپنىڭ ئۆزلىرى ئالسىمۇ توي قىلمايتتىم، قىلغان تەقدىردىمۇ ئۇنداق خوتۇننى تويىنىڭ ئەتىسىلا ئانىسىنىڭ قولىغا تۇتقۇزاتتىم ۋە يا يولنى بوسۇغىغا تەتۈر قىلاتتىم...

«چىرايلىق چىرايلىق ئەمەس، كۆيگەن چىرايلىق» دېيىشىدۇ تېخى...چىرايلىققا كۆيۈپ ئارماندا قالغان بىچارىلەرنىڭ تاپقان گېپىغۇ ھەممىسى... خۇدانىڭ قارغىشى تەگكەن نېمىلەر...پېشانىمىزگە پەيغەمبەر سۆيگەن بىزدەك ئەركەكلەر كەم تېپىلىدۇ، جاھاندا... بىزدەكلەرگە تېگىۋالغان چىرايلىقلار خۇشلۇقىدىن ياغلىقىنى ئاسمانغا ئاتسىمۇ ئەرزىيدۇ.

ئۇ كارىۋات يېنىغا كەلدى. ئايالىنىڭ چېھرىدە يەنىلا كۈلۈمسىرەش.

ئۇنى ئايالى ھامان بوسۇغىدا كۈتۈۋالىدۇ...ئۇنىڭ ئۈستىنى قېقىشتۇرىدۇ... ئايالى جاۋۇردا يېرىم دېگۈدەك سۇ ئېلىپ كەلدى...

— تىزلىرىغىچە يۇسىلا...

— ئەكەلسىلە، مەن ئېرىتىۋېتەي...

— باشلىرىنى ياستۇقتىن ئېگىزرەك چىقىرىپ ياتسىلا، بويۇنلىرى ئاغرىپ قالمىسۇن يەنە...

— ئازلا تەخىر قىلسىلا، ئىسسىقلا بىر تەخسە سېلىپ بېرەي...

مەزىلىك قورۇمىنىڭ پۇرىقى...

ئۇ پىيالىدىكى ئاش سۈيىدىن ئوتلاپ ھۇزۇرلىنىپ كېكىرىۋەتتى....

— خوتۇنىڭىزنىڭ قولى بەكلا تەملىك جۇما! بىزنىڭ خوتۇننىڭ ئەتكەن پولورى سەي بولالمايدىكەن بۇنىڭ ئالدىدا.

— خوتۇن دېگەن ئەرگە بېقىپ بولىدۇ، ئاداش!...

— خوتۇنىڭىزنى شاگىرتلىققا بېرىڭلار بولمىسا...

— ها... ها...

— بىزنىڭ خوتۇن سىلىنىڭ خوتۇنىنى تەربىيىلەپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن بەرسەكمۇ ئۆلگۈرىمىزغۇ تېخى؟...

ئىلگىرى ئاشپەزلىكمۇ قىلىپ باققانمىدۇ - يە؟... ياق، بۇ مۇمكىن ئەمەس. مېنى ئاشپەز خوتۇننى ئاپتۇ، دېسە بۇ سەتچىلىكنى...

ئۇنىڭ ئېسىدە: بىرىنچى خوتۇننى تاماقنى ئوخشىتىپ ئېتەلمىگىنى ئۈچۈنلا تالاق قىلدى. ئۇ ئۇنىڭ كۆز ياشلىرىنى ئېقىتىپ، بوغجىمىلىرىنى قولتۇقىغا قىستۇرغۇزۇپ ئىشىكتىن چىقارغاندىن كېيىن، يا قولىنىڭ تەمى يوق شور پېشانىنىڭ، قولىنى چاتىرىقىغا قويۇپ ياتامدىكىنە - يا؟... دەۋېتىپ يېنىك ئۇھ تارتقان...

خوتۇن دېگەننىڭ ئاش - تاماقتا قولى كەلمىسە، قانداق قىلغۇلۇق ئەمدى؟ سېغىپ ئىچىدىغان كالا بولمىسا يا ئۇ، ئۆزگە قىلدى بىچارە، ئىككى ئايلا خوتۇن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولۇپ... سوپىيەك دېگەنچۇ، تېخى ئۆزىنى سوفىيە، دەپ ئاتىۋالىدۇ. تېگى پەس، ھە دېسە نوچىلىق...

ئىككىنچى قېتىم ئەمرىگە ئالغان خوتۇنىنىڭ ئېتى — سوفىيە ئىدى. ھە دېسە قاش-كۆزلىرىنى ئويىنىتىپ يۈرۈش... بىر ئەرنىڭ ئىلكىگە ئۆتكەندىن كېيىن ئۆزىنى بىلىپ يۈرسىچۇ بەدخۇي... دېگەنىدەك بىر تالاي قۇسۇرلىرى بىلەن خېتىنى بەردى. بىر مەزگىلگىچە سوفىيەنىڭ يۈز-كۆزلىرىگە باياشات سۈرتۈلگەن يۈز مېيى، قېلىن قاشلىقلار، سۈرمىلەر، قېنىق بويالغان لەۋلەر... ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن كەتمىدى. ھەر قېتىم شۇلار كۆز ئالدىغا كەلگەندە، تىنتاڭ تومۇرلىرى شاپشىيدۇ ئۇنىڭ... شۇنداقتىمۇ ئالدىدىكى كاردىۋاتتا شېرىن ئۇخلاۋاتقان ئايالىغا بىلدۈرمەي ھەر ئايدا 50 يۈەن بېرىپ تۇرىۋاتىدۇ. بۇنى كونا ئايالى سوفىيە بىلەن ئۆزىلا بىلىدۇ.

بىكاردىن-بىكار ئىككى بالىنى يېتىم قىلدى... ھەي... شۇ ئىككى بالىنى بېقىش ئۆڭغا ئوڭايمۇ؟... ئۆز ۋاقتىدا مەندەك بىر ئېرىگە شۈكرى قىلغان بولسا، ئۆزىگە بۇ ئىشمۇ يوق... كۆندەشلىك قىلىۋاتىسەن، ۋەھاكازا... دەيدۇ تېخى قىلغىنى بىلەن ھېسابلاشماي...

سەھرادىنمۇ مۇشۇنداق قاملاشقان مەزلۇملار چىقىدىكەن. شەھەرنىڭ سەتەڭ نېمىلىرى شۇنچە چىرايلىق كىيىنىپ، قاشلىرىغا سۈرمە تارتىپ، يۈزلىرىگە ئاق ئۇن چاچقاندەك ئۇپا سۈركەپ يۈرسىمۇ سەھرادىن كەلگەن بۇنداق خوتۇنلارغا يېتىشەلمەيدۇ...

نېمىشقىدۇ ئۇ ئايالىغا بۈگۈنكىدەك دىققەت قىلىپ باقمىغان، ئايالىنىڭ گۈزەللىكىدىن ھۇزۇرلىنىپ باقمىغان... ئادەملەر شۇنداق يارىتىلغان مەخلۇق ئوخشايدۇ، بەزىدە ئۆز يېنىدىكى نەرسىنىڭ قىممىتىنى كېچىكىپ ھېس قىلىدۇ، ھەتتا مەڭگۈ ھېس قىلالمايدۇ...

ئۇنىڭ ھېس قىلىشىچە، ئۇنىڭ ئىلگىرىكى خوتۇنلىرى بۇ خوتۇنىنىڭ قولىغا سۇ قۇيۇپ بېرىشكىمۇ يارىمايدىكەن...

ئۇنىڭ تېخى تۈنۈگۈنكىدەك ئېسىدە تۇرۇپتۇ، ئايالى بىلەن بىر ئۆيدە بولۇپ، كۆپ ئۆتمەي، ئىشداشلىرى ئۇنىڭدىن:

— پەرى ئەكىلىۋاپسەنغۇ پەرى، نەدە چوڭ بولىدىكەن بۇنداق گۈزەللەر؟ — دەپ سورىغان. ئۇ گېزىت قەغىزىگە ئورىۋالغان موخوركىسىنى بىرنەچچىنى شورىۋەتكەندىن كېيىن، ئىستا چەمبىرەك ھاسىل قىلىۋېتىپ، ئۇلارغا قاراپ:

— ھېلىمۇ چوڭ ئانامنىڭ كۆزى بارىكەن جۇمۇڭلار، تۇغقانلار كۆرسەتكەننى ياراتماي، مانا مۇشۇ خوتۇننى ئېلىپ بەردى. شەھەر دېسە چوڭ بىلىدىكەن ئەمەسمۇ سەھرالىق دېگەن، بۇ شەھەردە ئىشلەيدىغانلىقىمنى ئاڭلاپ، ئاتا-ئانىسىنىڭ پۈتى تۆت بولدى. غاچچىدە ئاددىيلا توي قىلىپ ئەكېلىۋالدىم، — دەپ جاۋاب بەرگەن.

مانا ھازىر شۇ خوتۇن ئىككى بالىغا ئانىمۇ بولۇپ قالدى.

ئۇ ئايالىغا قارىغىنىچە خېلى ئۇزاق ئولتۇردى. ئۇشتۇمتۇت ئورنىدىن تۇرۇپ، جايىدا تۇرۇپلا قالدى. ئەجەب كۈلۈپ ياتىدىيا-بۇ؟ ئادەتتىغۇ مېنى كۆرگەندە شۇنداق كۈلىدىغان، ئۇخلاۋېتىپمۇ كۈلۈپ ياتقىنىنى. كۈلۈپ يېتىشىدا چوقۇم بىر گەپ بار. يېپىنغان يوتقىنىنىمۇ ئىككى قېتىم تارتىپ قويىدۇم، -تېخى... ئۇنى ئىختىيارسىز

سوغۇق بىر سېزىم چۇلغىۋالدى. مەن بار چاغدىغۇ ئۆيدىن تالاغا چىقمايدۇ، بازارغىمۇ ئۆزۈم ھەمراھ بولۇپ بارىمەن. مەن يوق چاغلاردا ... ئۇنىڭ كۆزلىرى چوڭ - چوڭ ئېچىلدى ... كۇلۇپ يېتىشىدىن قارىغاندا... ئۆي ئايالى دېگەننى... مۇشۇنداق چىراي بىلەن...

ئۇنىڭ يادىغا چوڭ ئانىسىنىڭ نەسىھەتى چۈشتى. بىر كەچلىكى چوڭ ئانىسى ئۇنى يېنىغا چاقىرتىپ، ئورۇق، قېتىشقان قوللىرىدا ئۇنىڭ قوللىرىنى سىيلاپ تۇرۇپ:

— ئوبدان ئوغلۇم، ياشلىرى بىر يەرلەرگە بېرىپ قالدى. ئاپىلىرى رەھمەتلىك بولغان بولسىغۇ ئىشنىڭ يولىنى بىلەتتى. ئىككى ئۆيلۈكمۇ بوپ قاللا، ئەمدى ئاجرىشىپ يۈرسىلە، ئۆزلىرىگىمۇ سەت، بىزگىمۇ... — دېگەندەك سۆزلىرىنى قايتا تاپىلىغان.

بىزمۇ تېخى ھالىغا باقماي، ئوتياش ئالغىلى چىقىسىمۇ كىيىملىرىنىڭ نوچىسىنى كىيىپ چىقىدۇ. چاچلىرىنى تاراپ، ئەينەككە قاراپ كېتىدۇ. تېخى... مەن يوق چاغلاردا... شەھەرلىكنىڭ ئۇرۇقىدىن بوپ قالغان بولسىغۇ ئىشنىڭ چوڭى بارىكەن... ئاخشاملىرى يوتقانغا كىرسە، بەدەنلىرىدىن، چاچلىرىدىن ئەتىر پۇرايدۇ، كىچىك باللاردەك ئەركىلەشلىرىچۇ تېخى. ئەگەر مۇشۇ پېتى قويۇۋېتىدىغان بولسام، — ئۇنى غەيرىي بىر كۈچ قاتتىق يۇلۇپ تارتقاندەك بولدى، — رەھىم نەس تېلېۋىزوركۆرگەننىباھانەقىلىپ، دائىم ئۆيگە كىرىۋالىدۇ. ئۇ دېگەن چىرايلىق خوتۇنلارنى كۆرسە جېنىنى ساتىدىغان نېمە... ئىككى بالىغا دادا بولۇپ سالاپەتلىك يۈرگەندەك قىلغان بىلەن... شۇنىڭدىن ھەزەر قىلمىسام بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ.

ھەي!... رەھىم نەس...

رەھىم نەس ئۆيگە كىرىپ كەلدى. كۆزلىرىدە شەھۋانىي ئۇچقۇن... ئۇنىڭ ئايالىغىلا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ئاستىرتتىن يوشۇرۇن قارايتتى. ئۇنىڭ تېنى شۈركىنىپ كەتتى.

بۇنداق چىرايلىق خوتۇنغا كىمنىڭمۇ، قايسى بىر ئەركەكنىڭمۇ كۆزى چۈشمىسۇن؟... ئۆزۈممۇ بۇرۇنقى ئىككى پەسەنددىنى چىرايلىق بولغىنى ئۈچۈنلا خوتۇنلۇققا ئالغان ئەمەسمىدىم؟ ... ئۆزۈمگە توۋا...

بۇ سىر ئۇنىڭ ئۆزىگىلا تەئەللۇق. ھېچكىمگە ئاشكارىلانمىسۇن. ئۇ يالغان ئېيتمايدۇ. راست، مەڭگۈ ئاشكارىلانمىسۇن. بۇ سىر يەرلىكمۇ ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن قوشۇلۇپ كىرىپ كەتكىنى ياخشى. چىرايلىق ئاياللارنى خوتۇنلۇققا ئېلىش جىنايەت ئەمەس. كىتابلاردىمۇ «چىرايلىق ئاياللارغا ئۈچ قەدەم نېرىدا تۇرۇپ قاراش — ساۋاب» دەپ يېزىلغان. زۇلەيخانىڭ بارماقلىرىنىڭ توغرىلىنىپ كېتىشىگىمۇ يۇسۇفنىڭ چىرايلىقلىقى سەۋەب بولغان. ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن دۇنيادا ھەممىسى قارشى جىنستىكى چىرايلىقلارغا باغلىنىدىغان ئوخشايدۇ.

ئۇ گادىرماچ ئويلار بىلەن ئايالىنىڭ يېنىغا كىرىپ ياتتى — «بۇ خوتۇن ياز كۈنلىرى تېخى ئىچىگە بەدەنلىرىنى قىسىپ تۇرىدىغان تار مايكىلارنى، ھەممە يېرى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان نېپىز كۆكلەكلىرىنى كىيىۋېلىشقا ئامراق... سەمەرقەنت قوشقىرىنىڭ قۇيرۇقىدەك سېمىز ساغرىسى ئادەمنىڭ زوقىنى قوزغايدۇ... كۆكسىلىرىچۇ تېخى... ماڭا قاراپ كۈلسىغۇ مەيلى... بىراق... باشقا ئەرخەقلەرگە... مۇشۇ چىراي بىلەن... ئۇخلىسىمۇ كۈلۈپ ياتىدۇ-يا؟

ئەجەب كۈلۈپ ياتىدۇ-يا...

ئۇنى ئاپالى ئويغاتقانىدى.

— يۇرسىلە، مېنىڭ ھۇجرامغا كىرىپ بىردەم ياتسىلا، بەكلا زېرىكىپ كەتتىم.

ئۇ ئاپالىنىڭ كەينىدىن ماڭدى. ئاپالى ئۇنى قولىدىن يېتىلىدى:

— مەن كىرىپ ئورنۇمنى راسلىغاچ تۇراي، كەينىمدىن كىرىۋەرسىلە.

ئاپالى ئۇنى كەينىدە قالدۇرۇپ ھۇجرىسى تەرەپكە ئىلدام مېڭىپ كەتتى.

ھۇجرىنىڭ ئىشىكى يېپىقلىق ئىدى، ئۇ ئىتتىردى، ئېچىلمىدى. ئاپالى ئۇنىڭغا چاقچاق قىلغانمىدى؛ ئۇ شۇنداق چۈشەندى. دېرىزىدىن كىرسەممۇ بولىدىغۇ... ئۆيىنىڭ ئىشىكى يوق چاغدىمۇ، دېرىزىلەردىن كىرىپ - چىقاتتۇق ئەمەسمۇ...

ئۇ دېرىزىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ئاپالى دېرىزىلىرىنىڭ ھەممە پەردىسىنى چۈشۈرۈۋېتىپتۇ.

ئۇ پەردىلەرنى تارتتى، پەردىلەر قىمىر قىلىپمۇ قويمىدى. ھۇجرىدىن پەس ئاۋازدا پىچىرلىشىش ئاڭلاندى. ئۇ قۇلىقىنى پەردىگە يېقىن ئەكىلىپ پىچىرلىشىشلارغا قۇلاق سالدى: بۇ شەك - شۈبھىسىزكى، ئاپالىنىڭ ئاۋازى. ئەرلەر ئۆز ئاپالىنىڭ ئاۋازىنى سان - ساناقسىز ئاپاللارنىڭ خور ناخشىسى ئارىسىدىنمۇ پەرقلەندۈرەلەيدۇ. بۇ ئەرلەرگە خاس ئەۋزەللىك. يەنە بىرى كىمدۇ؟

ئۇ پەردىنى بىر تەرەپكە تارتتى. پەردە مىدىرلاپمۇ قويمىدى. ھۇجرىدىكى پىچىرلىشىش ئۇنى جىددىيلەشتۈرۈپ، بىتاقەت قىلىۋەتتى. ئۇ بار كۈچى بىلەن پەردىنى بىر ياققا تارتتى. ئادەتتە قول تېگىپ قويسىلا ئۆزلۈكىدىن ئېچىلىپ كېتىدىغان پەردە بۈگۈن نېمە بولىدىكىن؟ ئۇنىڭ زەردىسى قاينىدى. ئۆز ئۆيىنىڭ پەردىسى ئۆزىگە بويسۇنمايۋاتسا، ئۇ ئاچچىقىدا پەردىنى قاتتىق بىر سىلكىدى. پەردە قۇش كەشتىلەنگەن يېرىدىن يىرتىلىپ كەتتى! ئاپالى كەشتىلىگەن قۇشنىڭ كۆزىدىنلا يىرتىلىپ كەتتى!...

ئۇ پەردىنىڭ يىرتىقىدىن ئاپالىنىڭ كارىۋىتىغا قارىدى، پەردىنىڭ يىرتىقىنى ئىنچىكە، بىر - بىرىدىن ئۆزگىچە شويلار توسۇۋالدى.

قۇشنىڭ يىرتىق كۆزلىرى ئۇنىڭغا قاش ئېتىپمۇ قوياتتى.

شويلار ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ سورۇنىغا تەكلىپ قىلىشتى.

ئۇنىڭ كىرپىكلىرىدىن تارتتى.

ئۇ ئۇلارغا بىر ھومىيىپ قويۇپ، كۆزىنى قولى بىلەن توسۇۋالدى.

ئۇ بىردىنلا ئۆي ئىچىدىكى كارىۋىتىغا ئولتۇرۇپ قالغانلىقىنى سەزدى.

ئاپالى ئۇنى يېنىغا چاقىرغىلى نەۋاخ...

ئۇ ئورنىدىن تۇردى.

ئۆيىنىڭ تورۇسىدىن ئاپالى يېتىۋاتقان كارىۋاتقا قارىدى.

ھۇجرا قالايمىقان كۆرۈندى.

ئاپالىنىڭ سايىسىمۇ يوق. ھېلىلا ئاپالى كىرىپ كەتكەن ھۇجرا مۇشۇ. خوتۇنىنىڭ مەن بىلەن مۆكۈ - مۆكۈلەڭ ئوينايدىغان خۇيى بار ئىدى. مەيلى ئىختىيارىچە ئويناۋالسۇن.

ئۇ تورۇسقا ئۆمىلەپ چىقىشقا باشلىدى. ئۇ تورۇستا مىڭ بىر بالادا ئۆمىلەپ يۈرۈپ، ئاخىرى دېرىزىنىڭ سىرتىغا چىقىۋالدى.

ئۇ كۆزىنى پەردىنىڭ يىرتىقىغا يېقىن ئەكەلدى. كۆزى پەردىنىڭ يىرتىقىغا كەپلىشىپ قالدى.

www.uyghurkitap.com

ئاھ! شەرمەندىچىلىك!... ئادەملەر دۇنياسىدا تېخى كۆرۈلۈپ باقمىغان بىردىنبىر شەرمەندىچىلىك!

ئۇ پەردىنىڭ يىرتىقىغا كەپلىشىپ قالغان كۆزلىرىدە قاراپلا قالدى. ئىككى قولى پەردىنىڭ يىرتىلغان ئارىلىقىنى، قۇشنىڭ يىرتىق كۆزلىرىنى ئىككى تەرەپكە تارتىپ تۇراتتى.

كۈندە ئايالى بىلەن بىرگە تۈنەيدىغان قوش كىشىلىك لەيلىمە كارىۋات. كارىۋات ئاستىدا ئىككى جۈپ ئاياغ، ئاياغلارنىڭ ئۈستىگە پايپاقلار قالايمىقان تولۇپ كەتكەن. ئۇ كارىۋاتقا قاراپ قېتىپلا قالدى: كارىۋاتتا زور مۆجىزە.

ئايالى ئۇنىڭغا قاراۋاتاتتى. قاراپ كۈلۈشكە باشلىدى.

— قاراڭ رەھىم، ئۇنىڭ شۈمشىيىپ تۇرغىنىغا.

— ھا ... ھا ... ھا ...

ئۇنىڭ ئايالىنىڭ بوينىغا گىرە سېلىپ، چېچىنى پۇراپ ياتقان رەھىم ئۇنىڭغا قاراپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. كۈلكە ئۇنىڭ كۆزىنى ئاغرىتىۋەتتى.

— كارىڭىز بولمىسۇن جېنىم، — رەھىم ئۇنى ئۆزىگە تارتىپ مەھكەم قۇچاقلىدى، يۈز - كۆزلىرىگە سۆيدى.

ئۇ رەھىمگە ئەركىلەيتتى، بەدەنلىرىنى كۆرسىتەتتى.

ئۇلارنىڭ ئۇنىڭ بىلەن كارى بولمىدى. ئۇنىڭ پەردىنىڭ يىرتىقىدىن قاراپ تۇرغىنىغا ئىرەن قىلمىدى. ئۇلار سۆيۈشەتتى، قۇچاقلىشاتتى، بىر - بىرىنى مۇجۇقلىشاتتى، ئېغىناقلىشاتتى...

ئۇ چىدىمىدى.

ئۇ پەردىنىڭ يىرتىقىنى كۆچەپ يىرتتى. مىڭ تەستە ئاران بېشىنى تىققۇدەك يىرتىلدى. يوچۇقتىن بېشىنى كىرگۈزدى. ئالدىغا دىۋەيلەپ ئېتىلدى. كەپلىشىپ قالغان كۆزىمۇ ئارام تاپقاندەك بولدى. پەردە قىمىرلاپمۇ قويمايتتى. ئۇنىڭ بويىنىنى پەردىنىڭ قىرلىرى ئېچىشتۇرۇشقا باشلىدى. ئۇ ھەدەپ كۆچەيتتى. يوچۇقنى كېڭەيتىشكە ئۇرۇناتتى، ئالدىغا ئېتىلاتتى. كۆزلىرى كارىۋاتتىن ئۈزۈلمەيتتى. كارىۋاتتا ئايالى رەھىم بىلەن ئانىدىن تۇغما ھالەتتە، قىپيالىڭاچ...

ئۇلار تۇيۇقسىز ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. بىر - بىرىنىڭ قولىنى تۇتۇشۇپ، ئۇ تەرەپكە خۇشال كۈلۈشكىنىچە كېلىشتى...

ئۇ تونۇيدىغان رەھىم. قوشنىلىرىمۇ تونۇيدۇ. ياشىرىپ ياپياش يىگىتنىڭ ئۆزىلا. ئېگىز بۇرۇنلىرى ئاستىدىكى چىرايلىق بۇرۇتلىرى، كەڭ، تەمبەل بەستى، تومۇرلىرى كۆپۈپ تۇرغان قوش بىلىكى، راست! رەھىم ياشىرىپ قالغان. ياغاق يۈزلىرىدىكى ساقالدىن ئەسەرمۇ يوق. ئورا كۆزلىرى ئۆزگەرگەن، پەرىشتىلەرنىمۇ ئۆزىگە جەلىپ قىلالايدىغان كۆزگە ئۆزگەرگەن. رەھىمنىڭ بۇ كۆزلىرىدىن نۇر يېغىپلا تۇرىدۇ. ئۇ يۈلۈنى ئۈزۈلگەن ئادەمدەك دوڭغاقشىپ ماڭىدىغان رەھىم ئەمەس، قامەتلىك، قىران يىگىت — رەھىم!

رەھىم ئۇنىڭ قىپيالىڭاچ ئايالىنى ئۆزىگە مەھكەم يېپىشتۇرۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىۋاتىدۇ، ئايالىنىڭ مەڭزىلىرىدە، كۆزلىرىدە، لەۋلىرىدە، قاش - كىرپىكلىرىدە، بويۇنلىرىدا... ھەممە ئەزايىدا ئادەم زاتىدا كۆرۈلمەيدىغان كۈلۈمسىرەش! مەڭگۈ كۆرۈلمەيدىغان... ئايالىنىڭ بەدەن - بەدىنىدىن كۈلكىلا يېغىپ تۇرىدۇ، مۇشۇلار

بىلەن ئۇنى ھەزىل قىلىۋاتىدۇ، ئۇنى بىچارىلاشتۇرۇۋاتىدۇ.

ئايالى ھەدەپ كۈلەتتى...

رەسىم بىر قولىدا ئۇنىڭ ئايالىنىڭ بېلىنى چىڭ تۇتۇۋالغانىدى. ئۇلار ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ كېلىپ توختىدى.

— يۈزسىز ئىپلاسلار! پاسكىنىلار...

ئۇنىڭ ئاۋازى تەرەپ - تەرەپتىن سادا قايتۇردى.

— يۈز... سىزئىپلا... سلار... پاس... كىنىلار ...

ئۇلار يەنىلا ھۇزۇرلىنىپ كۈلۈشكىنىچە، ئۇنىڭغا تېخىمۇ يېقىنلاشتى.

رەسىم بىردىنلا ئۇنىڭ گېلىدىن بوغدى. ئايالى پەردىنىڭ يوچۇقىنى تارايتىشقا باشلىدى.

رەسىم ئۇنىڭ گېلىدىن چىڭ بوغقىنىچە دېرىزە تەرەپكە سۆرىدى. ئايالى ئۇنىڭ پۇتلىرىدىن كۆتۈردى، — مانا ئەمىسە!

ئۇ ئۇلارنىڭ قولىدىن ئاجراپ بىنا دېرىزىسىدىن پەسكە موللاق ئاتقىنىچە ئۇچتى. تۆۋەن تەگسىز قاراڭغۇلۇق...

زېمىن كۆزگە چېلىقىدىغانىدەك ئەمەس...

ئۇ تۆۋەنگە شۇڭغۇماقتا...

ئاھ! ....

ئۇ ياتقان يېرىدىن چاچراپ قوپتى. يۈزلىرىدىن تەر چىپىلداپ قۇيۇلاتتى. بەدىنى ھەدەپ جۇغۇلدايتتى، چىشلىرى... ئۇ يېنىدا ياتقان ئايالىغا چۆچۈپ قارىدى. ئۇ باياتىنقىدەكلا ياتاتتى. يۈزىدە يەنىلا شۇ ئەسەبىي كۈلۈمسىرەش!

— يۈزسىز جالاپ! — ئۇ پەس ئاۋازدا ئايالىغا قاراپ ئاچچىق ئېيتتى. دېرىزىگە قارىدى، پەردىلەر ئۆز جايىدا.

ئۇنىڭ چىشلىرى قاتتىق كىرىشتى. پۈتۈن بەدىنى توختىماي تىترەيتتى، ئۇ ئورنىدىن تەستە تۇردى، ئۇ ماغدۇرسىزلانغان. ئايىغىنى پۇتىغا ساپقاچ، ئايالىغا قارىدى، چىرايى تۇرۇلدى.

ئايالىنىڭ تاتلىق تەبەسسۇم تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان ئاشۇ يۈزى ئۇنىڭ روھىنى قىيناۋاتىدۇ. خۇددى بىراۋ ئۇنىڭ يۈرىكىنى يىڭنە بىلەن تېشىپ قېنىنى شوراۋاتقاندەك قىيناۋاتىدۇ...

ئۇ ئۆي ئىچىدە بىر دەم ھەيكەلدەك جىملا تۇردى. بىر دەم ئۇۋۇسىنى ئىزدەۋاتقان چۈمۈلىدەك ئۇياق - بۇياققا ماڭدى. بۇلارنىڭ ھەممىسىگە — چۈشەكتە ھېچنەرسىدىن خەۋەرسىز ئۇخلاۋاتقان ئايالىنىڭ ئاشۇ كۈلۈمسىرىشى جاۋابكار ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى ئارامسىزلاندۇرۇۋاتقان ئاشۇ كۈلكىنى ۋەيران قىلىش ئۈچۈن.

چۈمبەل تارتقۇزايمۇ؟... ئۆيدىن تالاغا چىققاندا چۈمبىلىنى تارتىۋالسۇن. ئۆيگە ئەر مېھمان كىرگەندىمۇ چۈمبىلىنى تارتىۋالسۇن. بولۇپمۇ رەسىم نەس... ئېشەك... مۇناپىق جوھۇت... ئۇ كارىۋاتنىڭ يېنىغا كېلىپ ئايالىنىڭ يۈزىگە قارىدى. ئۇنىڭ قاراشلىرىغا ئاچچىق ئەلەم ئارىلاشقانىدى. موللىلىرىمىزنىڭ خوتۇنلىرى چۈمبەل تارتىشىپ يۈرمەمدۇ - ئەنە... چوڭ ئانامنىڭ قوشنىسى ئايشە قۇشناچىمۇ ھاسا توكۇلدىتىپ ماڭىدىغان ھالغا كېلىپمۇ چۈمبەل تارتىپ يۈرمەمدۇ؟... روسۇل موللامنىڭ يامانلىقى - دە، ئۇ... ئۇغۇ ياشلىقىدا تازا ئۇچىغا چىققان ئويۇنچى سېكىلەككەنمىش...

ئەلۋەتتە، بۇمۇ دۇرۇس. چۈمبەل

تارتىش ھاۋا ئانامنىڭ زامانىسىدىن بولۇپ كېلىۋاتقان يوسۇنغۇ؟ خوتۇن - قىزلارنىڭ پاك يۈزلىرىنى، كۆزلىرىنى ھارام كۆزلەرنىڭ نەزەرىدىن ساقىت قىلىش ئۈچۈن كونىلىرىمىز چۈمبەلنى ياراتقان. ئەسلىدە ئەرگە تەگكەن ئاياللار ئۇياقتا تۇرسۇن، بالاغەتكە يەتكەن قىزلارنىڭ ھەممىسىدە چۈمبەل تارتىش زۆرۈرىيىتى بولىدىغان. ھەر ھەر چوڭ موللىلىرىمىزنىڭ، مەخسۇملىرىمىزنىڭ ئاياللىرى، كېلىنلىرى، ھەتتا قىزلىرىمۇ چۈمبەل تارتىشىپ يۈرۈشەمدۇ؟

ئۇ روسۇل موللامنىڭ قولىدىكى ئايشە قۇشناچىمنىڭ بۇرۇن چۈمبەل تارتماي يۈرىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. راست، ئايشە قۇشناچىم بالدۇرقى ئەرلىرىنىڭ نىكاھىدىكى چاغدا چۈمبەل تارتماي يۈرەتتى. ئۇ مەزلۇم ياشلىقىدا تازا ئوينىۋالدى، يايرىۋالدى. ياشلىقىنىڭ لەززىتىنى تېتىۋالدى. ئەمدى ياشانغاندا خۇدا كۆڭلىگە ئىنساپ بېرىپ، چۈمبەل تارتىۋاپتۇ. چۈمبەللى بۇرۇنقى چۈمبەلسىز يىللاردىكى شوخلۇقلىرىنىڭ، كەم ئەقىللىقلىقىنىڭ ئىزنالىرىنى يېپىپ ۋېتەر...

ئۇ ئايالنىڭ يۈزىگە قارىغىنىچە باياتىنقى ئاچچىق ئەلەم دەستىدىنمۇ، باشقا سەۋەبتىنمۇ قۇشۇمىسىنى تۈردى. كۆڭلى بىر قىسمىلا بولدى. نېمىشقىمۇ ئويلىمىغاندىمەن، بۇ شەھەردە كىمنىڭ چۈمبەل تارتىپ يۈرگىنىنى كۆردۈم؟ چۈمبەل تارتىش ئۇياقتا تۇرسۇن، بەدەنلىرى مانا مەن، دەپلا كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان كىيىملەرنى كىيىشىپ يۈرمەمدۇ بۇ يەرنىڭ خوتۇن - خەقلىرى؟ ياز كۈنلىرى تاس قالدۇ تېخى كىيىم كىيمەيلا يۈرگىلى، خۇدا ساقلىسۇن ئۇنداق خوتۇنلار بىلەن بىر ئۆيدە بولۇپ قېلىشتىن، جاھان نېمە بولۇپ كېتىۋاتىدۇ بارغانچە... يېزا - سەھرا بولغان بولسىغۇ ئىشنىڭ يولى تازا ئوبدان قاملىشاتتى...

ئەزەلدىن بويسۇنۇشنى مۇقەددەس مەجبۇرىيەت دەپ بىلىدىغان ئۇيغۇر يېزىلىرىنىڭ خوتۇن - قىزلىرى ئۆزىنىڭ جىسمىغا، ئۆزىنىڭ ئارزۇسىغا، ھەۋەسىگە ئۆزى ئىگە بولالمايدۇ. يۇمران يۈرىكىدە بىخلانغان نازۇك ھېسلىرىنى ياشسىز يىغىسىنىڭ، ئېغىر - ئېغىر خورسىنىشلىرىنىڭ، دەردلىك سۈكۈتلىرىنىڭ ئاستىغا دەپنە قىلىۋېتىش بىلەن ئارامlىنىدۇ، ئۇلار گويا بۇ دۇنيانىڭ ئۆزىگىمۇ تەئەللۇق ئىكەنلىكىدىن، تەگرى ئۆزىگىمۇ بىر كىشىلىك ئوڭ پېشانە ئاتا قىلغانلىقىدىن خەۋىرى يوقتەك، ئويلىمايدىغاندەك ياشاۋېرىدۇ، ئاتا - ئانا، ئەر، جامائەت كۈچى — بۇلار ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانى. ئۇلار بۇلارنى ھەقلىق دەپ سانىشىدۇ...

شۇنداق پۇرسەتلەر كېلىپمۇ قالىدۇ، ئۇلارنىڭ ئۇ شەھەر، بۇ شەھەرلەردە ئوقۇيدىغان تۇغقانلىرى، دوستلىرى، بۇرۇن بىرگە ئوينىغان ھەمراھلىرى ئۇلارنى يوقلاپ، ئىزدەپ كېلىشىدۇ. ئۇلار ئۇلارغا يېڭى - يېڭى پاراڭلارنى قىلىپ بېرىشىدۇ. جاھان تېخى مۇنداق ئىكەنغۇ، جاھاندا تېخى مۇنداق يېڭىلىقلارمۇ بارىكەنغۇ، دەپ قېلىشىدۇ ئۇلار. ئۇلارنى ئۇزىتىۋەتكەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئۆيىدىكى چوڭلارنىڭ تاپىسى، تەنىسى:

— توۋا، كاپىرنىڭ پۇشتلىرىلا بولۇپ كېتىپتۇ، ياغلىقنى بولسىمۇ ئارتىشىپ يۈرسىچۇ...

— نۇرىمان خېنىمنىڭ قىزىغۇ ھېلىقى قورچاقتەك ياسىنىۋالغان؟ نۇرىمان خېنىممۇ كارامەت ئەقىدىلىك خوتۇن. بۇ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

قىزغا نېمە بولدىكىنتاك...

— جاھاندا ئۇششاق باللار نېمە بولۇپ كېتىۋاتىدىكىن...

— ئۇنداق ئەخلاقسىز نېمىلەر بىلەن باردى - كەلدى قىلىشما قىزىم.

— باردى - كەلدى قىلىشما خوتۇن...

جاھاننىڭ ساخاۋىتى شۇ بولسا كېرەك. يەنە شۇ سەھرا، يېزا ... ئىشىنىڭ يولى تازا ئۇبدان قاملىشىدىغان قاملاشاڭغۇ سەھرا!...

«نېمىلا بولمىسۇن، ئۇنىڭ يۈزىنى — ئاشۇ يۈزىنى خەقلەرگە، بولۇپمۇ ئەرخەقلەرگە كۆرسەتمىگىنىم تۈزۈك. مۇشۇنچىلىك ئىش قولۇمدىن كەلمىسە، كىم قويۇپتۇ ماڭا ئىككى بالىنىڭ ئانىسى بولۇپ قالغان بۇ خوتۇنغا ئەر بولۇپ يۈرۈشنى... ئۇ جايىدا بىردەم ھاڭۋېقىپ تۇردى. كۆز ئالدىدا...

ئۇ كۆمۈر چوغىدا قىپقىزىل قىزارتىۋېتىلگەن لاخشىگىرنى ئېلىپ كىردى. لاخشىگىردىن كۈچلۈك ئوت تەپتى كېلەتتى. ئۇ ئۇنى ئۇخلاپ ياتقان ئايالىنىڭ يېنىغا ئېلىپ كەلدى، ئېلىپ كەلدى - يۇ، جايىدا تۇرۇپلا قالدى. ئۇنىڭ يۈرىكى قارت قىلىپ قالدى. ياق... ياق... بۇ مۇمكىن ئەمەس...

كىسلاتا!

دەل كىسلاتانىڭ ئۆزى.

ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا يۈزىگە كىسلاتا چاچراپ كېتىپ، دوختۇرخانىدا ياتقان روزەك مۇئەللىم بىردىنلا كەلدى...

ئۇنىڭ ئېسىگە سول تام قوشنىسى ھېزىماخۇن ئۆزىگە ساقلاپ بېرىشكە ئامانەت قويغان كىسلاتا كەلدى. ئۇ جايىدا بىردەم ھاڭۋېقىپ تۇرغاندىن كېيىن، ئىچكىرى ئۆيى تەرەپكە بۇرۇلدى.

ئۇ چىققاندا ئايالى ئۇيقۇچان كۆزلىرىنى خۇشياقمىغان ھالدا ئۇۋۇلاپ ياتاتتى.

— ياتماپلا؟

— ھە، ھە... — دۇدۇقلىدى ئۇ.

— مىجەزلىرى يوقمۇ - يا؟

— ھە؟ مىجەزىم جا... يىدا...

ئۇ يەكتەكىنى سېلىۋېتىپ، كارىۋات يېنىغا كەلدى.

ئۇ ئايالىنىڭ يېنىدا ياتماقچى بولدى. بولدى - يۇ پۈتۈن بەدىنى غۇژژىدە سىلكىندى...

ئۇنىڭ بىرگە ياتماقچى بولغىنى — ئۆزىنىڭ ئايالى ئەمەس. ئۇ بىرگە ياتماقچى بولغىنى — بىر پاھىشە! ئۇياتسىز پاھىشەدەك تۇيۇلاتتى.

ئۇ ئېسەنكىرىدى. ئۇ ھەقىقىي بىر ئەر تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ۋۇجۇدى بىلەن ئايالىنىڭ ۋۇجۇدىدىن تۆرەلگەن ئىككى بالىغا ئانا بولغۇچى ئايالغا ئەگەر بىر ئەر تۇرۇپ بىر بۇزۇق ئايال بىلەن ياتسۇنمۇ؟

ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا: ھېلىلا باشقا بىر ئەر بىلەن ياتقان ئايالى، ئۇنىڭ قوشنىسى رەھىم بىلەن ياتقان ئايالى.

ھېلىلا ئىككىيلەن پومىداقلاشقان، ئېغىناقلاشقان كارىۋات.

باشقا بىر ئەرنىڭ تېنىگە ھەمراھ بولغان تەن ...

ئۇلار ئۇنى قارىتىپ تۇرۇپ سۆيۈشۈپ، يالاشتى، پومىداقلاشتى، ئۇنى ئادەم ھېسابىدا، بىر خوتۇننىڭ ئېرى ھېسابىدا سانىمىدى.

ئۇ ئەنە شۇ ئايال بىلەن ئاشۇ ئورۇندا ياتسۇنمۇ؟

ئۇ ئايالىغا ياتسىراپ قارىدى. ئايالى

تازا مۈگدىگەن بولسا كېرەك، يۈزىنى ئۇنىڭغا قارىتىپ يەنە ئۇيقۇسىنى باشلىدى... ئۇ ئۆرە تۇرۇۋېرىپ تىزلىرى تالدى. بەللىرى ئاغرىشقا باشلىدى. ئۇ ئايالغا بۇزۇق ئايالغا قارىغاندەك قارىدى.

بىر ئەر ئۆزىنىڭ قولىدىكى بىر ئايالنىڭ يېنىدا ياتالمىسا، يېنىغا بارسىلا توك سوقۇۋېتىدىغاندەك قورقۇپ، يېتىمسىراپ تۇرسا، بۇ...

— ئۇلار چۈش! ... — ئۇ يېنىك پىچىرلىدى.

ئۇلار چۈش! ... مۇتلەق بىر چۈش...

ئۇ يېنىك بىر تىنىۋالدى. كارىۋاتقا ئولتۇرۇپ ساپما كەشىنى پۇتىدىن چىقاردى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا يەنە ئۇلار كېلىۋالدى. ئۇ كەشىنى قويغان جايىدا ھېلىلا رەھىمنىڭ كەشى تۇراتتى. ئايالنىڭ قالايمىقان تاشلانغان پايپاقلىرى ئۈستىدە رەھىمنىڭ پايپىقى تۇراتتى. ئەمدى...

ئۇ كەشىنى ئايالنىڭ پايپاقلىرىدىن نېرىراق سۈرۈپ قويدى. پايپاقلارغا قاراپ بىر ئالىيىۋالدى.

ئۇ ئايالنىڭ يېنىغا قورۇنۇپراق كىردى. يوتقان ئىچىدە پۇتى ئايالنىڭ ئىسسىق پاچىقىغا تېگىپ كەتتى، شۇ ھامان تېنى شۈركىنىپ كەتتى. ئۇ پۇتىنى تېزلا تارتىۋالدى. ئايالى بىلەن ئارىلىق قالدۇرۇپ ئۈگدىسىغا ياتتى. ئايالى تۇيۇقسىز ئۇيقۇلۇق ھالدا ئوڭ قولىنى ئۇنىڭ ئۈستىگە تاشلىدى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا گويا توك سوقۇۋەتكەندەك بىر ھال پەيدا بولدى. ئۇ ئايالنىڭ قولىنى ئېلىۋەتمەكچى بولۇپ، ئەمدىلا ئاستا كۆتۈرگەنىدى، ئايالى ئۇنىڭغا تېخىمۇ يېقىن كېلىۋالدى، قولى ئۇنىڭ بوينىغا چۈشتى.

ئىككىيلەننىڭ تىنىقى بىر ـ بىرىنىڭ تىنىقىغا ئۇرۇلدى. ئايالدىن خۇشبۇي ھىد تاراپتتى. ئايال ئۇنىڭغا مەھكەم چاپلاشقىنىچە يۈزلىرىنى ئۇيقۇلۇق ھالدا ئۇنىڭ مەيدىسىگە سۈۋايتتى.

ئۇ بىردىنلا ئايالنى باغرىغا چىڭ باستى، چاچلىرىنى پۇراپ قويدى.

بۇ خوتۇن ماڭىلا تەۋە بولۇشى كېرەك، مەڭگۈ ...

قوينۇمدا يېتىۋاتقىنى — مېنىڭ خوتۇنۇم. ئۆز خوتۇنۇمنىڭ ئىسسىق تەنلىرى، چىرايلىق يۈزلىرى، قوقاستەك لەۋلىرى مەڭگۈ ماڭىلا تەۋە بولۇشى كېرەك ... ئۇ ئايالنى ئەسەبىيلەرچە سۆيۈپ كەتتى ... ئېغىر ـ ئېغىر تىنىاتتى، ئايالى پات ـ پات پەس ئاۋازدا ۋايساپ، ناز بىلەن ئىڭراپ قوياتتى. ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى ھاياجاندىن تىترەيتتى...

پۈتكۈل ھايات مۇشۇ خوتۇن بىلەنلا مەۋجۇتتەك، ئۇنىڭ مېڭىسىگە، ئەس ـ يادىغا مۇشۇ خوتۇنلا ئورناشقان. ئادەملەر ھەر خىل نېمىگە سەجدە قىلىدۇ، ھەر خىل نېمىنى ئۆزلىرىنىڭ مەبۇدى قىلىدۇ، بۇ مەبۇدىغا باش ئۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن پەقەت مۇشۇ خوتۇنلا خۇدا. ئۇنىڭ ئۈچۈن دۇنيا پەقەت مۇشۇ خوتۇن بىلەنلا مەۋجۇت. بولمىسا... ئۇ ھەۋىسىنى قاندۇرۇپ بولۇپ، خوتۇنىنى تەستە ئۇخلاتتى، ئۇنىڭ ئۆزىگە يىلاندەك چىرماشقان نازۇك قوللىرىنى ئاجرىتىپ، ئەركىن ياتقۇزۇپ قويدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئۆيىنىڭ تورۇسىغا قادالغان — ياق، چوقۇم شۇنداق قىلىشىم كېرەك. پەقەت مۇشۇ بىرلا يول ... باشقا ئەركەكلەر ... بولۇپمۇ رەھىم نەس ئۇنىڭغا ئالىيىپ كۆز سالغان گەپ... چىرايلىق بولغىنى ئۈچۈنلا...

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئۇ دەلدۈش مېنىڭ نېسىۋەمگە چاڭ سالماقچى ... ئۇ لامزەللىمۇ ئىككى بالىسىنى يېتىم قىلىپ ... خوتۇنىنىڭ مۇشۇ چىرايىلا ئەركەكلەرنى ئۆزىگە تارتقان، چوقۇم ... مۇشۇ چىرايى يوقالسۇن ... بولۇپمۇ مۇشۇ چىرايى بىلەن ھىجىيىپ يېتىشلىرى ... سېنى ئەركەكلەر ئىككىنچى كۆز سالمايدىغان قىلىۋەتمىسەم ...

ئۇ يوتقاندىن ئاستا سۇغۇرۇلۇپ چىقتى. ئايالىغا قاراپ يالڭاچلا ئۆرە تۇردى. ئايالى ئاۋۋالقىدەكلا يەنە چۈش كۆرۈۋاتامدۇ ـ نېمە، مەڭزىلىرىنىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يەرلىرى قىزىرىپ كەتكەن. ئۇ بۇ قىزارتمىلارنىڭ باياتىنقى قېنىپ ـ قېنىپ سۆيۈشنىڭ ئىزلىرى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. لەۋلىرىدە ــ ھېلىلا تويماي ـ تويماي يالىغان، قانغىچە شورىغان لەۋلىرىدە كۈلۈمسىرەش! چوقۇم مەن ئۆيدە يوق چاغلاردا ئۇچراشقان ئەركەكلەر بىلەن ئۇچرىشىۋاتىدۇ. بولمىسا، مۇنچە كۆپ ھىجىيىپ ياتامدۇ خوتۇن كىشى دېگەن، كالپۇكلىرىنى يالاپ قويغىنىنى قارىمامدىغان ... چوقۇم باشقا ئەركەكلەر بىلەن سۆيۈشۈۋاتقان گەپ. بولمىسا ... ھۇ پەسكەش ئامرىقىم ... چىرايلىق پاقلىنىم ... سەنمۇ ئۆزۈڭگە قىلدىڭ. بالانى ئۆزۈڭ تاپتىڭ ... نېمىشقىمۇ ئادەتتە چىراغنى ياندۇرۇپ قويۇپ ياتمىغاندىمەن؟ بۇ بۇزۇقنىڭ كېچىدىكى پەسكەشلىكلىرىنى، ئىپلاسلىقلىرىنى بالدۇرراق سېزىۋالالايدىكەنمەن ... تېخى باياتىنمۇ قۇلىقىمغا چىراغنى ئۆچۈرۈۋېتىشنى ئۇنتۇپ قالمىسلا... دېگىنىچۇ، ھۇ ... نېمە دېسەم بولار ... باشقا ئەركەكلەر بىلەن ئىتنىڭ كۈچۈكلىرىدەك يالىشىۋاتقىنىنى ئېرىم كۆرۈپ قالمىسۇن، دەپتۇ ـ دە، جالاپنىڭ قىزى ... ئۆزىنىڭ ئاشۇ چىرايىغا ئىشەنگەن گەپ...خەپ، ئەمدى چىرايىڭغا ئىشەنگىنىڭنى بىر كۆرەي ... مېنى قاراتقۇزۇپ قويۇپ كالپۇكلىرىڭنى، ئاشۇ ئىپلاسلاشقان ئۆلمىگۈر كالپۇكلىرىڭنى يالىغىنىڭنى بىر كۆرەي ... مۇشۇ قارغىش تەككۈر كالپۇكلىرى بىلەن مېنىمۇ يالايدۇ تېخى ... توۋا، پەرۋەيدىگارىم ... بالىسىنىمۇ يالاشقا ئامراق ... ئۇ بىردىنلا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ توختاپ ئايالىغا قارىدى. ئۇنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەيتتى. بەدەنلىرى لاغىلدايتتى. پۇتلىرىدا جان قالمايۋاتقاندەك سېزىلەتتى.

ئۇ بۇ ساراسىمىلەر، لاغىلداشلار، جانسىزلىنىشلار بەدىلىگە ئۆمۈرلۈك كۆڭۈل تىنچلىقىغا ئېرىشمەكچى. ئادەملەر شۇنداق كېلىدىغان ئوخشايدۇ، بىرىنى يوقىتىش ھېسابىغا بىرىگە ئېرىشىدىغان، بىرىدىن مەھرۇم بولۇش بەدىلىگە يەنە بىرىدىن بەھرىلىنىدىغان ... ھەرگىز كۆزلىرىگە تېمىتىۋەتمەي، قارىغۇ بولۇپ قېلىشتىن خۇدا ساقلىسۇن ... ھە، راست، كالپۇكلىرىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتمىسۇن، كالپۇكلىرى ... ھېچقىسى يوق. باشقا ئەركەكلەرنى سۆيمىدىغان، يالايدىغان ئاشۇ كالپۇكلىرى كۆرگۈلۈكىنى كۆرسۇن ... كالپۇكلىرىدىن ئۆتۈپ ئېغىزلىرىغا كىرىپ كەتسىچۇ؟ ... ئۇ چاغدا ... خۇدانىڭ ئۆزى بار ... ھەرگىز ئۇنداق بولمىغاي، خۇدا ئاسانلىق بېرەر، ئۇنىڭ كۆزى بىردىنلا بالىغا تىكىلدى. بالا شېرىن ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇ يۈرىكىنىڭ جىغغىدە قىلغىنىنى سەزدى. پۈتۈن بەدىنى بىر خىل غەيرىي قورقۇنچ ئىچىدە لاغىلدىدى، قوللىرى تىترىدى. كۆزلىرىگە تۇرۇپ ـ تۇرۇپ قاراڭغۇلۇق تىقىلاتتى ... ئوبدان بالام، جېنىم بالام ... سېنى دېسەم ... ھەرگىز ...

براق، ئامال يوق ... ئاناڭ ئۆزىگە قىلدى، جېنىم قوزام ... بىلەمسەن؟ ئاناڭ بۇنىڭدىن كېيىن سەندىن تېخىمۇ ياخشى خەۋەر ئالىدىغان بولىدۇ. مەن ھەمراھ بولمىساممۇ ... سېنى ئۆزى يالغۇز باغچىلارغا ئاپىرىدۇ، سۇغا چۆمۈلدۈرىدۇ ... چوقۇم ... چوقۇم شۇنداق قىلىدۇ. داداڭغىلا ئەمەس، قوزام ... ساڭىمۇ پايدا، جېنىم بالام ... ئامال يوق ...

ئۇ ئايالنىڭ يېنىغا كەلدى. ئايالنىڭ سۈزۈك مەڭزىلىرىدە تاتلىق تەبەسسۇم. ئاشۇ چىرايلىق مەڭزىدىن ئۆچمەيدىغان تەبەسسۇم! نېپىز لەۋلىرى پات - پات مىدىرلايتتى. خرۇستالدەك ئاپئاق بويۇنلىرى ھەر بىر تىنىقىدا ئىنتايىن زور نازاكەت بىلەن يېنىك تەۋرىنەتتى. كۆكسى يوتقان ئاستىدا بىر كۆتۈرۈلەتتى، بىر پەسىيەتتى.

ئۇ ئايالغا ئېگىلىپ، ئېھتىيات بىلەن يوتقاننى قايرىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ھەممىسى تولۇق ئېچىلدى، يوتقاننى ئۇنىڭ ئۈستىدىن پۈتۈنلەي ئېلىۋەتتى. ئايالى قىيپاش ياتاتتى. تولغان بەدىنى كەھرىۋانىڭ ئۆزىلا. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا كىرىستالدا قاتۇرۇلغان ئەڭ سېھىرلىك بىر ھەيكەل. ياق، دۇنيادىكى جىمى گۈزەللىكنى ئۆزىگىلا يىغقان پەرىشتە!

ئۇ ئايالنىڭ بۇنچە گۈزەللىكىگە ئىشەنمىگەندەك، ھەيرانلىق بىلەن قارايتتى. ئولتۇرۇشۇۋاتقان كۆزلىرى چوڭ ئېچىلغانىدى. ئۇ يوتقاننى چاندۇرماي يەنە ئاۋالقىدەكلا يېپىپ قويدى.

ئۇ ئايالغا بىر دەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، ئىچكىرى ئۆيگە ئالدىراپ ماڭدى.

ئۇ بىر پەستىن كېيىن بىر بوتۇلكىنى كۆتۈرۈپ چىقتى. كارىۋاتنىڭ يېنىغا كېلىپ تۇرۇپلا قالدى. قولى تۇختىماي تىترەيتتى، پارتلاش دەرىجىسى ئەڭ كۈچلۈك پارتلاتقۇچ دورىنى تۇتۇۋالغاندەكلا تىترەيتتى. مۇشۇ تاپتا ئۇ بەزگەكنىڭ ئۆزىگىلا ئايلىنىپ قالغان. تومۇرلىرى ئادەتتىكىدىن ئىتتىك سېلىشىۋاتقانلىقى بىلىنەتتى. كۆكرىدەك قەپەسى يېرىلاي دەپلا قالغان. بۇ ئۇنىڭغا مەلۇم: ئۇ ئۆزى دۇنيادا ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان پەرىشتىسىنى ھالاك قىلماقچى. ياق، ئۇنىڭ ئاشۇ ئۆزىنى ئازابلاۋاتقان جىنايەتكار چىرايىنى ھالاك قىلماقچى. ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈنلا ھالاك قىلماقچى. بۇ ھالاك قىلىش — ئۇنىڭ ئۈچۈن ھازىرچە كۈچلۈك ۋەھىمە ئېلىپ كەلسە كېلىۋەرسۇن، ئۇ شۇنىڭغا ئىشىنىدۇكى، بۇ قىسقا ۋاقىتلىق ۋەھىمە ئۇنىڭغا ئۆمۈرلۈك كۆڭۈل تىنىچلىقى ئېلىپ كېلىش بىلەن نەتىجىلىنىدۇ، خالاس. بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن كەمدىن - كەم ئۇچرايدىغان غەلىبە ئەمەسمۇ؟

ئايالى تۇيۇقسىز ئوڭدىسىغا ئۆرۈلدى. بويۇنلىرىغىچە يېپىنىۋالغان يېنىك يوتقاننى پۇتلىرى بىلەن كۆكسىنىڭ يېرىمىغىچە تارتىشتۇرۇپ قويدى. بۇ ئۆرۈلۈش — ئۇنىڭ يۈرىكىنى قېپىدىن چىقىرىۋېتىشكە تاس قالدى. ئايال ئوڭدىسىغا ئۆرۈلگەندە، ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىدىن غۇژژىدە تەر چىقىپ كەتتى، ئەڭ يۇقىرى تېزلىك بىلەن قولىدىكى بوتۇلكىنى كارىۋات ئاستىغا قويۇش ئۈچۈن ئېڭىشتى. ئۇ ئۆمرىدە ھازىرقىدەك قورقۇپ باقمىغان. بۇ ئۆرۈلۈش — ئۇنىڭ ئۈچۈن ھايات - ماماتلىق ئۆرۈلۈش بولۇپ تۇيۇلغانىدى؛ بۇ ئۆرۈلۈش — ئۇنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر ئۆمۈرلۈك ھاياتىنى يوشۇرۇن ئازاب بىلەن، كۈندەشلىك بىلەن ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر قىلاتتى. ئەمما ئۇنىڭ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

قورقۇشلىرى، ئالاقزادە بولۇشلىرى ھېچنېمىگە ئەرزىمىدى. ئۇ تىترىدىپ تۇرغان قوللىرىدا چىڭ تۇتۇۋالغان بوتۇلكىنى چاقماق تېزلىكىدە كارىۋات ئاستىغا قويۇپ ئورنىدىن تۇردى. ئالاقزادىلىك ئىچىدە ئايالىغا قارىدى. خۇداغا شۈكرى! ئۇ ئويغىنىپ كەتمەپتۇ. ئۇنىڭ قورقۇنچ ۋە ۋەھىمە ئىچىدە ئاق خەسىدەك ئاقىرىپ كەتكەن چىرايىدا تا ھازىرغىچە، ھەتتا توي كېچىسى ئۆزىنىڭ بۇ پەرىشتە سۈپەت ئايالىنى قۇچىقىغا ئالغان، بار ئىشتىياقى بىلەن سۆيگەن، ئەركىلەتكەن چاغدىمۇ كۆرۈلمىگەن كۈلۈمسىرەش پەيدا بولدى.

ئۇ ئۆز ئورنىدا قېقىپ قويغان قوزۇقتەكلا تۇرۇپ قالدى. چەكچەيگەن كۆزلىرىنى ئايالىدىن ئۈزمەيتتى. ئۇ چىرايىنى تاتلىقىنە بىر پۈرۈشتۈرۈپ قويۇپ، يېنىك تىنغىنىچە ئۇيقۇسىنى داۋام قىلدى. چىرايىدا يەنىلا شۇ جىنايەتكار كۈلۈمسىرەش! ئۇنىڭ بارلىق روھىنى، ۋۇجۇدىنى ئازاب ئىچىگە ئىتتىرىش بىلەن ئارام تاپقان كۈلۈمسىرەش...

ئۇ ئايالىنىڭ چىرايىغا ئاخىرقى قېتىم قارىۋالدى. تويىماي قارىدى. كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە غايىپ بولۇپ كېتىدىغان قىممەتلىك نەرسىسگە قارىغاندەك قارىدى. كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە تىكىلىپ قارىدى. ئۆزۈڭگە قىلدىڭ پەرىشتەم... ئەسلى... ئەسلى بۇنداق قىلسام بولمايتتى. بالانى ئۆزۈڭ تاپتىڭ... نومۇسنى بىلمەيدىغان دەججال پەرىشتەم... ئامىراق خو... تۇ... نۇم... تۇيۇقسىز ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن مۇنچاقتەك ياشلار ئېتىلىپ چىقىشقا باشلىدى.

ئۇ ئۆزىدىكى بارلىق قۇدرەتنى ئوڭ قولىغا يىغىپ كارىۋات ئاستىغا ئېڭىشتى.

ئۇ بوتۇلكىنى ئېلىپ، ئايالىنىڭ چىرايىغا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم قارىدى. ئايالى ياتاتتى، شۇنداق تەمكىن، شۇنداق تىنچ، شۇنداق ئازادە... بىراق، چېھرىدە... يەنە شۇ... يەنە شۇ كۈلۈمسىرەش!...

ئاھ! يەنە شۇ كۈلۈمسىرەش!...

ئۇنىڭ ئەرلىك غۇرۇرىنى دەپسەندە قىلىۋاتقان كۈلۈمسىرەش!

ئۇ ئەمدى تاقەت قىلالمايدۇ. ئەمدى سۈكۈت قىلالمايدۇ. ناۋادا مۇشۇ ھال يەنە ئازراق داۋاملاشسا، ئۇنىڭ غۇرۇرى، ئۇنىڭ ئەرلەرگە خاس بارلىق ئەقىدە ـ ئېتىقادى، ئۈمىدى تراگېدىيە بىلەن ئاياغلىشىدۇ.

ئەجەبا بۇ تراگېدىيىنىڭ قەھرىمانى بولغان بىر مەغلۇپ ئەرنى بۇ دۇنيادا يەنە نېمىلەر بىلەن باغلاش مۇمكىن؟ ئەقەللىيسى، ئۇ ئۆزىنىڭ ھاياتلىقى توغرىسىدا يەنە نېمىلەرنى ئويلىشى، نېمىلەرنى ئويلىيالىشى مۇمكىن... ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى.. ئۇنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىۋاتاتتى...

دېرىزىدىن چۈشۈۋاتقان سەھەر قۇياشىنىڭ نۇرى ئۇنى ھەيران قالدۇردى... ئۇ تۈنۈگۈن كېچىدىكى خىيالىغا ھەيران ئىدى.

مەسئۇل مۇھەررىر كامىل تۇرسۇن

ئەركىنجان ئەھەت

# مازارچاشقىنى



(ھېكايە)

سىرتتا شارقىراپ يامغۇر يېغىۋاتاتتى.
قاڭقى مەمەت تامچە ئۆتۈپ تۇرغىلى بول-
ماس بولۇپ كەتكەن ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىدا
شۈمشىيىپ ئۇخلاۋاتاتتى. يامغۇر تامچىلىرى-
نىڭ داسقا، قاچىغا تېمىــۋاتــقان ئاۋازى
ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ھۆرى موماي بىر بۇلۇڭ-
دا چەكچەيگىنىچە تىتــرەپ ئولــتــۇراتــتى.
يامغۇرنى تىللاپ غوتۇلدىغان چاغــدا يۈزــ
دىكى قورۇقلار تەڭ مىدىرلايتتى. ئۇ ئور-
نىدىن تۇرمايلا ھاسىسىنى ئۇزىتىپ نەۋرى-
سى قاڭقى مەمەتنى تۈرتــتى. قاڭقى قوپ-
مىدى. موماي قاڭقىنىڭ بېشىغا بىرنى سې-
لىۋىدى، ئىتتىك ئورنىدىن تۇردى، موماي-
نىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ كىگىز، پالاز، تاغار-
لارنى يىغىشتۇرۇپ، ئەلەڭلەپ مېڭىپ چى-
قىپ كەتتى. قاڭقى پالاخشىــپ قوغۇنلۇقــقا
باردى. قوغۇنلارغا يەتكەن يەرگىچە ئېلىپ
كەلــگەن نەرســلەرنى ياپــتى. قوغۇن تازا
پىشىدىغان چاغدا يامغۇر ياغقىنىــنى، دەپ
پىچىرلاپ سۆزلەپ كەتتى. قوغۇنلار ئەمدى
سارغىيىشقا باشلىغان، ئۆزىمۇ تېخى بىرەرنى
يەپ باقــمــغانــدى. مۇشۇنداق يېغىۋەرسە
قوغۇنلارنىڭ ھەممىسى يېــرىلىپ كــېتەتتى.
چۆنەكلەر سۇغا توشۇپ كەتــتى، قوغۇننىڭ
تەمىمۇ قالمايدىغان بولدى، دېدى خۇددى
يېنىدا بىرى تۇرغاندەكلا ئاۋازىنى چىقىرىپ،
ئەتراپنى يامغۇرنىڭ پىلەكلەرگە شارىلداپ
ئۇرۇلغان ئاۋازى قاپلىغان، ھاۋانىڭ قاپى-
قى بەك تۈرۈكلۈك ئىدى. قاڭقــى مەمەت
چاپىنىنى، ئىشتىنىنى سېلىپ قوغۇنغا ياپتى.
بىر ئۇيان، بىر بۇيان چېپىپ يۈرۈپ ھار-
دى ــدە،يالىڭاچ پېتىئولتۇرۇپ قالدى. قوغۇن
يېرىلىپ كەتسە، ساتالمىسا قىمارغا پۇلــنى
نەدىن ئالىدۇ. بۇدا ماموت كۆرۈككە ئوت-
تۇرغان پۇلنى چوقۇم قايتۇرۇپ ئېلــش
كېرەك. بىر تۇرۇپ ئۇ مومايــنىڭ پۇلــنى
تارتىۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ قالدى. ھېلىمۇ
ياخشى موماي بازارغا بارالمايدۇ، ئۇ ئىچىدە
خۇش بولدى. ئارقىدىنلا چىرايى تاتاردى.
شۇ موماي دائىم قارغىغاچ ئۇتتۇرۇۋاتىمەن،
دەپ موماينى ئىچىدە تازا تىللىدى. ئۇ مو-
ماينىڭ تېخىچە ئۆلمىگەنــلىكــگە ھەيران

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولاتتى. چاقماق چېقىپ ئەتراپنى يورۇتۇ-
ۋەتتى. يېقىندىكى قوغۇنلار پەچاق ئۇرۇ-
ۋەتكەندەك يېرىلىپ كەتكەنىدى. ئۇ يام -
غۇرنىڭ ئۇرۇۋاتقانلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ قالدى.
مامۇت كۈرۈك ئانىسى ئۆلگەندىن كېيىن
تىقىپ ساقلىغان تىللالىرىنى تېپىۋېلىپ باي
بولۇپ كەتتى. قاڭقى مومىسىنىڭ تىقىپ
قويغان نەرسىسى بارلىقىدىن گۇمانلىناتتى.
شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ سىزغان
سىزىقىدىن چىقماي كۈرۈپ باقاي دەپ
ئويلاپ باقتى. لېكىن ئارقىدىنلا يەنە بۇ
ئالجىغان مومايىنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان ھەر-
قانداق ئادەم ساراڭ بولۇپ قالىدۇ دېگەن
يەرگە كەلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇرۇن ئۇ
مومايىنى كۆپ خاپا قىلغان. ئەمدى ياخشى-
چاق بولۇۋالسا چېنىپ قالىدۇ، ئۇنىڭدىن
كۆرە... ئۇ تەڭقىسلىقتا قالغاندەك ئەتراپقا
ئىتتىك قارىۋالدى، چىشلىرى كاسىلداپ
كەتتى. ئۇنىڭغا سوغۇق ئۆتكەنىدى. تۇيۇق-
سىزلا ئىتقا كۆزى چۈشتى. كاتىكى سۇغا توشۇپ
كەتكەن ئىت سىرتتا تىترەپ تۇراتتى.
تۈكلىرى قوتۇر دۈمبىسىگە چاپلىشىپ كەت-
كەن بولۇپ، قۇيرۇقىنى چاتىرىقىغا قىستۇرۇ-
ۋالغانىدى. قاڭقىغا ئىت توڭلاپ ئۆلۈپ
قالىدىغاندەك تۇيۇلدى. ئىت ئۆلۈپ قالسا،
قوغۇنلۇقتا ئۇنىڭ ئۆزىنى باغلاپ قويسا...
قاڭقى ئۆزىنى يالىڭاچ ھالدا زەنجىرگە
باغلاقلىق قىياپەتتە كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈ-
ۋىدى، تېخىمۇ توڭلاپ، تىترەپ كەتتى.
ئۇ چاغدا ئىت چىۋىنلىرى ئولىشىۋالسا
قانداق قىلار؟ ياكى پىت ئولىشارمۇ؟ ئىت-
نىڭغۇ قۇيرۇقى بار. قاڭقى قانداقمۇ قورى-
يالىسۇن؟ ئۇ ئورنىدىن چاچراپ تۇردى.
چاپانىنى ئېلىپ، يېرىلىساڭ يېرىل، دەپ
پېلەكلەرنى پېتىقلاپ ئىتنىڭ قېشىغا بار-
دى. ئۇ ئىتنىڭ مۇنچىۋالا قېرىپ كەتكىنى-
گە ھەيران بولدى. ئىتنىڭ ئۈستىگە چا-
پاننى ياپتى. بىچارە ھايۋان ئانچە خۇشال
بولغاندەك قىلمايتتى، ئۇ چاپاننىڭ تۆگ-
مىسىنى ئىتنىڭ قورسىقىدىن ئېتىپ قويدى.
ئاندىن يۈگۈرەپ بېرىپ يېپىپ قويغان ئەس-
كى كىگىزنىڭ بىر بۇرجىكىدىن تۇتۇپ پې-
لەكنى مالتىلاپ ئىچىگە كىرىۋىدى، ئۇ تە-
رىپىدىن بېشى چىقىپ قالدى. ئۇ مەيلى
بېشىم يېرىلمايدۇ، دەپ بېشىغا پېلەكنى
تارتىپ ئۇخلاپ قالدى.

ھۆرى موماي يامغۇر سەل پەسەي-
گەندە ئۇسساپ كەتتى. شۇ چاققىچە بىرمۇ
خەمەك - سويما تۇتقۇزمىغان قاڭقى تازنى
مىڭنى تىللىدى. كونا تور رومىلىنى ئار-
تىپ پاتقاق كېچىپ قوغۇنلۇققا باردى. قا-
رىسا كىگىز، پالاز، تاغار... لار قالايمىقان
يېيىقلىق تۇرۇپتۇ. قوغۇنلارنىڭ يېرىلىپ
كەتكەنلىكىنى ئىلغا قىلالمىدى. ئۇنىڭ كۆزى
تۈن قاراڭغۇسىدا ئەتراپنى ئارانلا پەرق
قىلالايتتى. ھامىنى يېگەندىن كېيىن يې-
رىلمىغاننى يەي، دەپ كىگىزنىڭ بىر بۇر-
جىكىدىن چىقىپ تۇرغان بىرىنى تاپتى.
تىزىنى قويۇپ بىر تارتتى. غەيرىي بىر ئاۋاز
چىقىپ كىگىز ئاستىدىكى پېلەكلەر مىدىرلاپ
كەتكەندەك بولدى. موماي بىرلا چىقىراپ
ئورنىدىن تۇردى. ھاسىسىنى پىرقىرىتىپ
چۆرۈۋەتتى. نېمىلەرنىدۇر دەپ ئارقىسىغا
قاراپمۇ قويماي ئۆيىگە قاراپ بەدەر قاچ-
تى. قاڭقى كىگىز ئاستىدىن سوغۇرۇلۇپ
قارىغاندا، قاراڭغۇلۇقتا ئالچاڭلاپ قېچىپ
كېتىۋاتقان «ئەرۋاھ» نى كۆردى. قاڭقىنىڭ
يۈرىكى «قارت» قىلىپ قالدى. قورقۇپ
كىگىزنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

قاڭقى پاتقاقلىقتا بەدەن شەكلىنى

قالدۇرۇپ قويتى. دەلدۈگۈنۈپ بىرىپ ئىشتانلىرىنى كىيدى. چاپىنىنى ئىستىنىڭ ئېگىدىن تارتىپ ئېلىشقا كۆزى يەتمەي، ئۆيگە قاراپ ماڭدى. يول بەكمۇ پاتقاق ئىدى. ئۇ ئۆيگە كىرىپ كۆردىكى، موماي بىر دۈۋە ئەسكى-تۈسكى نەرسىنىڭ ئېگىدە كۆرۈنمەيلا قالغانىدى. قاڭقى ئويۇقتىن بىر زاغىرىنى ئېلىپ تاۋاققا چىلىدى. چاي يوق ئىدى. ئۇ مومايىنى ئىچىدە راسا تىللاپ، سوغۇق سۇ قۇيدى، ئاندىن بىردەم ئولتۇرۇپ قوغۇنلۇققا چىقىپ كىگىز كېچەكلەرنى يىغىشتۇرۇپ كەلدى. يولدا مومايىنىڭ كالىچىنى تېپىۋالدى. ئۇ چاي ئىچكەچ بۇ قېرى قاچاندا قوغۇنلۇققا بارغاندۇ دەپ غۇتۇلدىدى.

تاڭ ئېخى يورۇمىغان، ھاۋا يەنىلا سوغۇق ئىدى. ئۇ ئادىتى بويىچە مومايىنىڭ قېشىغا كەلدى. موماي قورۇپ كەتكەندەك بولۇپ قالغان ئۆپكىسىنى تىترىتىپ ئۇخلاۋاتاتتى. قاڭقى ئۇنىڭ بەتبەشىرە تۇرقىغا بىردەم قاراپ تۇردى. ئاندىن ئاستا تۈرتتى.

— ھەي موما، قوغۇنلۇققا نېمىشقا باردىڭ؟ — دەپ سورىدى. قاڭقى مامۇت كورۇكنىڭ ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، مومايىنىڭ ئۇخلىغاندا گەپ سورىسا جاۋاب بېرىدىغانلىقىنى تاسادىپەن بىلىۋالغانىدى. موماي ئاغزىنى تامشىتىپ قويۇپ جىمىپ قالدى. قاڭقى يەنە سورىدى.

— ھەي، ھۆرەك، قوغۇنلۇققا نېمىشقا باردىڭ؟

— سويما يېگىلى.

— نېمىشقا كالىچىڭنى چۈشۈرۈپ قويدۇڭ؟ — قاڭقى ئاۋازىنى سەل كۆتۈرۈپرەك سورىدى.

— جىن باركەن، قورقۇپ كەتتىم، — دېدى موماي، قاڭقى بۇرۇن تولا سورىغان سوئالنى يەنە سورىدى.

— ھۆرەك، تىللانى نەگە كۆمدۈڭ؟

— تىللا يوق.

— قاسىمباي بىر كوزا تىللا بېرىپتىكەن، نەگە كۆمدۈڭ؟

— يوق يەپسەن.

قاڭقى چۆچۈپ كەتتى. ئەمما مومايىنىڭ مىدىرلىماي ئۇخلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، كۆڭلى ئارامىغا چۈشتى. ئۇ ئېڭىكىنى يۆلەپ ئولتۇرۇپ خىيالغا كەتتى: ئۆتكەندە مامۇت كورۇك «قاڭقى، سەن قاچان ئۇتقان؟ سەن ئۇتتۇرمىساڭ بىز كىمدىن ئۆتىمىز؟!» دەپ مەھەللىلىك باللار ئالدىدا ئەجەپ مازاق قىلدى-ھە. خەپ كورۇك، مەن سېنى بوغۇز قىلىۋەتمىسەم...

قاڭقى ئويلىنىپ ئولتۇرۇپ ئۇخلاپ قالدى. بېشىغا تاققىدە قىلىپ تەگكەن كالتەك ئاۋازى بىلەن تەڭ ئويغىنىپ دىرىڭگىدە ئورنىدىن تۇرۇپ قوغۇنلۇققا قاراپ چاپتى. بىر ھازا ھەپىلىشىپ چۆنەكلەرگە يىغىلىپ قالغان سۇنى چىقاردى. راسا ھارغان چاغدا يېرىلىپ كەتكەن قوغۇندىن بىرنى ئېلىپ يەي دەپ شۇنداق كۆتۈرۈشكە قوغۇن ئىچىدىن بىر پاقا سەكرەپ چىقتى. ئۇ ئەمدى پاقىغا ئامەت كەپتۇ-دە، دەپ پۇتى بىلەن پاقىنى يىراققا ئىرغىتىۋەتتى. قولىنى قوغۇننىڭ يېرىقىدىن ئىچىگە تىقىپ ئۇرۇقىنى سىيرىپلا ئېلىپ تاشلىدى ۋە يۈز-كۆزلىرىنى ئالابۇلىماچ قىلىپ قوغۇننى بىردەمدە سوقۇپ بولدى. ھۇزۇرلىنىپ ئولتۇرۇپ ئىتقا قارىدى. ئىتنىڭ تۈكلىرى سەل كۆپۈپ قالغانىدى. ئۇنىڭ چاپىنىنى لايغا مىلاپ رەسۋايى ئەزىم قىلىۋەت-

www.uyghurkitap.com



كەن، ئۆزى قوغۇنلۇقنى بىر كىم كۆتۈرۈپ كەتسىمۇ تۇيمىغۇدەك ھالدا ئۇيقۇغا كەتكەنىدى.

ھۆرى موماي شۇ كۈندىن تارتىپ قوپالماي قالدى. قاڭقىنى ئىشقىمۇ بۇيرۇمايدىغان بولدى. ھويلىدىكى ئۆچكىگىمۇ بىر نەرسە بەرمەيدى. قاڭقىنىڭ قىمار ئويناشقا دەسمايىسى قالمىدى. مامۇت كۇرۇك ھەي قاڭقى تاز، تۇنۇگۇن كاككىلىدىڭمۇ؟ دەپ ئۇنى زاڭلىق قىلىدۇ. ھەممىدىن مۇھىمى مومايدىن بايلىقنى سوراپ بىلىۋېلىشى كېرەك.

— ھۆرەك، قاسىم باي نېمەڭ؟ — دېدى قاڭقى.

— يارىم.

— نەچچە ئەرگە تەگدىڭ؟

— بەشكە. مەن ئىشچان، چىرايلىق ئىدىم، — دېدى موماي. قاڭقى ئۇنىڭ بەتبەشىرە تۇرقىغا قاراپ ئالىيىپ قويىدى.

— ئەمىسە تىللانى نەگە كۆمدۈڭ؟!

— پوق يەپسەن.

قاڭقى چۆچۈپ كەتتى. لېكىن موماي ئويغانمىغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ يەنە سوئال سوراپ سېلىشىدىن قورقۇپ قوغۇنلۇققا چىقىپ ئۇخلىدى. ئاسماندىكى جىمىرلاپ تۇرغان يۇلتۇزلار ئۇنىڭ كۆزىگە بىر كوزا تىللادەك كۆرۈنۈپ كەتتى. لېكىن ئۇ ئۆزى ئەزەلدىن تىللا كۆرۈپ باقمىغانىدى. پاشىلار غىڭىلدايتتى. سوغۇق ئارىلاش مەيىن شامال زەيكەش پۇرىقىنى ئېپكىلەتتى. چۆنەكلەردە پاقىلار كوكىرايتتى. پاشىلارنى ئۇچۇرالمىغان قانداق شامال بۇ! قېرى ئىت غىڭشىپ قوياتتى. قاڭقى ئاسمانغا قارىغىنىچە ئۇخلاپ قالدى. چۈشىدە بىر ئەسكى تامنى بىرنى تەپسە بىر كوزا ھەرە چۈشۈپ ئۇنى قوغلىغۇدەك، موماي چىشسىز ئاغزىنى يوغان ئېچىپ قاقاقلاپ كۈلگۈدەك.

تاڭ ئاتتى. ئۇ چۈشىنى بىردەمدە ئۇنتۇپ قالدى. ئۆيىگە بېرىپ چىنىگە زاغىرىدىن بىرنى چىلىدى. ئاندىن ئىككى قوشۇق قوي مېيىنى سېلىپ، چاي قۇيۇپ دۈملەپ قويدى. مامۇت كۇرۇك قايسى كۈنى شۇنداق پەيزى بىر شەيتان ھارۋا سېتىۋاپتۇ. ھەي كۇرۇك، ساڭا داداڭ دۇئا قىلىپتىكەن. ماڭا دادام نېمىشقا دۇئا قىلمىغان بولغىيدى؟ ئۇ دادىسىنى بەك غۇۋا ئويلىيالايتتى. ئىشقىلىپ دادىسىنى ئويلىسا، قىماردا ئۇتتۇرۇپ ئانىسىنى ئۇرغان ۋاقتى كۆز ئالدىدا پەيدا بولاتتى. لېكىن چىرايى تازا ئېنىق ئەمەس ئىدى. قاڭقى قوي مېيىنىڭ پۇرىقىدىن ھۇزۇرلىنىپ چايىنى ئىچتى. ئاندىن ھەممىسىغا نان چىلاپ قويدى. ھۆرەك تۇنۇگۇن بىر موماي ئوت كۆچۈرۈپ قويغاندىن بېرى خېلى ياخشى بولۇپ قالغاندەك قىلاتتى.

قاڭقى كۈندۈزدە قوغۇنلارنى ئۈزدى، سانىنى كەم مەلۇم قىلدى. كەچ پېشىن بىلەن قوغۇنلارنى سېتىپ بولدى. پۇلنىڭ يېرىمىنى ئېلىۋېلىپ قالغىنىنى بەردى. موماي قاڭقىغا غەزەپ بىلەن ئالىيىپ قويۇپ، كۈندە نەچچە قېتىم قاراپ باقىدىغان ساندۇقىغا سېلىپ قويدى. ساندۇقتا بىر پارچە كېپەنلىك رەخت بىلەن بىر ئاق رومال ۋە كونا - يېڭى كىيىملەر بار ئىدى. ئاندىن بۇلتۇرقى جىگدىدىن ئازراق بار ئىدى. قاڭقى ساندۇقتىكى نەرسىلەرنى بىر نەچچە قېتىم ئوغرىلاپ قىمار ئوينىغان، مومايىنىڭ ئېسى جايىدا بولمىغاچ تازا تۇيالمىغانىدى. شۇنداقتىمۇ بۇلار ئاخىرەتلىكىم دەپ ئۆزىنى

ئاگاھلاندۇرۇپ تۇراتتى. قاچقىنغا موماي ئۆچلۈكىدىن ھېچ نەرسە دەپ بەرمەي ئۆلۈپ قالىدىغاندەك كۆرۈندى.

كەچتە قاچقى ئۆيگە كىردى. موماي تېخىمۇ سەتلىشىپ كەتكەندەك تۇراتتى. ئۇنىڭ چىشسىز ئاغزى كۆككۇرتتەك لۆمۈلدەپ تۇراتتى. قاچقى دائىم ئۇنىڭ شۇنداق ئورۇق، تاياقتەك تۇرۇپمۇ ياشاۋاتقانلىقىغا ھەيران بولاتتى. ئۇنىڭ ئۆپكىسىدىن قۇرۇق تېرىنىڭ تاراقلىشىدەك ئاۋاز چىقاتتى. ئۇ بېشىنى يانغا بۇرىۋالدى. قاچقى بۈگۈن نېمە سورايدىغانلىقىنى تازا ئويلىۋالدى. ناۋادا سورىۋالمىسا بۇ پېخسىق موماي سىرلىرىنى گۆرگە ئېلىپلا كېتىدۇ. قاچقى شۇ قوتۇر كۈرۈكنىڭ ئالدىدا ئۆمۈر بويى بېشىنى كۆتۈرەلمەي ئۆتىدۇ. كۈرۈك دائىم شەھەرگە قاتناپ تۇرىدۇ. قاچقى شۇ چاقچە بىرەر قېتىممۇ بېرىپ باقمىدى. قىمارغىمۇ دەسمايە بولمىسا، دۇئا بولمىسا ئۇتقىلى بولمايدىكەن! مومايغا دۇئا قىلىپ قوي، دېمەكچى بولدى، ئۆلۈمىمنى تىلىدىڭ دەپ ھاسا تەگلىشىدىن قورقتى. شۇنداقتىمۇ سورىماي تۇرالمىدى.

— ھۆرەك، سەن ئۆلۈپ كېتىسەن، تىقىپ قويغان نېمەڭ بولسا دەپ قويۇپ كەت، بىكار ئارماندا كېتىسەن.

مومايدىن ئاۋاز چىقمىدى. قاچقى تۇرۇپلا قالدى. موماي دائىم دەرھاللا جاۋاب بېرەتتى. خېلى بولدى، ھېلىقى كۈنى قوغۇنلۇقتىن قېچىپ كىرگەندىن بۇيان، شۇنداق تەرسا مىجەز بولۇۋالدى. قاچقى ئاۋازىنى مۇلايىم چىقىرىپ يەنە سورىدى. مومايىنىڭ كانىيىدىن خارت-خۇرت قىلغان ئاۋاز چىقىپ كەتتى. ئۇ نېمە ئىش؟ دىققەتتە تىڭشىدى، موماي تەستە نەپەس ئېلىۋېتىپتۇ. بىر دەمدىن كېيىن ئۇ ھوشىدىن كەتكەندەك بولدى. يۈزىدىن ئىسقا ئوخشاش كۆكۈش بىر نەرسە كۆتۈرۈلدى. قاچقى داڭ قېتىپ قالدى. كۆزىگە ئىشەنەلمىدى. مومايىنىڭ كالپۇكلىرى لۆمۈلدەشكە باشلىدى. ئىس يەنە كۆتۈرۈلدى.

— قاچقى مەمەت، — مومايىنىڭ ئاۋازى جانسىز تىترەپ چىقتى، — مەن ساڭا بىر نەرسە قالدۇرۇپ كېتىمەن، شەرتىم، مېنى ئۆلگەندىن كېيىن قاسىم باينىڭ قېشىغا قويىسەن. ئاندىن قەبرەمنى قاتۇرۇپ ھەر پەيشەنبە يوقلاپ تۇرىسەن!

قاچقى مەمەتنىڭ بەدىنى تىكەنلىشىپ كەتتى. مومايىنىڭ ئويغاق ياكى ئۇيقۇلۇق ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدى. تېخى قاسىم باينىڭ قېشىغا قويغۇدەك كىشىمەن، بۇ ئالجىغان موماي نېمىلەرنى دەۋاتىدۇ، دەپ غۇدۇڭشىدى، بىر تۇرۇپ ئاڭلاپ باقمايمەنمۇ دەپ ئويلىدى.

— قاچقى مەمەت، تىڭشا ھەم ئېسىڭدە مەھكەم ساقلا، مەن ئۆلۈپ بىر يىلدىن كېيىن گۆرۈمنى ئاچقىن. چوقۇم كەچتە. كېپىنىمنى بەك يىرتىۋەتمە، ئاندىن سول پۇتۇمنىڭ ھوشۇقىنى ئالسەن، ئۇنى قولتۇقىڭغا ئېسىۋالساڭ بولىدۇ. ئاندىن مېنى ئۆز پېتىم كۆمۈپ قويىسەن. ھوشۇق سېنى مۇرادىڭغا يەتكۈزىدۇ! — دېدى موماي.

موماي جىمىپ كەتتى. قاچقى مومايىنىڭ راست دەۋاتقانلىقىغا ئىشەنەلمىدى. ئۆزىنى قاسىم باينىڭ قېشىغا كۆمدۈرىمەن دەپ شۇنداق ئالجىۋاتامدۇ-يا؟ مەيلى نېمىلا بولسۇن سىناپ بېقىش كېرەك. مومايىنىڭ غۇۋا تىنىقى بارلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، كۆڭلى بىر ئاز ئارامىغا چۈشتى. مامۇت كۈرۈكنىڭ ئانىسى ھوشۇق قويۇپ

www.uyghurkitap.com

كەتكەنىمىدۇ؟ ئۆزىگىمۇ بۇ توغرىلىق گەپ قىلىپ بەرمىگەن ئىدىغۇ؟ سوراپ بېقىش خەتەرلىك. ئەڭ ياخشىسى كۈتمەكتىن باشقا ئامال يوق. قاڭقى مەممەت مومايغا گۇمان بىلەن قاراپ قويۇپ قوغۇنلۇقتا ماڭدى. بىرىپلا سويمىدىن بىرنى يېرىپ يېدى ـ دە، بىردەمدىلا ئۇخلاپ قالدى. چۈشىدە گۆرگە كىرىپ قارىسا مومايىنىڭ قورسىقىدا بىر كاللەك يىلان تۇرغۇدەكمىش، هوشۇقنى ئالغىلى قويمىغۇدەكمىش، قاڭقى ۋارقىراپ ئويغىنىپ كەتتى. قېرى ئىت روهسىز بىر نەچچىنى قاۋاپ قويدى. ئاسمان يۇلتۇزلار بىلەن توشۇپ كەتكەن، قاڭقى مەممەتنىڭ كالپۇكىنى پاشا چېقىپ دورداپتىپ قويغانىدى.

قاڭقى ئويغانغاندا كۈن خېلى ئۆرلىگەنىدى. ئۇ ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆيگە ماڭدى. يولدا ئىزلارغا دىققەت قىلىپ هېچ نەرسىنى پەرق قىلالمىدى. ئۆيگە يېتىنالماي تەستە كىردى. مومايىنىڭ ياتقانلىقىنى كۆرۈپ خاتىرجەم بولغاندەك بولدى. چاينى ئەزمىلىك بىلەن ئىچتى. قوي مېيىنى كۆپ سالدى. مومايغىمۇ نان چىلاپ قاچىنىڭ ئاغزىنى كۆمتۈرۈپ قويدى. بىردەمدىن كېيىن ئەسنەپ كەتتى، مومايىنى تۇرتتى. ئۇ مىدىرلىمىدى، يەنە تۇرتتى. قولىنى مەيدىسىگە ئېلىپ كېلىپ تىڭشىدى. هېچ ئاۋاز چىقمىدى. ئىتتىك قوشنا ئايالنى چاقىرىپ كىردى. ئۇ ئايال يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ مومايىنى هۆرىخان ئاچا، دەپ چاقىردى. يېشانىسىگە قولىنى ئاپىراي دېگەندە يوغان روچمۇن غوڭ قىلىپ ئۇچۇپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئاللا توۋا كۆتۈرۈپ هازا ئېچىشقا باشلىدى. قاڭقى ئىشىك تۈۋىدە هاڭۋېقىپ قالدى. قوشنىسى مومايىنى پەرىشتىدەك سۈپەتلەپ قوشاق قوشۇشقا باشلىدى. ئاۋازى شۇنداق يېقىملىق ئىدى. هۆرى مومايىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى بىردەمدە يېقىن ئەتراپتىكىلەر ئاڭلاپ بولدى. ئۇلار كېلىپ هەممىسى بىر بولۇپ هەرە تويىدەك غۇڭۇلداپ هازا ئېچىشتى. قاڭقى بىلەن هېچكىمنىڭ كارى بولمىدى. ئۇ ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي ئۇياق ـ بۇياققا چۆكىلەپ يۈردى. يىغلاي دېۋىدى كۆزىگە ياش كەلمىدى.

جامائەت مومايىنى ئۇلۇغ كۈندە ئۆلۈپتۇ، دەپ نامازدىن كېيىن قويماقچى بولدى. قاڭقى باشقا گېپى يوقلۇقىنى ئېيتتى. پېشىن نامىزىدىن كېيىن مومايىنىڭ نامىزى چۈشۈرۈلۈپ جىنازا يولغا چىقتى. جىنازا ئالدىدا قاڭقى يالغۇز كېتىپ باراتتى. ماۋت كۆرۈك ئۇنىڭغا يېتىشىۋېلىپ يېنىدا گەپ قىلماي ماڭدى. باشقىلار ئۇنىڭغا پاختىلىق چاپان، كونا قۇلاقچا كىيدۈرۈپ، بېلىگە ئاق بەلباغ باغلاپ قويغان ئىدى. قاڭقى بىر تۇرۇپ بۇ قېرى ئەجەب ئىسسىق بىر كۈندە ئۆلدى. بىر يىل قانداق تۇشار، دەپ ئويلىسا، بىر تۇرۇپ موماي ئۆلىدىغان چاغدا ئالىجىپ ئالاجوقا گەپ قىلغان بولغىيدى، دەپ ئويلايتتى. يول توپا بولغاچ ئۇزۇن سەپنىڭ ئارقىسىدا چاڭ ـ توزان ئەگىشىپ كېلەتتى. ئۇنىڭ تەرلەپ ماجالى قالمىغىلى تۇردى. شۇ تاپتا پاقا شوراپ قويغان بولسىمۇ بىر قوغۇن بولسا ئەجەب ياخشى بولاتتى، دەپ ئويلىدى. مەھەللە سىرتىغا چىقىپ خېلى ماڭغاندىن كېيىن مازارلىققا بارغىلى بولاتتى. قاڭقى ئانچە ـ مۇنچە ئۇندەرىگەندەك ئانامەي، دەپ ۋارقىراپ قوياتتى. لېكىن ئۆزىنىڭ ۋارقىراۋاتقانلىقىغا كۆڭلىدە ئىشەنەلمەي كېلىۋاتاتتى.

پاختىلىق چاپان شۇنداق ئېغىر، ئاسماندا قۇياش بارلىق زەھىرىنى ئۇنىڭغىلا سانجىۋاتقاندەك قادىلىپلا تۇرۇۋالدى. مېيىت ئۇزاتقۇچىلار ھېلىدىن ـ ھېلىغا جىنازا كۆتۈرۈشكە ئالمىشىپ تۇراتتى. قاڭقى بىر تۇرۇپ ــ بۈگۈن ئۆلگىنىمۇ ياخشى بولدى، ئۇلۇغ كۈن بولغاچقا كۆپ ئادەم كەلدى، دەيتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۆزى تونۇمايدىغانلارمۇ كۆپ ئىدى. قارىغاندا مومايىنىڭ تەگتۇشلىرى خېلى باردەك قىلاتتى. ئۇلار چورۇقىنىڭ ئۇچىدا توپىنى كۈرەپ، توزۇتۇپ ماڭاتتى. قاڭقى پات ـ پاتلا ئانامەي، دادامەي، دەپ قويۇپ، يېڭى بىلەن تەرلىرىنى سۈرتۈپ كېتىپ باراتتى.

مەھەللە كىچىك بولسىمۇ زاراتگاھلىقى خېلىلا چوڭ ئىدى. ئۇلار قەبرىلەرنى ئارىلاپ، كولاپ قويغىلى خېلى بولغان بىر گۆرنىڭ ئالدىغا كەلدى. بۇنىسىمۇ موماي ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان ئوخشايدۇ، ئەتراپىنى يانتاق، جىگەن تاۋۇزى قاپلاپ كەتكەنىدى. بەزى چوڭراق قەبرىلەرگە ئالا ـ تاغىل بايراقلار سانجىپ قويۇلغانىدى. ئىككى ئادەم گۆرنىڭ ئىچىگە سەكرەپ كىردى. ئىككى ئادەم مېيىتنى جىنازىدىن چىقاردى، كىگىزدىن يەشتى، ئاندىن تاشقارقى گۆرگە چۈشۈردى. بىرى مومايىنى ئىچكىرىكى گۆرگە ئېلىپ كىرىپ كەتتى. گۆر كولانغىنىغا ئۇزۇن بولغاچ تاشقارقى گۆردە تۇرغانلار توپىغا كۆمۈلۈپ كەتتى. قاڭقى توپا بېسىققاندا قارىۋىدى، كېپەنلىكتىكى مومايىنىڭ ئېچىپ قويۇلغان يۈزى پارقىراپ كەتكەنىدەك بولدى.

مومايىنىڭ قىرقى توشقاندا قاڭقى مەھەللە ـ كويىدىكىلەرنى يارما ئاش ئېتىپ ئۇزاتتى. شۇ كۈنگىچە ئاق بەلباغ تونۇغىسىز بولۇپ، پاختىلىق چاپان قۇرتلاپ كەتكەنىدى. ماموت كۆرۈك قوناق ياردەم قىلدى، ئۆيىگە ئانچە ـ مۇنچە تاماق ئەپكىرىپ بېرىپ تۇردى. شۇنداقتىمۇ قاڭقى «خەپ كۆرۈك، بىر يىلىمۇ تۇشار» دەپ ئىچىدە خەپلەپ يۈردى. قاڭقىغا بېشىغا تېگىدىغان ھاسا ۋە خورەك ئاۋازىلا كەملەپ قالغاندەك تۇراتتى. ئۇ كەچتە قوغۇنلۇقتا ياتاتتى، قېرى ئۆچكە ئورۇقلاپ تۈگىشىپ كەتتى. بۇرۇنقىدەكلا يۇلتۇزلارنىڭ ئاسماندا جىمىرلاشلىرى، پاقىنىڭ كۇكىراشلىرى، پاشىنىڭ بىر كۈن بىر يېرىنى، يەنە بىر كۈن بىر يېرىنى دورداتىپ قويۇشلىرى... ئىشقىلىپ قاڭقى قوغۇنىدىن ئازراق پۇل قىلىۋالدى. ئەمدىكى ئۈمىدى يەنە گۆردە قالدى. بۇ موماي تىرىكىدە ئۆچ ئالالماي ئۆلگەنىدىن كېيىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن مېنى ئالداۋاتامدۇ ـ يا، دەپمۇ ئويلاپ كېتەتتى. زادى شۇ قوتۇر ئوشۇقتا نېمە كارامەت باردۇر؟ قاڭقى بىرى پېشىدىن تارتقاندەك مازارلىققا باردى. مومايىنىڭ قەبرىسىنى پەرق قىلالماي كۆپ جىلە بولدى، ئەتراپ قورقۇنچلۇق ھەم سۈرلۈك ئىدى. شىرىقىدە قىلغان ئاۋازلا قاڭقىنى تىترىتىپ، جېنىنى ئېلىشقا يېتىپ ئاشاتتى. ئۇ ئەمدى گۆرنى ئېچىشقا قۇربى يەتمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. كۆز ئالدىدا شۇنداق سەت ئالۋاستىلار پەيدا بولاتتى، يوقىلاتتى. بەزىسى مومايغا ئوخشايتتى. ئۇ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قاچتى. ناۋادا بىر ئاۋاز «توختا!» دېسىلا قاڭقى ئۆلۈپ قالغان بولاتتى. بولدى، قېرى قاغىنىڭ گۆرىگە كىرمەيمەن. بويىي بىلەن تەڭ ئالتۇن بەرسىمۇ، قوغۇنىنىڭ پۇلىنى تىقىۋالىمەن، ئىتنىڭ ئورنىغا مېنى باغلامدىكەن تېخى... قوغۇنلۇققا كەلگەندىلا ئۇ ئۆزىنىڭ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

ئەسەبىيلەرچە پىچىرلاۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى.

شۇندىن كېيىن ئۇ ھەر كۈنى كەچتە شۇنداق قېچىپ كېلىدىغان، ئاغزىدا بىر نېمىلەرنى توختىماي پىچىرلايدىغان بولدى. مازارلىققا باراتتى، قاچاتتى، باراتتى، يەنە قاچاتتى، قەبرىلەر ئارىلىشىپ كېتەتتى. ئۇ ئەندىشىگە چۈشۈپ قالدى. ئۇنداقتا قانداق بولىدۇ؟ كۈندۈزدە ئۇ تۈيدۈرماي بېرىپ بىر نەرسىنى بەلگە قىلىۋالاتتى. كەچتە يەنە يىتتۈرۈپ قوياتتى. كۆپ ۋاقتى مازارلىقتا ئالاقزادىلىكتە تۈگەتتى، كۆپ ئورۇقلاپ كەتتى. چىرايىدىن توپا ئۆرلىدى، ئۆزئۆزىنىڭ بىر يىل توشمايلا ئۆلۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ قورقۇپ قالدى.

بۇ كۈنى ئاي قاراڭغۇسى بولغان ئىدى. قاڭقى تىمىسقىلاپ بىرى پېشىدىن تارتقاندەك مازارلىققا باردى. خۇپتەن نامىزى ئوقۇلۇپ بولغىنىغا خېلى بولغان ۋاقىت ئىدى. ئەتراپ تىمتاس، يېقىن جايدىن قويىنىڭ مەرىگەن ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. قاڭقى نىشانىنى پەرق قىلالمىدى، ئادىشىپ قالدى. كېيىن يەنە تام ياقىلاپ كىرىش ئېغىزىغا كەلدى. ئاندىن نىشانىنى ئۇدۇللىۋېلىپ ماڭدى، بىر ئادىشىپ يەنە توغرىلىۋالدى. ئەتراپقا سىنچىلاپ قارىدى. قەبرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ بىردەم ئارام ئالدى، ئاندىن تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ توپىنى تارتىشقا باشلىدى، توپا يۇمشاق، نەمخۇش ئىدى، يۈرىكى قاتتىق سوقۇۋاتاتتى. ھەر سوققاندا ئۆزىنىڭ تىترەپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتى. ئاغزى قۇرۇپ كەتتى. پۈتۈن ئىچ باغرى، ئۆپكىسىنى مازار توپىسى قاپلاپ كەتكەندەك ھېس قىلاتتى. شۇنداقتىمۇ ئازلا قالدى، مۇنكىر ـ نەكىر، يەنە بىر پەستىن كېيىن... ــ دەپ پىچىرلايتتى. ئىچكەركى گۆرنىڭ خىشى كۆرۈنگەندە چېكە تومۇرى يېرىلىپ كېتىدىغاندەك سوقۇپ كەتتى. ھەي، كاساپەت تومۇرلىرىم ئېتىلىپ كەتمىگىدى، دەپ پىچىرلىدى. بىردەم ئولتۇرۇپ ئارام ئالغۇسى كەلدى، لېكىن ئالدىرايتتى. بىر نەرسىنىڭ خارتىلدىغان ئاۋازى ئۇنى ئوڭدىسىغا ئۇچۇرۇۋەتتى. ھوشىنى يىغىپ دىققەت بىلەن تىڭشىدى، كۆزىنى ئېچىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ئاۋاز گۆردىن چىققاندەك قىلمايتتى، شۇندىلا كۆڭلى ئارامىغا چۈشۈپ كۆزىنى ئاچتى. گۆرنىڭ يۇقىرى تەرىپىدە بىر ئىت ھاسىراپ تىلىنى ساڭگىلىتىپ تۇراتتى. قاڭقى مەمەت چالمىدىن بىرنى تېپىپ، پەملەپ تۇرۇپ ئاتتى. قورقۇپ تىترەپ كەتكەچكىمۇ تەگكۈزەلمىدى. ئىت قېچىپ كەتتى، ئاندىن يىراقتا تۇرۇپ ھۇۋلاشقا باشلىدى. قاڭقىنى سۈر بېسىپ پۈتۈن بەدىنى تەرلەپ كەتتى. بىسمىللا، دەپ خىشقا قولىنى ئۇزاتتى ۋە دەرھال تارتىۋالدى. گۇناھلىق ئىش قىلىۋېتىپمۇ شۇنداق دېسە بولامدىغاندۇ، دەپ ئويلاپ قالدى. بولدىلا، ھەممىسى مومايغا ھېساب، ئۇ خىشقا قولىنى ئۇزاتتى. خىشقا چاپلىشىپ قالغان توپا شۆررىدە سىيرىلىپ چۈشتى. بىرنى، ئىككىنى ئالدى. گۆر ئىچىدىن سېسىق پۇراق ئېتىلىپ چىقتى. قاڭقى تۇمشۇقىنى پېشىدە ئوراۋېلىپ، كۆزىنى يۇمۇپ تۇردى. ۋاقىت ئاستا ئۆتەتتى. لېكىن بىر تۇرۇپ تاڭ ھازىرلا يورۇيدىغاندەك، كىشىلەر ئۇنى كۆرۈپ قالىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. ئاخىرى تۇمشۇقىنى تۆشۈككە ئاپىرىپ باقتى. پۇراق ئاۋالقىدىن سۇسلاپ قالغاندەك ئىدى. ئۇ كۆزىنى يۇمۇپ بۇرنىنى پۇركەپ، بىر قولى بىلەن سىيلاپ ـ سىيپىلاپ

خىشلارنى سۆكۈشكە باشلىدى. خىش بەك يوغان بىلىندى، ئۇنىڭ ئېسىدە قېلىشىچە خىش بۇنچە چوڭ ئەمەستەك ئىدى. ھېرىپ ھالىم قالمىغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدى. قولىنى تۆشۈك ئىچىدە ئايلاندۇرۇپ بېقىۋىدى. ئۆزى پاتقۇدەك ئېچىلغانلىقىنى ھېس قىلدى. گۆرگە بىر تەرەپتىن شىرىلداپ توپا ئېقىپ كىرىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ كەينىچە كىرىشكە باشلىدى، تىنىقلىرى توختاپ قالدى. چېكە تومۇرلىرى ئۇزاق ـ ئۇزاقتا بىر سوققاندەك، كاللىسى تىترەپ كېتىۋاتقاندەك بىلىندى. گۆرگە كىرىپمۇ بولدى، ئۇھ، دەپ ھاردۇق ئالدى ـ يۇ، شۇئان كۆڭلى ئېلىشىپ كۆزى قاراڭغۇلىشىپ كەتتى. بىر پەستىن كېيىن سۇبھانالla، دەپ كۆزىنى ئاچتى. ئالدىدا پارچە سۆڭەكلەر تىزىلىپ ياتاتتى. ئەجەب ئىش، شۇنداق ئاسان قۇرت يەپ كەتكەندىمۇ؟ خۇدا ماڭا ئىچ ئاغرىتقان ئوخشايدۇ، دېمۇ ئويلاپ قالدى. ئىچ باغرىغا توپا ـ تۇمانلىق سېسىق پۇراق سىڭىپ كەتتى. تۇيۇقسىز ئۆزىنىڭ دەل ئۆلۈكنىڭ قورساق تەرىپىدە ئولتۇرغانلىقىنى بىلىپ قېلىپ ئىتتىك قوپتى. لېكىن بېشى گۆرنىڭ تورۇسىغا تېگىپ لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى. كاللىسى ئوڭ ـ تەتۈر چۆگىلەپ، گۆر دۈم كۆمتۈرۈلگەندەك بولدى، ۋارقىراپ تاشلىۋىدى، كانىيىدىن ھېچقانداق ئاۋاز چىقمىدى. گۆر ئاغزىدىن قاپقاراڭغۇ تۈن كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئاغزى شۇ قاپقاراڭغۇ تۈننىڭ دەھشەتلىك ئاغزىدەك، ھازىرلا ئۆزىنى يۇتۇۋېتىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. بۇ ئېغىز ئىچىدە كۆكۈش نۇر چېچىپ تۇرغان ئىككى نەرسە كۆرۈندى. ئۇ ساراسىمىگە چۈشۈپ قالدى، بىردەم قىمىرلىماي تۇرغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ھېلىقى ئىتنىڭ كۆزى ئىكەنلىكىنى بىلىپ بىر ئاز جانلاندى. ئۇ ئەتراپقا سەپ سېلىپ يەرنى قارىسىغا سىيپىلاشقا باشلىدى. كۆزى غۇۋا ئاقىرىپ تۇرغان بىرپارچە سۆڭەككە چۈشتى. ئۇ ھوشۇقتەك تۇراتتى ھەم باشقا سۆڭەكلەردىن پەرقلىق ئىدى. ئۇنى ئالماقچى بولدى. لېكىن ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى. بىر تۇرۇپ مومايىنىڭ ئۆزىنى ئالدىغىنىنى جەزم قىلاتتى. بىر تۇرۇپ بالدۇر كېلىپ قالغانلىقىم ئۈچۈن شۇنداق بولدى، دەپ ئويلايتتى. قاڭقىنىڭ گۆردىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىشىغا ئىت بەدەر تىكىۋەتتى. ئۇ ھوشۇقنى يانچۇقىغا سېلىۋالدى. قايسى پۇتىنىڭكىنى ئالغاندىمەن دەپ دەرگۇمان تۇرۇپ قالدى. قايتا كىرىشكە ماجالى قالمىغانىدى. خىشلارنى كەلسە ـ كەلمەس تىزىپ، توپىنى ئىتتىرىشكە باشلىدى. قانداقلا قىلسۇن ئەسلىدىكىگە ئوخشىتالمىدى. باشقا يەردىكى قۇرۇق توپىدىن چاپىنىغا ئۇسۇپ ئەپكىرىپ گۆر ئۈستىگە چاچتى، يەنە ئوخشىمىدى. ئاخىر ئۆيىگە قاراپ بەدەر قاچتى. ئىت قورقۇپ ئۇنىڭ ئالدىدا قاچتى. ئاخىر ئىككىسى ئىككى تەرەپكە قاچتى. بىر پەستىن كېيىن ئىت ئۆزىنى قوغلىمايۋاتقانلىقىنى بىلىپ، كۆكۈش كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ قاراپ قالدى.

قاڭقى شۇ چاپقىنىچە ئۆيىگە كەلدى ۋە سوغۇق سۇدىن راسا ئىچتى، ئىچ ـ باغرىدىكى توپا ـ تۇمانلار پاتقاقتا ئايلىنىپ كەتكەندەك بولدى، بىردەمدەلا يىدەك ئىزىلىپ ئۇيقۇغا كەتتى. چۈشىدە، قاسىم باينى كۆردى. ئۇ ئېتىكاپ ئالدىدا تۇراتتى. چاپانلىرى يىرتىق، بەدىنىمۇ مايماق كۆرۈنەتتى. جامائەت ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ تۇراتتى. ئۇ بولسا ھوشۇقنى يېرىق پۇتىنى كۆرسىتىپ جاما‐

ئەتكە زارلىناتتى. قاقشايتتى. ئاقساپ مېڭىپ قوياتتى. ھاسىسىنى شىلتىپ قوياتتى. جامائەت غۇڭۇلداپ سۈرىلەرنى تەكشى ئاۋازدا ئوقۇيتتى، بەزىلەر ياقىسىنى، پېشىنى چىشلەيتتى، ئويۇقنىڭ يېنىدىكى جىن چىراغ غۇۋا يورۇپ تۇراتتى، ئاۋاز توختىغاندا پېشايۋاندىكى قالغاچنىڭ ياكى باشقا قۇشنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. قاسىم باي يەنە ھوشۇقنى كۆرسىتىۋاتاتتى...

قاڭقى ئويغىنىپ قارىسا، كۈن خېلى ئۆرلىگەندى. كۆزىنى ئۇۋۇلاۋېتىپ چۈشىنى ئويلىدى. نېمىدىن بېشارەت بېرىدىغانلىقىنى ئۇقالماي ئۇزاق ئولتۇردى. قويىندا بىر ھوشۇق تۇراتتى.

ئۇ بىر كۈن كەچكىچە يۈرەكزادە بولۇپ يۈردى. بىردەمدىلا ئاغزىنىڭ ئەتراپىغا قوقاق چىقىپ كەتتى. ئۇ قىچىشىۋاتقان قوقاقنى تاتىلىغاچ ئورۇق ئۆچكىگە قاراپ ئولتۇرۇۋەردى. ئورۇقلاپ كەتكەن ئۆچكە كىچىك بالا يىغلىغاندەك مەرەپ قوياتتى، كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتەتتى. ناماز شام بولغاندا ئۆچكە قاتتىق مەرىدى. قاڭقى چۆچۈپ قارىغانىدى، ئۇ قاسىم بايغا ئوخشاپ قالدى. ياشاڭغۇراپ تۇرغان كۆزلىرى، بىر تۇتام ساقىلى... قاڭقى بىر ۋارقىراپلا ئۆيگە قېچىپ كىردى. سۇبھاناللانى شۇنچە تەكرارلىسىمۇ ئۆچكە مەرەشتىن توختىمىدى. ئاغزىدا دەل شۇ، نەق ئۆزى، ئۆچكە، دەپ بىر بۇلۇڭغا تۈگۈلۈپ كىرىۋالدى، ئاخىرى ئۇخلاپمۇ قالدى. چۈشىدە قاسىم باي ئاقساق پۇتىنى خالايىققا كۆرسىتىپ زارلايتتى، قارغايتتى. بىردە ئۆچكىگە ئايلىنىپ مەسچىتتە چۆگىلەپ يۈرەتتى، مەرەپ قوياتتى. قاڭقى بولالمىدى. ھويلىدا ئۆچكە مەرەۋاتاتتى. ئۇ ئاستا مېڭىپ مازارلىققا باردى. گۆر ئوچۇق تۇراتتى. كۆمەي كەتمىگەندەك ئىدىمىغۇ دەپ ئويلىدى. ئىشىنىڭ تېگىگە زادى يېتەلمىدى. قويىنىدىكى ھوشۇقنى گۆر ئىچىگە تاشلىۋەتتى.

كۈن شۇنداق ئۆتۈۋەردى. قاڭقى ئاچ قالمىدى، لېكىن قىمارنى شۇندىن كېيىن ئوينىمىدى. ھازىر كېچىچە مامۇت كورۇكنىڭ ئالتۇنلىرىنى ئۇتۇپ چۈشەپ چىقىدىغان بولدى. قاسىم باي چۈشىدە كۆرۈنمىدى. يۈزىدىكى قوقاقلار بارا - بارا يوقاپ كەتتى. قېرى ئۆچكە ئەمدى قاسىم باي ئەمەستەك تۇراتتى. ئۇ ئۆينىڭ بىر ئېغىزىدىن باشقىلىرىنى تاشلىۋەتتى، مەھەللە ئېغىزىدىكى كۆل بېشىدا قارتىمۇ ئوينىمىدى. كورۇك نەچچە قېتىم دوغا چاقىرغان بولسىمۇ خەپ، شۇ ھوشۇقنى بىر ئالاي، شۇ چاغدا كارامىتىڭنى بىر كۆرەي، دەپ ئىچىدە خەپلەپ يۈرۈۋەردى، قوشنىلىرى بۇ قاڭقىغا جىن چاپلاشقاندەك تۇرىدۇ، ھېچ بولمىغاندا ئۆيلەپ قويساق بولاتتى، دەپ ئۇنىڭغا ئەردىن چىققان يېتىم جۇۋاننى سايە قىلدى، قاڭقى ئۇنىمىدى. قېرى ئاياللار ئۇھ تارتىپ ھەي سېنىڭ يېشىڭدا... بۇ بالىنىڭ بىرەر كەمتۈك تەرىپى بارمىدۇ - يە؟! دېيىشىپ ئامالسىز باش چايقاپ قېلىشىۋېرىشتى. بۇ گەپمۇ ئاستا - ئاستا يىمتتى. بىراق، قاڭقى ئۇستىدە تەڭتۇشلار ئارىسىدا باشقا گەپلەر ئاۋۇپ قالدى. مامۇت كورۇك بۇ دۆرەم تېخىمۇ يايراپ كەتتى، بىر كۈنى يۈزىدىن - يۈزىگە ئوغۇل بالا دېگەن شۇ يەردىن كەتكۈزۈپ قويسا... ھەي، ھەتتا قىمارمۇ ئوينىيالمايدۇ، دېدى. ئامال يوق. قاڭقى چىداپ يۈرۈۋەردى.

ئۇ بىر كۈنى چۈشتە قوپۇپ ئويلىنىپ

قالدى. نېمىشقا مازارلىقنى ئۇنتۇپ
قالغاندىمەن؟ ئۆچكىنى تاشلاپلا شۇ يەرگە
بارمايمەنمۇ؟ ئۇ زەيكەشلىككە قاراپ ماڭدى.
ئۇ يەر ئۈچ ـ تۆت چاقىرىم كېلەتتى، بۇ-
رۇنلاردا تولا بارىدىغان. قاڭقى كەڭ ساز-
لىقنى بىر كۆرۈپلا شۇنداق ئازادىلىشىپ
قالدى، كۆڭلى بۇزۇلۇپ يىغلاپ كەتتى. كۆڭ-
لىگە ئورنىشۇالغان تۈپىلار ئېقىپ چىقىپ
كەتكەندەك بولدى. بىرەر بۇلاقنىڭ كۆزىگە
چۈشۈپ كېتىپ قالماي دەپمۇ ئويلىمىدى.
ساز سۈيىگە چۆمۈلۈپ قىن ـ قىنىغا پاتماي
ئويناپ كەتتى. قاڭقى يەنە يىغلاپ تاش-
لىدى. بېلىقلار ئۇنىڭ بەدىنىنى غىدىق-
لايتتى، سازلىقنىڭ ئەتراپى قومۇش بىلەن
قاپلانغاندى، باشلىرىدا ئېغىر تۈزغاقلار
ئىغاڭلاپ تۇراتتى، ئاندا ـ ساندا غازنىڭ
ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالاتتى. قاڭقى مومايىنىڭ
ھۆشۇقىنى ئۇنتۇپ كەتتى، سۇدىن چىقىپ
شۈر يەردە ياتتى. ساپسېرىق بىر قۇش
يېقىنلا يەردە قۇيرۇقىنى لىكىلدىتىپ تۇ-
راتتى. قاڭقى قوپۇپ ساز سۈيىنىڭ يې-
نىغا باردى. ئۇششاق بېلىقلار تەرەپ-
تەرەپكە قېچىپ كەتتى. بىردەمدىن كېيىن
ئۇلار ئاستا ـ ئاستا قاڭقىنىڭ ئالدىغا كەل-
دى، لەشلەرنىڭ ئارىسىغا كىردى. ئۇ چەب-
دەسلىك بىلەن لەشنى يۇلۇپ قۇرۇق يەرگە
ئاتتى. ئاندىن كۆتۈرۈپ سىلكىدى. باشمال-
تاقتەك پارقىراق زاغرا بېلىقلار، بۇدرۇق-
قىنە بېلىقلار يەرگە سەكرەپ چۈشتى.
قاڭقى ئۇلارنى تېرىۋېلىپ ئۇزاق قاراپ
كەتتى. يۇمۇلمايدىغان كۆزلىرى، سىيلىق
بەدىنى، قۇيرۇقلىرى... قاڭقى ماڭا سايە
قىلىشقىنى مۇشۇ بېلىقتەك بولسا كاشكى،
دەپ ئويلاپ قالدى. ئۇنىڭچە ئۇ كۆرگەن
ھەم ئېسىدە قالغانلارنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن
چىرايلىقى شۇ بېلىق ئىدى. ئۇ بېلىقلارنى
سۇغا سېلىپ قويدى. بېلىقلار دەسلەپ
تازا ئىشىنەلمەي تۇردى. كېيىن ھايت
دېگۈچە كۆزدىن يوقالدى. ئۇ قايسى بىرلىرى-
نىڭ قايسى تەرەپلەرگە كەتكەنلىكىگە ئۇزاق
سىنچىلاپ قاراپ تۇردى. يۈرىكى ئېغىپ
كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلدى. ئاندىن ئار-
قىمۇ ئارقا بىرنەچچە قېتىم يەنە شۇنداق
قىلىپ ئوينىدى. بېلىقلارغا قانىدىغاندەك
ئەمەس ئىدى. قوش چاڭگىلىغا سۇ ئېلىپ
بېلىقلارنىڭ ئالقىنىنى غىدىقلىشىدىن ئۇ-
زاق، سۇ سىرغىپ تۆگەپ كەتكۈچە ھۇ-
زۇرلىنىپ تۇردى.

كەچكى شەپەق كۆل يۈزىنى قىزار-
تىۋەتكەندە قۇشلارنىڭ ئاۋازى كۆپەيدى.
سازلىق ئوتتۇرىسىدىكى دۆمبەللەردىن ياۋا
ئۆردەكنىڭ غاقىلدىغان ئاۋازى ئاڭلىناتتى.
قاڭقى بىر دۆڭلۈكنىڭ ئاستىغا كەلدى،
دۆڭنىڭ ھەممە يېرىدە ۋىلىقلاپ كىچىك-
كىچىك بۇلاقلار چىقىپ تۇراتتى. ئۇ بىر
بۇلاق كۆزىنى كۆمدى. لېكىن سۇ بىردەمدە
كۆتۈرۈلۈپ چىقتى، چالما تېپىپ كېلىپ
تىقىۋەتتى، لېكىن، سۇ بىردەمدە يېنىدىن
چىقتى. ئىشقىلىپ بۇ كىچىكىدىن تارتىپ
ئوينىغان ئويۇن. ئۇ چاغدا مامۇت كۈرۈك
بىلەن بىللە ئوينايتتى. كۈرۈك ھازىرغۇ
ئايىنىپ كەتتى. قاڭقى قورسىقى ئېچىپ
كوركىراشقا باشلىغاندا، ئۆيگە قايتىپ كەلدى.

قاڭقى يېرىم كېچە بولغاندا ئويغى-
نىپ كەتتى. ئۇيقۇسى قاچقانىدى. ئولتۇ-
رۇپ ئۇزاق ئويلاندى. كۆز ئالدىدا بېلىقلار
پەيدا بولمىدى. بۇلاقلار بۇلدۇقلاپ تۇر-
مىدى. ئۇ ئورنىدىن ئىتتىك تۇرۇپ مازار-
لىققا قاراپ چاپتى. بىرنەرسە پېشىدىن
تارتقاندەك بولدى. ئۇ چاقىقانلىشىپ كەتتى.

بىردەمدە ئۆزىمۇ ئۇقماي ئۆزىنى گۆرنىڭ خىشىنى تارتىۋاتقان ھالدا كۆردى. ئىچكىرىدىن زەي، سېسىق پۇراق چىقىپ تۇراتتى. ئۇ گۆر ئىچىگە پۈتىچىلاپ چۈشتى. مېيىت ساقلا تۇراتتى. ئۇ باشقا گۆرنى كولاپ قالغاندىمەنمۇ، دەپ ئەندىشە قىلدى. كېيىن كېپەنلىكنى ئاستا تارتىپ سالدۇرۇشقا باشلىدى، تۇرۇلۇپ قېلىپ كۈچەپ بىر تارتتى، تۇيۇقسىز بىر پەشۋا كېلىپ ئېڭىكىگە تەگدى. ئۇ ئوڭدىسىغا ئۇچۇپ كەتتى. قاغقى ئاجايىپ چوڭقۇر ئازگالغا چۈشۈپ كېتىپ باراتتى، چۈشەتتى، چۈشەتتى. زادى تېگى كۆرۈنمىگەندەك ئەمەس ئىدى. ۋاي، دەپ ئىككى قولىنى شىلتىۋىدى، قولى نەم توپىغا تەگدى. قاغقى ئۆزىنىڭ قانداقسىگە گۆر ئۈستىگە چىقىپ قالغانلىقىغا جاۋاب تاپالماي ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ كەتتى. بىر نەرسىنىڭ ئېڭىكىگە تەگكەنلىكى ئېسىدە. ئېڭىكىنىڭ قاتتىق ئاغرىۋاتقانلىقىنى سەزدى. تاشقىرقى گۆرگە سىيرىلىپ چۈشۈپ خىشنى ئېگىز - پەس تىزدى. توپىنى جان - جەھلى بىلەن تارتىپ چۈشۈرۈشكە باشلىدى. ئىچىدە ئىت موماي، ۋاقىت توشمىدى، دەپ تەپكىنىڭمۇ - ھە؟ قېرى قاغا، مەمەت قاغقاغىنىڭ ھالىنى بىلمەمتىڭ! سەن قېرى، ئۆلۈك تۇرۇپمۇ قانداق تەپتىڭ؟! دەپ سۆزلەيتتى. راست قانداق تەپكەندۇ؟ ئويلا، ئويلا ئۆيىگە بەدەر قاچتى. ئۆيىدىن ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنىمۇ تۇيماي قالدى. ئاندىن ئارقىسىغا يېنىپ ئۆيىگە كىردى. ئۆچكە مەرۋىدى. يۈرىكى تېخىمۇ سېلىپ كەتتى. ئۇ ھارغانىدى. تېزلا ئۇيقۇغا كەتتى. چۈشىدە چاچلىرى چۇۋۇق، كېپەنلىرى يىرتىق بىر موماي قاغقىنى سۆرۈپ چىقتى. ئەتىسى ئېڭىكىنىڭ مايماق بولۇپ قالغانلىقىنى ئەينەكتىن كۆردى.

قاغقى شۇندىن كېيىن خېلى ۋاقىتقىچە مازارلىققا قورقۇپ بارالمىدى، گۇمانلاندى. مومايىنىڭ ئۆزىنى ئالدىغانلىقىنى تېخىمۇ جەزملەشتۈردى. لېكىن ئۈمىدىنى ئۈزەلمىدى. قارا قىشنىڭ ئۇزۇن كېچىلىرى مازارلىقتا دىلغۇلدا بولۇپ ئۇزاق - ئۇزاق تۇردى. قېرى ئۆچكىنى سېتىۋەتتى. ئىت ئۆلۈپ قالدى. ئۇنىڭ چىلىدىن چىقمايدىغانلىقىغا ئۆزىنىڭمۇ كۆزى يەتكەنىدى. مامۇت كۈرۈك بولتۇر شەھەرگە كىرىپ كەتكەن پېتى قايتىپ چىقمىدى. كىشىلەرمۇ ئۇنى ئۇنتۇپ قالغاندەك ئىدى. بىراق مەھەللە كويىدىكىلەر قاغقىنى ساراڭ دەپ بىلىدىغان بولدى. بولمىسا مومىسىنىڭ گۆرىنى قازاتتىمۇ؟

ھەش - پەش دېگۈچە قوغۇن پىششىقى بولۇپ قالدى. ئويلىسا شۇنداق تەسكە چۈشكەن كۈنلەرنى قانداق ئۆتكۈزگەنلىكىگە ئۆزىمۇ بىر نەرسە دېيەلمەيتتى. قوغۇننىڭ باش بۇرنىنى قورقماي ئۆزى يەۋالدى. بازارغا ھەپتىدىن كېيىن ئەكىرسە قىمارغا لايىق ئازراق بىر نەرسە چىقىرىۋالدۇ. ئۇ كېچە - كېچىلەپ ئاسمانغا قاراپ ياتاتتى. خىيالىغا بىلىقتا ئوخشاش چىرايلىق قىزلار كىرىپ تۇراتتى. لېكىن ئۇلار كۆپرەك جىنغا ئوخشايتتى. پاشا غىڭشىپ ئۇخلاتمايتتى. ئەتراپنى پاقا، چېكەتكىنىڭ ئاۋازى بىر ئالغان ئىدى، غۇر - غۇر شامال زەيكەشنىڭ، قوغۇن پېلەكلىرىنىڭ پۇرىقىنى ئېلىپ كېلەتتى. قاغقى كۆزى ئەمدىلا ئۇيقۇغا بېرىلىپلا ئويغىنىپ كەتتى. بىرى ئۇنى تۈرتكەندەك قىلغانىدى. خېلى ئويلاپ كۆردى. ۋاقىتنى تەپسىلىي ھېسابلىدى. ئاندىن مازارلىققا ئۇچقاندەك باردى، كولىدى،

بەك چوڭقۇر كولىدى. بۇ قېتىم ئازمىدى. تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغاندەك تۇراتتى. ئاخىرى قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، گۆر ئېچىلدى. قاڭقى ھوشۇقنى ئالغىچە يۈرىكىم يېرىلىپ كەتمىسىلا بولاتتى، دەپ ئويلىدى. بۇ قېرى موماي يەنە بىرەر توزاق قۇرۇپ ئولتۇرغان بولمىسۇن، ئاۋايلاش كېرەك. ئىڭىكىمگە تەپكەن قېرى...ياكى ئۇرغاندۇر. سەت ئالا جوقا، ياق، توۋا، پەرىشتىدەك قېرىغان مومام، ئېسىل مېھرىبان چوڭئانام ئىدى. كۆيۈمچان، بېلىقتەك مومام. ئۇ گۆرنىڭ ئىچىگە كىردى، ئىسكىلىت تېرىلىپ تۇراتتى. مېيىتنىڭ سول تەرىپىنى تەستە پەرق قىلدى. ھوشۇق پارقىراپ نۇر چېچىپ تۇراتتى، ئۇ ئالدى، قوللىرى كۆيۈپ كەتكەندەك بولدى. سۆڭەكلەر تېرىلىپ كەتتى. ئاھ، مومامنىڭ ھوشۇقى، سېنى بىر يىل كۈتتۈم، مازار چاشقىنىدەك ھەممە يەرنى كولاپ بولدۇم. خۇددى ئىتتەك، قاڭقى ھوشۇقنى كۆزلىرىگە سۈرتۈپ كەتتى، يۈرىكىگە تاڭدى، ئاندىن گۆردىن سۇغۇرۇلۇپ چىقتى. چىقىپلا يېتىپ قالدى. كۆڭلى كەتكەندەك بولدى. ئاھ، خۇدا، قوغۇنۇمنى تېرىسام بولمامتى، بېلىقىمنى، بۇلىقىمنى ئويىنىسام بولمامتى. ماڭا قايسى كۈنلەرنى كۆرسەتەر ئەمدى بۇ ھوشۇق، مېنى راستىنلا مۇرادىمغا يەتكۈزەرمۇ؟!

ئاۋات شەھەرنىڭ كوچىسىدا قاڭقى تىنەپ-تەمتىرەپ يۈرەتتى. ئۇ خۇش بولۇپمۇ كەتمىدى، ماگىزىنلارغا كىردى، چىقتى. ماگىزىن ئەينىكىگە قارىسا ئۆزىنىڭ شۇ يىرگىنچىلىك بەتبەشىرىسى، مايماق ئېگىكى، قارا ئورۇق يۈزى... بولار ھوشۇققا تۆلىگەن بەدەل. ئۇ ئاخىرى نېمىگە ئېرىشەر؟ قاڭقى بۇ يەرنىڭ ئادەملىرىنىڭ قانداقلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى. ئۇ مەتودەك دوقۇرۇپ يۈرۈۋەردى. بىر چاغدا بىرى دولىسىغا قاقتى. قاڭقى چۆچۈپ كەتتى. قارىسا بىرى ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قولىغا بىر سومكىنى تۇتقۇزۇپ قويىدى ۋە سومكىنى قالايمىقان تاشلاپ قويماڭ، بىكار يۈتۈپ كېتىدۇ، دەپ كېتىپ قالدى. قاڭقى ئاغزىنى ئۆمەللەپ بولغۇچە ئۇ ئادەم كۆزدىن غايىببولغانىدى. ئۇداڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى.

قاڭقى ھوشۇقىنى ئېلىپلا بۇ يانغا ماڭغان ئىدى. ئۇ ھېچنەرسىنى ئويلىيالماي، پەقەت شەھەرگە بارسىلا بولدى، دەپ كېچىلەپ ماڭغانىدى. ھازىر نېمە قىلارىنى ئۇقماي تۇرۇپ قالدى. سومكا خېلى ئېغىر تۇراتتى. مۇنداق چىرايلىق سومكىنى ئۇ بۇرۇن زادىلا كۆرۈپ باقمىغان، ئېچىپ قاراپ بېقىشقا پېتىنالمىدى، تەستە مېڭىپ كوچىغا چىقتى. نەگىلا قارىسا مىغىلداپ تۇرغان ئادەم، قاراپ باقايچۇ دەپ خىلۋەترەك بىر يەرنى تەستە تاپتى. سومكىنى يەرگە قويىدى. لېكىن ئاياغ ئاۋازى ئاڭلىنىپ توختاپ قالدى. بىر ئايال مېڭىپ كېلىپ ئۇنىڭ كۆزىگە يېقىملىق قارىدى. بېلىققا ئوخشىمىسىمۇ بەك پۇزۇر ئايال ئىكەن دەپ ئويلىدى ئۇ، يۈرىكى پوكۇلداپ كەتتى. كۆزىنى ئېلىپ قاچسىمۇ ئايال ئۇدۇل كېلىۋەردى. قاڭقىغا سالام قىلدى. قاڭقىمۇ سالام قايتۇردى. ئاغزىنى تەستە مىدىرلىتىپ سومكا سىلىنىڭمۇ؟ دېمەكچى بولۇۋاتقاندا ئايال:

—سەرادىن كەلدىڭمۇ؟—دەپ سوراپ قالدى.

—ھەئە، بۇ...—دەپ قاڭقى تۇرۇپ قالدى.

—بۇرۇن كېلىپ باققانمۇ؟

—ياق، كەلمىگەن، تەلەي سىناي دەپ بىر كەلدىم. راست ماموت كۇرۇك. بىز دوست ئىدۇق. شۇنى ئىزدەپ كەلگەن ئىدىم.

—كىم؟ ماموت ئىسىملىك ئادەم تولا، كۇرۇك دېگەن ئادەمنى ئاڭلاپ باقماپتىمەن.

—زەيكەشتىن كەلگىلى بىر يىل بولـ
مىدى. ئېگىز قاڭشارلىق ئادەم.
—ھە، راست ماموت ھاجىم. قويىسلا
يىگىتچاق. مەن ئۇنى بۇرۇن ياخشى كۆتـ
كەن ئىدىم. ھازىر مەندىن چانىدى. نېمە،
بىرەر مەدىكارچىلىقى بولسا قىلىپ بېرەي
دەپ كەلگەنمۇ؟ يا باشقا ئىشىمۇ؟
—ياق، مەن ئۇنىڭ بىلەن قىمار ئويـ
نىغىلى كەلدىم.
ئۇ ئايال بىردەم قاراپ قالدى. ئۇنىڭ
گېپىگە ئىشەنمەيدىغاندەك تۇرۇپ كەتتى.
قاڭقى بۇ ئايالنىڭ ئۆزىگە نېمىشقا مۇنداق
يېقىنچىلىق قىلىدىغانلىقىنى بىلەلمىدى. ئۇنىڭ
ئۆزىنى مۇنداق بىمالال تۇتۇۋاتقانلىقىغا
ھەۋىسى كەلدى.
—نېمە ھۇنەر قىلىدىلا؟
—ھۇنىرىم يوق. قىمار ئوينايمەن،—
دېدى قاڭقى. شۇتاپ ئۇ سومكىنىمۇ ئۇنـ
تۇپ قالغانىدى.
—گەپىنىڭ پوسكاللىسىنى دەيدىكەنلا.
لېكىن بۇ تۇرقىلىرى بىلەن شەھەردە ھېچ
ئىشنى بىر باشقا چىقىرالمايلا. بەك تەس.
ناۋادا خالىسام بىر ئاي ئىچىدە بۇ شە-
ھەردىكى ھەرقانداق ئادەمدىن قېلىشمىـ
غۇدەك پەيزى يىگىت قىلىۋېتىمەن،- دېدى.
—نېمە شەرت بىلەن؟—دېدى قاڭقى
ئېڭىكىنىڭ ئوكىلىنىشىغا ھەرگىز ئىشەنمەي.
—سومكىدا نېمە بارلىقىنى بىلەمدىلا؟—
دەپ سوراپ قالدى ئايال.
—ياق،—دەپ جاۋاب بەردى قاڭقى.
—ئۇنداقتا بىلمەيلا قويىسلا. ئۇ سومـ
كىنىڭ سىلىنىڭ ئەمەسلىكىنى بىلىمەن. مەن
بىر كۈن پېيىدا يۈردۈم. قىزىق، كېيىن
سىلىنىڭ قوللىرىغا چۈشۈپ قالدى. شۇنى
بەرسىلە، باشقا نەرسە تەلەپ قىلمايمەن،دېدى.
قاڭقىنىڭمۇ مۇنداق يۈرۈۋەرگۈسى يوق،
ئۇنىڭ ئۈستىگە كۈرۈكنى تېپىشى كېرەك ئىدى.
قاڭقى يېڭى كىيىملەرنى كىيدى. ھېـ

لىقى ئايال تاماق ئېتىپ بېرەتتى، كېچىچە
ئۇنىڭ بەدىنىنى يۇمشاق قوللىرى بىلەن
ئۇۋۇلاپ چىقاتتى، مۇنچىغا چۈشۈرەتتى.
تەلەپپۇزىنى ئۆزگەرتىشكە ياردەم بېرەتتى.
مېڭىش-تۇرۇشنى ئۆگىتەتتى. ئىشقىلىپ
قاڭقىغا ئۆزىنىڭ ئەمدىلەتىن ئايىغى چىقىـ
ۋاتقاندەك بىلىندى. كۆپ ئۆتمەي تېرىلىـ
رى يۇمشاپ، رەڭگىمۇ ئاقىرىشقا باشلىغانلىـ
قىنى ھېس قىلدى. ئۇ كۈندۈزى راسا ئۇخـ
لايتتى. كېچىچە بەك ھېرىپ كېتەتتى، ئاـ
يالنىڭ ئۆزۈندىن ئۆزۈن ئەركىلەشلىرى ئۇـ
نىڭ ھالىنى قويمايتتى. تاماقلار شۇنداق
مەززىلىك ئىدى. يوتقانلار، ئولتۇرىدىغان
يەرلەر...ئىشقىلىپ قاڭقى مەمەت چەكسىز
ھۇزۇر ئىچىدە ياشاۋاتاتتى. سومكىنى ئاللىـ
بۇرۇن ئۇنتۇپ كەتتى. مومايغا بىرنەچـ
چە قېتىم دۇئا قىلدى. چوقۇم مازىرىنىڭ
قېشىغا مەسچىت سالدۇرىمەن، دەپ ئۆزىگە
قەسەم بېرەتتى. كېيىنرەك مازارلىقنىڭ
بەك يىراق ئىكەنلىكىنى ئېسىگە ئېلىپ،
مەسچىت سالدۇرغاننىڭ پايدىسى يوق، شۇنـ
داق تۇرۇۋەرگەن تۈزۈك، ياق، بىر گۈمـ
بەز سالدۇراي، كۆرۈك ھاجىم بولغاندەك
مەنمۇ ھاجىم بولۇپ قالسام مومايىنىڭ ھەيـ
ۋەتلىك گۈمبىزى بولسا، مېنىڭ ئىناۋىتىمـ
گىمۇ پايدىسى بار دېگەنلەرنى خىيال قىلـ
دى. ئاخىرىدا، مومام بۇ ئايالنىمۇ ئاتايىن
ئۇرۇنلاشتۇرۇپ قويغانمۇ - يە؟ دەپ چوـ
كاننىڭ كۆزىگە ئۇزاق قاراپ كەتتى. لېـ
كىن مەنىلىك قاراش ۋە جىلۋىدىن باشقا
ھېچ نەرسىنى ھېس قىلالمىدى. نېمىدېـ
گەن راھەت، ھۇزۇر، جەننەتمۇ ئۇنىڭ ئالـ
دىدا سىرلىقلىقىنى يوقىتىپ قويىدۇ، بېـ
لىقمۇ ئۇ ئايالدەك سىلىق ئەمەس دېگەن
يەرگە كەلدى.
ۋاقىت بەك تېز ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى.
قاڭقىنىڭ بۇ يەردىن زادى كەتكۈسى يوقـ
تەك ئىدى. بىر كۈنى قاڭقى مەمەت ئۇخلاـ

ۋاتاتتى. ئۇ ئايال نوقۇپ ئويغىتىپ قالدى. ئاندىن، بازارغا چىقىمىز، دەپ يېڭىلا ئېلىپ كىرگەن كاستيۇم-شىمنى كيگۈزدى. قولىدىن يېتىلەپ تالاغا ئېلىپ چىقتى. قاڭقى سىرتقا چىقىپ، كۆزىنى ئاچالمايلا قالدى. ئۇنىڭ پەقەت چىققۇسى يوق ئىدى. ئۇنىڭغا خۇددى جەننەت ئىشىكىدىن چىقىپ كېتىۋاتقاندەك، ئەمدى قايتا كىرەلمەيدىغاندەك تۇيۇلاتتى. يۈرىكى ئاغاتتى. قاڭقى مەمەت گاراڭلىقتا قايسى ئۆيىدىن، قايسى كوچىدىن قانداق بازارغا چىقىپ قالغانلىقىنى ئۇقالمىدى. بىر يەرگە كەلگەندە ئايال ھەي سەرالىق، ئەمدى ئۆزۈڭ مېڭىپ باق! دەپلا غايىب بولدى. قاڭقى يۈرىكىنىڭ شۇررىدە ئېرىپ كېتىشىدىن ئۆزىنى ئاران ساقلاپ قالالىدى، ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىدى. قاڭقى ماگىزىن ئەينىكىدىن ئۆزىنى قايتا كۆرگەندە ئاغزىنى ئېچىپلا قالدى. ئايالدىن مىڭ مەرتە رازى بولدى. ئۇنى سېغىندى. ئۇنى پەرىشتە، دەپ ئاتىدى. كوچىلاردا خېلى ئازادە مېڭىپ يۈردى. كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە قاراۋاتقانلىقىدىن مەغرۇرلاندى. لېكىن ئۇ ئايالنىڭ ئىسمىنىمۇ ئۇقمايدىغانلىقىنى ئويلاپ كۆپ ئەپسۇسلاندى. ئۇنىڭ قېشىغا كەچتە كەتكۈسى كەلدى. بىراق نىشانىنى پەرق قىلالمىدى. بۇلار خۇددى خىيالدەك، ياكى بىرى سۆزلەپ بەرگەن چۆچەكتەك تۇراتتى.

ئۇ بىرنەچچە كۈن لاغايلاپ كۈن كەچۈردى. بۇ كۈنى تېخى سوقۇشتۇرۇش مەيدانىغا كېلىپ قالدى. ئەتراپنى ئورىغان ئادەم بەك زىچ ئىدى. قاڭقى قىزىقىپ قىستاپ ئالدىغا بېرىپ قالدى. ئوتتۇرىدا بىر چوڭ، بىر كىچىك خوراز بىر-بىرىنى قان قىلىپ سوقۇشۇۋېتىپتۇ. بىرى: دو چىدىغان بارمۇ! دەپ قاڭقىنىڭ كۆزىگە قارىدى. قاڭقى تەمتىرەپ قالدى. تەۋەككۈل قىلىپ نەچچە دېسە شۇنچىگە دو چىقتى. قاڭقى كىچىكىگە تۇردى. ئۇ بايۋەچچە چوڭىغا تۇردى. ئەتراپتىكىلەر قاڭقىنىڭ ئەخمەقلىقىغا قاراپ ئۇنى كالۋا، دەپ قويدى. ئىككى خوراز راسا سوقۇشۇشقا باشلىدى. كۆپ ئۆتمەي چوڭ خوراز سەل ھېرىۋىدى، كىچىكى تۇيۇقسىز ئارقا-ئارقىدىن سەكرەپ ئىككىنى تەپتى. چوڭى ئوڭدىسىغا چۈشۈپ قوپالمىدى. تېپىرلاپ يېتىۋەردى. كىشىلەر قاڭقىنىڭ مۇنداق ئالدىن بىلەلىگىدىن ھەيرانۇ-ھەس بولۇشتى. ئۇنى ئىنتايىن تەجرىبىلىك قىمارۋاز، دەپ ماختاشتى. ئۇنىڭغا ھەۋەس قىلدى. كۆپ ئۆتمەي ئۇنىڭ ئۇلپەتلىرى كۆپىيىپ كەتتى. ئۆزىمۇ خېلى پۇل توپلىۋالدى، لېكىن ھېلىقى ئايال ئىزدەپ كەلمىدى. ئۇ ئۆيمۇ سېتىۋالدى، باشقىلارنىڭ مەسلىھەتى بىلەن بىر كىچىك دۇكانمۇ ئېچىۋالدى. شۇنداق قىلىپ قاڭقى بەزىدە ئەزەلدىن مۇشۇ يەردە ياشاپ كېلىۋاتقاندەك، بۇرۇنقى كۈنلىرىنى تېخى ئاخشام چۈشىگەن چۈشىدەك ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالدى.

كۈنلەر شۇنداق ئۆتىۋەردى. قاڭقى بىر كۈنى دۇكاندا ئولتۇرسا بىرى كېلىپ كۆرۈشتى. زەن قويۇپ قاراپ ئالدىدا مامۇت كورۇكىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى، تەرلەپ كەتتى، لېكىن ئۇنىڭ ئۆزىنى تونۇمىغىنىغا ھەيران قالدى. ئۇلار بىردەم سودا-تىجارەت توغرىلىق پاراڭلاشتى. ئاخىرى قاڭقى مېنىڭ ئىسمىم قاڭقى مەمەت، زەيكەشلىك دېگەندە ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى. لائىلاھە... دەپ ياقىسىنى چىشلەپ، ئارقىسىغا قارىماي بەدەر كېتىپ قالدى. قاڭقى ھەي مېنىڭ نامىمنى ئاڭلاپ بىر ئويناپ باقاي دەپ كەپتىكەن ئەمەسمۇ، ھەي، چاتاق قېپتىمەن ئەمەسمۇ، دەپ

ئەپسۇسلاندى. ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي كۈرۈك يەنە كەلدى. بۇ قېتىم ئۇ شۇنداق دوستانە ئىدى، تېخى قاڭقى دەپمۇ قويدى. قاڭقىمۇ ئۇنى كۈرۈك دەپ قويدى، لېكىن ئىككىلىسى ئەتراپىغا قاراپ قويۇشتى. قاڭقى كۈرۈكنىڭ چىرايىنىڭ تاتىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆردى، ئولتۇرۇپ چاي ئىچىپ پاراڭلاشتى. مەھەللە كويلىرىدىكى دوستلىرىنى سورىدى. ئاخىرى گەپ تاپالماي بىر بىرىگە قاراپ قېلىشتى. مامۇت كۈرۈك مەن سېنى كۈتۈۋېلىشىم كېرەك، دەپ ئۆيىگە باشلاپ تۇرۇۋالدى، قاڭقى تۈزۈت قىلدى، ئۇنىمىدى، كۈرۈكمۇ قويۇۋەتمىدى. كوچا ئايلىنىپ خېلى ئۇزۇندا بىر ئۆيگە كېلىشتى. كۈرۈك ئىشىكنى بىر خىل رىتىمدا خېلى قاقتى. ئىشىكنى بىر موماي چىقىپ ئاچتى. ئۆي ئىچى ئاجايىپ ھەيۋەت، سالقىن، ئازادە، ئۆزىگە لايىقلىقى بار ئىكەن. گۈل نەقىشلىك تام ـ تورۇسلار، ئېسىل ئۆي جابدۇقلىرى ... ھەي، دەپ قالدى قاڭقى، كۆڭلىدە: شۇ كۈرۈك ئەجەب بېيىپ كېتىپتۇ،كوناھۈنەرنى تاشلىغان ئوخشىمامدۇ، دەپ ئويلىدى، ئىچىدە يەنە خەپلەشنىمۇ ئۇنتۇمىدى. كۈرۈك ئايالىنى ئەكىلىپ كۆرسەتتى. قاڭقىنىڭ بىر قاراپلا يۈرەكلىرى پۇلاڭشىپ كەتتى. تولغان ساغرىلىرىنى كۆرۈپ ئۆزىنى ئۇنتۇپ قالدى. كۈرۈك بولسا پەخىرلەنگەندەك تۇراتتى ۋە ھە، مەزىگە باقلى، دەپ تېخىماي تەكلىپ قىلاتتى. گەپ ئارىلىقىدا مامۇت ئۇنىڭدىن شەھەرگە قانداقسىگە كېلىپ قالغانلىقىنى كوچىلاپ سوراۋەردى. قاڭقى: ئالتۇن مەندىلا بار دەپ ئويلىما، جۇمۇ، دەپلا قويدى.

ئۇلار شۇنداق يېقىن ئۆتتۈۋەردى، قاڭقى ئۇنىڭ ئېغىز ئېچىشىنى كۈتۈپ يۈرۈۋەردى. ئاخىرى كۈرۈكنىڭ ئاغزى قىچىشتى، بىر كۈنى ئۇنى ئۆيىگە باشلاپ بېرىپ مېھمان قىلدى. ئاندىن ئىچىمىز پۇشۇۋاتىدۇ، دەپ قارتا ئەكەلدى، بىكارلىق ئويناشتى. مەززىسى يوق ئىكەن، دەپ ئازراقتىن پۇل تىكىشتى. بارا ـ بارا كۆپەيتتى. كۈرۈك شۇ كېچىدىلا قاڭقىغا نۇرغۇن ئۇتتۇرۇۋەتتى. قاڭقى بەك تەستە مومايىنى مىڭنى تىللاپ يۈرۈپ ئاران بىر قېتىم ئۇتتۇرۇپ بەردى. كۈرۈك كۆزىگە ئىشەنمەي قالدى. چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ خىرىسىمۇ قىلدى. بىراق ئاقمىدى.

كېيىن ئۇلار خېلى كۈنلەرگىچە بىر ـ بىرىنى ئىزدەشمىدى. ئۇتتۇرۇۋەتكەن پۇلىغا كۈرۈكنىڭ ئىچى ئېچىشتى. ئاخىرى يەنە ئۆزى كېلىپ تەكلىپ قىلدى. قاڭقى ئوينىمىدى. كۈرۈك ئۇنىمىغانىغا قويمىدى. ئۇلار ئاز ـ پاز ئويناپ قويۇشتى. قايتىدىن يېقىن دوست بولۇپ قالدى. قاڭقى ئۇلارنىڭ ئۆيىگە بىمالال كىرىپ چىقىپ تۇراتتى. بىر قېتىم كۈرۈكنىڭ ئايالى ناز بىلەن قېشىدىن ئۆتكەندە قاڭقى ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى. ئۇنى كۆرسە يۈرىكى قاتتىق سوقۇپ كېتەتتى، قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى بىلەلمىدى. پەيت كۈتتى، ئامال بولمىدى، نەپسى تاقىلداپ كەتتى، ئىشق ئوتى قىيناپ ھالىنى قويمىدى.

بىر كۈنى قاڭقى مەممەت چوتاچىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ كۈرۈكنىڭ ئۆيىگە باردى. ئۇمۇ نېمىگە كېلىشكەنلىكلىرىنى بىلىپ، چوتاچىلىرىنى ئادەم ئەۋەتىپ ئەكەلدۈردى. ئالدىدا قورساقنى ياخشى تويغۇزۇشتى. كېيىن ئايرىم ئۆيگە كىرىپ ئويۇننى باشلاشتى. بۇ دۆردىم ھوشۇقتا ئويناشتى. دەسلەپتىن تارتىپلا كۈرۈك ئۇتتۇرۇۋەردى. پۇللىرىنى

تىكىپ بولدى. ئاغىنە دەپ قاڭقىدىن
قەرز ئالدى. يەنە ئۇتتۇردى. ھوشۇق ئات-
سىلا چۇ، ياكى ئالاچۇ چۈشەتتى. قىماردا
بۇرۇن خىلى نامى چىققان بۇ كۆرۈكنىڭ
نېمە ئىش بولۇۋاتقانلىقىنى بىلەلمەي بېشى
قاپاق بولۇپ كەتتى. ساقا باش ئىگەمدىمەن
قاڭقى تاز، دەپ دوچىقۋەردى. تاڭغا يېقىن
ئۆيىنىمۇ باھالىتىپ ئۇتتۇرۇۋەتكەنلىكىنى
ئاران تەستە ئېسىگە ئالالىدى. قاڭقى يۈ-
رىكى توختاپ قالغاندەك سالقىن ئويناپتتى،
ئۇنىڭ ئۇششۇقلۇقلىرىغا پىسەنت قىلمايتتى.
ئۆي خېتى ۋە كۆرۈكنىڭ ھۆججىتى قاڭقىنىڭ
قوينىدىن چىقىپ تۇراتتى. كۆرۈك تەن
بەرمەي يەنە ئوغۇل باللىچىلىق، دەپ ۋارقىراپ
قوياتتى، ئاۋازى شۇنچە زەئىپ ئىدى. ئۇ
قاڭقىدا نېمە كارامەت بارلىقىنى زادىلا ئۇ-
قالماي قالدى. ئاخىر ئۆزىنى كاچاتلاپ
يىغلىدى، يالۋۇردى. بىر يۇرتلۇقمىز، كى-
چىكىمىزدىن بىرگە ئۆسكەن، دوستلۇقىمىز-
نىڭ يۈزىنى قىل، دېدى. قاڭقى گەپ قىل-
ماي تۇرۇۋەردى. ئۇ ئاخىرى :ھەي دەيۈز
كاپىر! كۆڭلۈڭدىكىدەك بولسۇن. خوتۇنۇمنى
تىكتىم، دەپ ۋارقىرىدى ـ يۇ،سولىشىپ سۆزى-
نىڭ ئاخىرى پەسلەپ كەتتى. ئىككى تەرەپنىڭ
بازبازچىلىرى گۇۋاھ بولدى. قاڭقى مەمەت
ئۇتقان پۇل، ئۆي-جاينىڭ ھەممىسى بىلەن
كۆرۈكنىڭ خوتۇنىغا دو چىقىدىغان بولدى.
كۆرۈك ئۇتسا ھەممىگە خوتۇنىمۇ ئىگە بو-
لىدىغان بولدى. كۆرۈك تەرلەپ تەپچىرەپ
چىرايىدا قان دىدارى قالمىدى، چىقىپ
تەرەت ئېلىپ بىر ۋاق نەپىمە ناماز ئوقۇ-
دى، سۆرىلەرنى ئوقۇپ ئۆزىگە ھۆرۈپ تۇر-
دى، قاڭقى ئىچىدە :ھۆرى مومام بىلىق-
تەك مومام...دەپ پىچىرلايتتى. ئاخىرى
باشقىلارنىڭ دەۋىتى بىلەن كۆرۈك تەستە
جەينامازدىن قوپتى. بىر يەرگە كېلىشتى.
كۆرۈك يا شاھى مەردان دەپ ھوشۇقنى ئات-
تى-دە، دەرھال بۇزۇۋەتتى. ئۇششۇقلۇق
قىلىپ، قولۇم تىترەپ كېتىپ چۈشۈپ كەت-
تى، دەپ تۇرۇۋالدى، كۆپ تولاشتى. قاڭ-
قى بولاپتۇ، دەپ يول قويدى. قاراپ تۇر-
غانلار قاڭقىنىڭ مەردلىكىدىن ھەيران قېلىپ
بارىكاللا ئېيتىشتى. كۆرۈك ھوشۇققا سۆرە
ئوقۇپ ھۆرۈۋەردى، باشقىلاريەنە ئالدىراتتى.
ئاخىرى ئاتتى-دە، ئوڭدىسىغا يىقىلىپ چۈش-
تى. كۆرۈپ تۇرغان چوتاچىلار قېتىپ قالدى.
بىرى كۆرۈككە سۇچېچىپ تۇردى.

قاڭقى كەلگەنلەرگە چوتانى ئايىماي
بەردى. كۆرۈكنىڭ ئادەملىرىنىمۇ كەڭ قول-
لۇق بىلەن رازى قىلدى. كۆرۈك ھوشىغا
كېلىپ مىڭ تەستە خوتۇنىنى تالاق قىل-
دى. خوتۇنىنى چاقىرتىپ ئۇنىڭغا بولغان
مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىپ، بىر كۇپلېت
بېيىت ئوقۇدى:

ئەي دىلرەبا ئۆلەرمەنمۇ ئوتۇڭدا كۆيۈپ،
دوزاختىمۇ يۈرمەس ئىدىم مۇنچىلا كۆيۈپ.

ئاخىرنى چۈشۈرەلمەي ياقىسىنى پا-
رە-پارە قىلىپ قار-يامغۇر يىغلاپ كەتتى.
شېرىكلىرى ئوغۇل باللىچىلىق، دەپ ئۇنى
تەستە يۆلەپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى. قاڭقى
ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي خوتۇننىڭ خانىسىغا
ئېتىلدى. باشقىلار ھاي، شەيتانغا ھاي بەر-
سىلە، نامەھرەم، دەپ، ئۇنى تەستە تۇتۇ-
ۋالدى.

قاڭقى مەمەت ئۈچ ئاينى شۇنداق تەس-
تە، كۈن ساناپ ئۆتكۈزدى. شۇ خوتۇننىڭ
ۋىسالىدا كۆيۈپ ھالسىزلاندى. ئاخىرى ۋا-
قىتمۇ توشۇپ، تۆت ئادەمنى گۇۋاھ قىلىپ
ئۇنى ئۆزىگە نىكاھ قىلدۇرۇۋالدى. شۇندىن

www.uyghurkitap.com

كېيىن ئۇنىڭ بىلەن ئۆتكەن كۈنلىرىنى بېھىشتىكى كۈنلەر، دەپ ئاتايدىغان بولدى. ئۇنىڭ قىزغىنلىقىدىن مەست خاراموش بولۇپ يېتىۋەردى. ئۇ بەگنى تەڭ چېكىپ بېرەتتى. چوتاچىلىرى قاڭقىنى ئىزدەپ كېلىپ قىمارغا قىزىقتۇرالمىدى. ئۇ كۈندۈزى خوش ياقسا دۇكان ئاچاتتى، بولمىسا ئۆيدە خوتۇنىنىڭ قۇچىقىغا بېشىنى قويۇۋېلىپ ئۇخلايتتى، ياكى ئۇنى چىمدىپ ۋاقىرىشىدىن ھوزۇر ئالاتتى. يىلمۇ ئۆرۈلدى، خوتۇنى ئېغىر ئاياق بولدى. قاڭقىنىڭ ئىشقى ھەسسىلەپ ئېشىپ باراتتى. ئۇنىڭ نېمە گېپى بولسا ئاڭلايتتى، ھەرقانداق تەلىپىنى ئىجاۋەت قىلاتتى. لېكىن دائىم: كىمنىڭ بالىسىدۇ! مېنىڭمۇ! ياكى كۈرۈكنىڭ ياكى ئۈچ ئاي ئىچىدە ...— دەپ ئۇزاق ئويلىناتتى. يۈرەكلىرى پۇچىلىناتتى. سوراپ بېقىشقا ئاغزى كۆيەتتى. بەزىدە شۇ چاغلاردا نەدە بولغىيتتىڭ؟ دەپ قايتا - قايتا سوراپ قوياتتى. خوتۇنى ئۇنىڭ قىماردا مۇنداق تەلپىي كېلىشىنىڭ سەۋەبىنى سوراپ تۇرۇۋالاتتى. قاڭقى گەپنى ئېلىپ قېچىپ نەچچە قېتىم جاۋاب بەرمىدى. ئايال دۇتارنى شۇنداق مۇڭلۇق چالاتتىكى، تارىلار تىلى باردەك سايراپ كېتەتتى. قاڭقى كېچە - كۈندۈز ئەيشى - ئىشرەتلىك ھايات كەچۈرۈۋاتاتتى، شۇ شېرىن كېچىلەرنىڭ تاڭغا ئۇلاشقانلىقىنى كۆرگەندە ئەپسۇسلىنىپ كېتەتتى. ئايالنىڭ قۇچىقىدىن چۈشكۈسى كەلمەيتتى. ئۇ كىچىكىدىن كەتمەن چېپىپ جاپالىق ياشاپ كۆڭلىنىڭ قارىماي مۇنداق راھەت تۇرمۇشقا بەك ئىجىل بولۇپ كەتتى. شۇ ھوشۇقى قولتۇقىدا ساڭگىلاپ تۇراتتى. پات - پات خوتۇنىنىڭ بىر يەرلىرىگە پېتىپ، ئۇنى چىرقىرىتىپ سالاتتى. بىر قېتىم بۇ ھوشۇق خوتۇنىنىڭ كۆكرىكىگە پېتىپ كەتتى. ئۇ ئاچچىقىدا بىر چىرقىراپ ھەي مەمەت بۇ نېمىنىڭ ھوشۇقى؟ يا بۆرىنىڭ ھوشۇقىغا ئوخشمايدۇ، چوشقىنىڭمۇ، ئىتنىڭمۇ، دەپ سورىدى. قاڭقى دەسلەپ تەرلەپ كەتتى. تەڭ قىسىلىقتا قالدى.

كېيىن: سورىمايلا قويساڭ بولاتتى. بۇ بىر قېرى چوشقىنىڭ ھوشۇقى، بىراق ئامەتنىڭ ھەممىسى مۇشۇنىڭدا. بۇ بولسا ھەممە ئىشنى قىلغىلى بولىدۇ، دېدى. خوتۇنى بىر ھازا ئاغزىنى ئېچىپ ھەيران بولۇپ تۇردى. كېيىن چوشقىنىڭ دەپ يىرگەنگەندەك بولدى، تەتۈر قارىۋالدى، ئاندىن ئىتتىك ئۆرۈلۈپ ئۇنى قۇچاقلاپ مەمەتىم، گۆھىرىم، دېگىنىچە سۆيۈپ كەتتى.

يىل ئۆتۈپ كەتتى. قوغۇن پىشىشقا باشلىغان بىر كۈنى تالادا شارقىراپ يامغۇر يېغىۋاتاتتى، قاڭقى مەمەت يېرىم كېچىدە مەستلىكتىن تەستە يېشىلدى. خوتۇنى تۇغقىلى كەتكەچكە ئۆيدە ئۆزى يالغۇز قالغانىدى. قارىسا گىلەمنىڭ بىرمۇنچە يېرىگە قۇسۇۋېتىپتۇ. قوپۇپ سوغۇق سۇدىن راسا ئىچكەنىدى، بېشى چىڭقىلىپ ئاغرىپ كەتتى، تالادا يامغۇرنىڭ تال بارىڭىغا شارىلداپ قۇيۇلۇۋاتقان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بېشى گاراڭ، ھېچنەرسە كاللىسىغا كىرمەيتتى. بىر چاغدا ھويلىدا شىپىرلىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. ئۇ بىر ھازا دىققەت قىلىپ بىرىنىڭ ھويلىدا پاتقاق كېچىپ يۈرگەنلىكىنى تۇيدى، كاللىسى سەل سەگەكلەشتى، زېھنىنى مەركەزلەشتۈرۈشكە تىرىشىپ ئۇزاق ئويلاندى. كىممۇ بۇ يامغۇرلۇق كېچىدە ئۇنى ئىزدەپ كەلگەندۇ؟ ئىشىكنى ئېتىشنى ئۇنتۇپ قالدىمۇ - ياھ؟ بىردەمدىن كېيىن ھەربىر ئىشىكنى ئىتتىرىپ باققان ئاۋاز كەلدى. بەزى ئىشىكلەر قېقىلىدى بولغاي. قەدەم تاۋۇشىدىن كەلگۈچىنىڭ ھارغىن ئادەم ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. بەزى ئىشىكلەر

غىچ قىلىپ ئېچىلىپ يەنە يېپىلىپ قالاتتى، قەدەم ئاۋازى رېتىمسىزدەك قىلاتتى. خوتۇنى قايتىپ كەلدىمىكىن دېسە بۇ مۇمكىن ئەمەس. مانا قەدەم تاۋۇشى يىراقلاپ كەتتى، لېكىن كۆپ ئۆتمەي ئاۋاز يەنە يېقىنلاپ كەلدى. قاڭقى تۇرغان ئىشىكنىڭ ئالدىغا كەلگەندە شىپپىدە يوقاپ كەتتى. قاڭقى مەمەت يۈرىكىنىڭ دەھشەتلىك سېلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، بىردە توختاپ قېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتى. مەستلىكى ئاللىقاياقلارغا يوقاپ كەتتى. ئىشىك ئىتتىرىلدى، ئېچىلمىدى. قاڭقى خىقىراپ: كىم؟! دەپ تۋۇلدى. ئىشىك ئىتتىرگەن ئاۋاز يوقاپ كەتتى، جاۋابمۇ بولمىدى. ئاردىن شۇنداق



ئېغىر بىر مىنۇت ئۆتتى. ئىتتىرگەن ئاۋاز قايتا ئاڭلاندى. ئاخىرى ئىشىك ئىلگىكى ئۆزلۈكىدىن شاراقشىپ چۇشۇپ كەتتى، ئىشىك غىچ قىلىپ ئېچىلدى. تالادىن سوغۇق شامال ئارىلاش يامغۇر پۈركىگى ئۇسۇپ كىردى. بوسۇغىدىن پەرەنجىگە ئورۇلۇۋالغان بىرى ئۆيگە پۇتىدا ئاتلاپ كىردى. ئۇنىڭ تۇرقى بەك سەت ئىدى. قاڭقى داجىپ تامغا چاپلىشىپ قالدى. كىرگەن كىشىنىڭ ئەر ياكى ئايال ئىكەنلىكىنى بىلىپ بولمايتتى، بىر پۇتى تېخى تالادا ئىدى. قاڭقى ئۇ كىشىنىڭ ئىككىلىنىۋاتقانلىقىنى سەزدى، ئۇنىڭ دۈمچەك تۇرقى تونۇشتەكلا قىلاتتى. قاڭقى ئېسىگە ئالالمىدى. ئۇ بىردە ئەرۋاھقا ئوخشىغاندەك كۆرۈنەتتى، ئۇچىسىدىن يامغۇر تامچىلاپ تۇراتتى. قاڭقى مەمەت چىراغ يېپىنى تەستە تاپتى ۋە چىراغنى ئىتتىك يېقىۋەتتى. ئالدىدا ئاق كىيىمى تىتىلىپ كەتكەن ھەم پاتقاقا مىلىنىپ كەتكەن بىرى تۇراتتى. ئۇنىڭ سول پۇتى تۈگۈلۈكلۈك ئىدى. ھوشۇقىنىڭ پەس تەرىپى ساڭگىلاقلىق، بوشلۇقتا ئېسىلىپ تۇراتتى. قاڭقى مومىسىنى بىردىنلا تونۇدى، ۋارقىراپ تاشلىدى. ئاۋازى چىقماي قالدى. موماي ئاقساقلاپ، زورۇقۇپ قاڭقىنىڭ ئالدىغا كەلدى. چىرايى بەك مىسكىن كۆرۈنەتتى. ئاغزىنى ئۆمەللىدى. ھەي، دەيۈز ھارىمى، ئەھدىڭگە ۋاپا قىلغىنىڭ، مېنى ئۇنتۇمىغىنىڭ قېنى؟! ھوشۇقۇمنى قايتۇرۇپ بەر! دېدى. قاڭقى مەمەتنىڭ يۈرىكى ئاغزىغا كەپلىشىپ قالدى، بىر نېمە دېيىشكە ئۈرۈنۈپ باقتى. قولتۇقىدىن بىرنەرسە سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ كەتتى. ھاسا پىرقىراپ كېلىپ ئېڭىكىگە تەگدى...

مەسئۇل مۇھەررىر ئارسلان

جاپپار ئەمەت

## ھەقىقەت ھەممىگە ئادىل بىر مىزان

### ياشلىق گۈزەللىكى

ياشلىق گۈزەللىكى، بىلەمسەن، نەدە؟
شىجائەت، ئىزدىنىش قىلىنغان يەردە.
ئىجاد، مېھنەتنى قىلىپ سەركەردە،
ھارماستىن ئىلگىرى چامدىغان يەردە.

ياشلىق گۈزەللىكى، بىلەمسەن، نەدە؟
ھەر ئىشقا بەلنى چىڭ باغلىغان يەردە.
غەيرەتنى ئۇرغۇتۇپ، تىكلەپ ئىرادە،
ئۆزىنى گويا شىر چاغلىغان يەردە.

ياشلىق گۈزەللىكى، بىلەمسەن، نەدە؟
ئىلىمگە ئىشتىياق باغلىغان يەردە.
ئەڭ يىراق مەنزىلنى تۇتۇپ نەزەردە،
نادانلىق كۆكسىنى داغلىغان يەردە.

شۇڭلاشقا بىل ياشلىق قەدرىنى، يىگىت،
شان بىلەن تولدۇرغىن ئۆمرۈڭ بېتىنى!
ئەجرىڭدىن ئەلگە چاچ خۇش پۇراقلىق ھىد،
كۆرسىتىپ ياشلىقنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى.

ئىلىم ـ پەن كۆكىدە مەغرۇر قانات قاق،
ئايلاندۇر ئۇچقۇننى ئۆچمەس يالقۇنغا.
كولدۇرۇپ ئۆلكەمنىڭ دالا ـ قىرىنى،
ئايلاندۇر ئەجرىڭدىن تاشنى ئالتۇنغا.

بۇ يېڭى دەۋرانغا باغلاپ ئەقىدە،
تارىخنىڭ چاقىنى تىنماي ئالغا سۈر!
تۇرغۇزۇپ ئەجرىڭدىن شانلىق ئابىدە،
ئەۋلادلار قەلبىگە بەرگىن چىن ھۇزۇر!

شۇندىدۇر ياشلىقنىڭ قەدىر ـ قىممىتى،
شۇندىدۇر ھەقىقىي مەنىسى، بىلسەڭ.
شۇندىدۇر ئۆمۈرنىڭ شانۇ ـ شەۋكىتى،
ئۆزۈڭنى دەۋرنىڭ دەناسى بىلسەڭ.

### شائىر ۋە شېئىر

ھەر ئىشنىڭ باتىنى ۋە بار زاھىرى،
قادىردۇر شېئىرىيەت كۈچى ھەممىگە.
شائىر ياشمايدۇ، ياشايدۇ شېئىرى
بۆسۈپ كىرەلىسە خەلق قەلبىگە.

دۇنيادا ھەر ئىشنىڭ ئۆز ھېكمىتى بار،
ھېچ نەرسە سەۋەبسىز ئەمەس قىسمەتتە.
شېئىرنىڭمۇ ئۆزىگە خاس خىسلىتى بار،
قىممىتى ھېسسىيات، چىن مۇھەببەتتە.

چاقماقتەك تەسەۋۋۇر، قىلىچتەك پىكىر
شېئىرنىڭ مېغىزى، جېنى، قانىتى.
قۇرۇق سۆز ھەرقانچە قىلىنسا زىكىر،
يوق ئۇنىڭ مەنىسى، تەمى، لەززىتى.

خەلق بىلەن ھەمنەپەس بولمىغان شائىر،
خەلق بىلەن ياشاشقا ئەمەستۇر قادىر.
خەلقنىڭ ھىس - تۇيغۇسى سىڭمىگەن شېئىر
بولالماس ھېچ قاچان يېقىملىق، نادىر.

ئاۋازى يېقىمسىز بولغاچقا زاغنىڭ،
ئاڭلاشنى خالىماس ئۇنى ھېچ كىشى.
ۋە لېكىن سايرىسا بۇلبۇلى باغنىڭ،
توختىماس يۈرەكنىڭ سىرلىق تىترىشى.

ھەقىقەت ھەممىگە ئادىل بىر مىزان،
بول دوستى ھەقىقەت، ھەققانىيەتنىڭ.
ئۆلچىنەر ئۇنىڭدا پاك قەلب - ۋىجدان،
بولمىغىن چاكىرى نەپسانىيەتنىڭ.

پەرقىنى ئايرىماي ياخشى - ياماننىڭ
مەدھىيە ئوقۇماق شەيتاننىڭ ئىشى.
شائىرى يالغانچى بولسا زاماننىڭ،
خەلقىنى باسىدۇ غەپلەت تەشۋىشى.

بۇلبۇلى بول ئەلنىڭ، راستچىل بول شائىر،
شېئىرىڭدا زاماننىڭ روھى قاينىسۇن.
ھېسلىرىڭ ئۆركەشلەپ، ئۆرلىسۇن قايناپ،
خەلقنىڭ قەلبىنى بايان ئەيلىسۇن.

بىل، شائىر بولماقلىق ئاسان ئىش ئەمەس،
بولمىسا سېنىڭدە يۈكسەك ماھارەت.
كوپايە قىلمايدۇ ئاددىي بىر ھەۋەس،
كېرەك زور ئىرادە، قەتئىي جاسارەت.

### نامەرد بۇلۇت

قاغجىراق مايسىلار چىشلەپ لېۋىنى،
بۇلۇتقا تەلمۈرۈپ، كۆز تىكىپ قالدى.
لېكىن بىلمىگەندەك ھېچ بىر نېمىنى،
بۇلۇتمۇ دېڭىزغا قاراپ يول ئالدى.

كۆتۈرۈپ قۇملۇقلار، بارخانلار ئىسيان،
قارا قۇيۇن بولۇپ قوغلاپ مېڭىشتى.
يېتەلمەي بۇلۇتنىڭ كەينىدىن، شۇ ئان
مەيۈسلۈك ئىچىدە قايتىپ كېلىشتى.

سورىدىم بۇلۇتتىن: سەپىرىڭ نەگە؟
— يامغۇر بوپ تۆكۈلەي دېيمەن ئوكيانغا.
مەن دېدىم: «يىراقنى ئىزدەپ يۈرگىچە،
تۆكۈلسەڭ بولمامدۇ ئانا ماكانغا؟

«بىلەمسەن، بۇ قۇملۇق، قۇرغاق ماكانغا
تۆكۈلسەم، ماڭا ھېچ شان-شەۋكەت يوق—
دېدى ئۇ، — تۆكۈلسەم ئەگەر ئوكيانغا،
ئابرويۇم قانچىلىك ئۆسىدۇ تولۇق!

شۇنچىلىك يىرگەندىم نامەرد بولۇتتىن
كەينىدىن كۆز تىكىپ، قاراپلا قالدىم.
بىلمىگەن قەدرىنى بۇ ئانا يۇرتنىڭ،
غەزەپ ۋە نەپرەتلىك ھېسقا ئورالدىم.

### تەتۈر سايە

سايرامنىڭ بويىدا تۇرىمەن تەنھا،
بېشىم سۇ تېگىدە، ئاسماندا پۇتۇم.
يىراقتىن كۆرۈنگەن تاغلارمۇ ھەتتا
كۆرۈنەر تەۋرىنىپ، سۇ ئاستىدا دۇم.

ياپيېشىل كۆكەرگەن ئارچا - قارىغاينىڭ
سۇمبۇلدەك چاچلىرى سۇ تەكتىدە جىم.
يىلتىزى چۆكۈپتۇ بۇلۇت باغرىنىڭ
ئاستىغا، نوتىسى شۇنچە ئەۋرىشىم.

ئۇچۇپ ئۆتتى كۆكنى يېرىپ بىر بۈركۈت،
پۇتىدا كۆك تىرەپ، قانىتىدا سۇ.
چوققىلار ئۈستىدە تاپقان كەبى قۇت،
ئاسمانغا پۇت تىرەپ، سەكرەيدۇ ئاھۇ.

ئايلىنار گوياكى كۆزۈم ئالدىدا
تىنىمسىز چۆرگىلەپ چوڭ چەرخى پەلەك.
قالغاندەك بۇ تەتۈر سايە دالدىدا،
ئويلاپ باق، بېرىدۇ نېمىدىن دېرەك؟

## ئايدىڭدىكى كۆتۈش

كۈمۈش كۆكتە مارىلايدۇ ئاي،
بۇلۇتلارنىڭ كۆكسىنى يېرىپ.
بىر نىشاننى قارىلايدۇ ئاي،
شۇڭا ھەرگىز قالمايدۇ ھېرىپ.

تۇرار ئايغا تەلمۈرۈپ يىگىت،
تالماس ئۇنىڭ كىرپىكلىرى ھېچ،
بەزەن سۈكۈت ئىچرە باش ئېگىپ،
بىر نۇقتىغا تىكىلەر تىنىچ.

گاھ يۆلىنىپ سۆگەت غولىغا،
چوڭقۇر خىيال قوينىغا چۆمەر.
قاراپ ـ قاراپ يارىنىڭ يولىغا،
يۈرەك باغرى كۆيەر، ئۆرتىنەر.

ئاپئاق كېچە، ئاق ئايدىڭ كېچە،
كۆزگە ئۇيقۇ ئىلىنمەيدۇ ھېچ.
كۈتكەن بىلەن يارنى ھەر قانچە
ئۆتكەن ۋاقىت بىلىنمەيدۇ ھېچ.

## تۆيۈۋۈقلار

ئالدىڭدا بار سىنىڭ سىناق ئۆتكىلى،
قىل ئىشەنچ ئۇنىڭدىن بۆسۈپ ئۆتكىلى.
بىلەمسەن، ئۇزۇندۇر تارىخنىڭ يولى،
باغلا بەل، مەردانە بولۇپ ئۆتكىلى.

* *

يېشىڭغا قوشۇلدى يەنە يېڭى ياش،
بولۇپ قال، ئەمدى سەن مەردانە بىر ياش.
غەيرىتىڭ تاغ بولسۇن، ئىرادەڭ پولات،
مۇشەققەت ئالدىدا تۆكمىگىن كۆز ياش.

* *

ئېھ ئانا، چېچىڭغا ئارىلاپتۇ ئاق،
قەلبىڭمۇ يىپەكتەك يۇمشاق ۋە ئاپئاق.
ئاق نىيەت، ئاق كۆڭۈل خىسلىتىڭ بىلەن،
قەلبىمدە ئەبەدىي دەريا بولۇپ ئاق!

* *

يوقالسا كىشىلەر قەلبىدە ئەددىپ،
يامانلىق تېخىمۇ كېتىدۇ ئەدەپ.
شۇڭلاشقا ياشلارغا ئۆگىتەيلى بىز
دىيانەت، پەزىلەت، قائىدە ـ ئەدەپ.

* *

ئالدىڭدا توساقلار بولسا نەچچە قات،
مۈشكۈللەر تاغ بولۇپ تۇرسىمۇ قات ـ قات،
ئىلگىرىلە تاغ يېرىپ، جاسارەت بىلەن،
ئەل ـ ۋەتەن ئىشىغا ئۆز ھەسسەڭنى قات.

* *

ئاققىنى دەريا تېگىدە تاشمىدى؟
سۇلىرى ئۆركەشلىدى، ھېچ تاشمىدى.
قىلمىدىڭ بۇ نالە ـ زارىمغا پىسەنت،
بىلمىدىم، باغرىڭ سېنىڭكى تاشمىدى؟

* *

ئالغا ماڭسام، ئالدى ئۆڭكۈر ـ يار،دېدى.
تاپقىنىڭ شۇنداق ۋاپاسىز يار،دېدى.
سەن ئەگەر يارىڭغا باغرىڭ داغىنى
كۆرسىتەر بولساڭ، يۈرەكنى يار،دېدى.

ئابلىز ئوسمان

## كەپتىرىم

ھەر كۆڭۈل ساماسىدا قاقىن قانات كۆك كەپتىرىم،
ئۇرغۇتۇپ دىللاردا چىن ۋىجدان ـ سۈبات كۆك كەپتىرىم.

بۇ يۈرەك بولسۇن ساڭا جاي، ئىزدىمە قۇنداق بۆلەك،
دىل ئارا سەيلانە قىل شادلىق تارات كۆك كەپتەرىم.

كىر ـ غۇبارسىز پاك كۆڭۈلگە پەرلىرىڭ بولسۇن مىسال،
هەر قەلبتە هەر قۇياش، يۇلتۇز يارات كۆك كەپتەرىم.

باغبان بولسۇن قاقاس دىل، شاۋقۇنۇڭ يارسۇن ساما،
چاقنىتىپ كۆزلەردە نۇر قىلغىن پارات كۆك كەپتەرىم.

كۈنلىرىڭ بولسۇن باهار ـ قۇت، تۈنلىرىڭ ئاپتاپ ـ ناهار،
كۆك ئارا جەۋلانە قىل تاپقىن مۇرات كۆك كەپتەرىم.

*                    *

كەل نىگار كاككۇك بولۇپ قونغىن كۆڭۈلنىڭ تالىغا،
باغ ئارا سەنەم كەبى يەتكىن غېرىبىنىڭ هالىغا.

زارىقىپ كۈتمەكتە دىل، تەشنا يۈرەكىم لەختە قان،
قالمىغىن قاقشال چۈشۈمنىڭ قارغىشى ـ ئۇۋالىغا.

مەن ئەجەب تەنها دەرەخ بولدۇم يىراقتا مۈڭلۈنۈپ،
بىر قاراپ قوي سارغىيىپ تۇرغان غازاڭ ـ نىهالىغا.

شەپىسىز ئۆتمەكتە كۈن، شەپەڭ يۈرەكنىڭ تىنۇشى،
كۆزلىرىم تەشنا مۇهەببەت نۇرلىرى نىگاهىغا.

مەيلى مۇز بولغىن بۇدەم ئوتتۇر ساڭا هەر بىر سىنەم،
ئاي بىلەن كۈن ئاقىۋەت يەتكەن تېگى ۋىسالىغا.

**هۇشۇر ئىبراھىم**

## سۆيگۈ ئارزۇلىرى

### هىجرانلىق

باهاردا سۆيۈشتۇق لەۋلەردە قىيام،    كۆيدۈرگە يارىسى ئاغرىتار جاننى
كۆزدىكى هىجرانلىق بولدى قىيامەت.    يەلكەمدىن باسقاندەك تاغلار ئالامەت.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئاھ! مېنىڭ ئوتقاشتەك جىلۋىگەر گۈلۈم
ئاپئاق قار ئاستىدا كۆمۈلۈپ قالدى.
ۋاقىتسىز ئېچىپ قاچتى شىۋىرغان ئۇنى،
ئارمانلار چۆلدىكى شىۋاق بوپ قالدى.

ئۆكۈنۈش نە ھاجەت ھېسلىرىم ئۈچۈن،
دېرىزەم مۇڭلانغان جىملىققا مۇشتاق.
چاناقتا مىڭ قۇياش جىلۋە قىلسىمۇ،
دىلخانەم چاڭ باسقان كەپىدە بىراق...

**ياشلىقىم سۆيگۈنىڭ ئاتەش نەزمىسى**

ياشلىقىم تۇلپىرى سېرىيدۇ تىزگىن،
ئۈمىدىنىڭ چوققىسى پارلىغان چولپان.
قولۇمدا سىم قامچا چاقىدۇ چېقىن،
يۈرەكتە لاۋۇلداپ كۆيىدۇ گۈلخان!

تەشنالىق نەشتىرى سانجىلسا تەنگە،
ۋىسالنىڭ ئىشقىدا بولار تەن سىماب.
سۆيگۈنىڭ شەبنىمى ياغسا چىمەنگە
باغرىمدا چوغلىنىپ پارلايدۇ ئاپتاپ!

سىنچىنىڭ كۆزىگە تۇتاشسۇن يۈرەك،
يەر ـ ئاسمان قوشۇلۇپ بولسۇن بىر مەشئەل.
ئارزۇلار بېغىدا ئېچىلسۇن چېچەك
بوپ گويا بال بىلەن ئۇيۇلغان ھەيكەل!

ۋادەرىخ، سۆيگۈدىن تۆرەلگەن ئالەم
ئۇ گويا كرىستال تېشىدەك سۈزۈك.
ئۇنىڭسىز ھاياتلىق گۆرۋستان ـ ماتەم،
ئۇنىڭسىز بارچە دىل يىپلىرى ئۈزۈك!

ئىنتىلىش تومۇردا يامرىغان قىيان،
ۋىسالكى ئۆمۈرنىڭ بەخت بەزمىسى.
ھاياتلىق دەرياسى تىنىمسىز دولقۇن،
ياشلىق ئۇ سۆيگۈنىڭ ئاتەش نەزمىسى!

ئارزۇ

1

كۆزلىرىڭ ئېقىندۇر، كىرپىكىڭ ساھىل،
شۇ زۇمرەت ئېقىندا سايەمنى كۆردۈم.
مەرۋايىت كانىدۇر قارىقىڭ، جانان،
سۈزۈك نۇر خەزىنىسى قەلبىڭگە كۆيدۈم.

شام ـ سەھەر كۆزلىرىم ئۇيقۇدىن بىدار،
ھېسسىيات ئەگلىكىم تاسقايدۇ مېنى.
يۈرىكىم مىسالى چوغدىكى كاۋاپ،
خىيالىم قۇشلىرى ئەگىيدۇ سېنى.

سەن كۆڭلۈم ئىلاھى،
ئارزۇيۇم قىيان:
سەن سەزگىن ئۆمۈرلۈك مېنى ئۆزۈڭدە.
پەرۋاز قىپ ئۇچاي مەن ۋىسال پەيتىدە،
سوقسا گەر يۈرىكىم سېنىڭ كۆكسۈڭدە!

2

چۆجە ئەمەس بىر تال دان ئۈچۈن
تىنىم تاپماي چوقۇلدايدىغان.
كورۇك توخۇ ئەمەس ۋە ياكى
تۇخۇم تۇغماي روكۇلدايدىغان.

مەن بۇلبۇل مەن، روھىمدا جەزبە
سۇبھى ـ سەھەر چالىمەن رويال.
تاڭ ئاتقىچە كىرپىكلىرىم تاق،
ئەل ئىشقىدا سۈرىمەن خىيال.

چاڭ كەلتۈرۈپ سايراپ شاد ـ خۇرام
باغ ئىچىنى قىلىمەن ئاۋات.
ئېچىلدۇرۇپ ئىشقىمدىن گۈللەر
مېھنىتىمدىن بېرىمەن ناۋات.

مەن قۇلتەي ئەلنىڭ ـ خەلقنىڭ،
تىلى بولۇپ قىلىمەن خەندە.

ئارزۇيۇم شۇ: ئەجرىمدىن دەستە
تۇتسام دەيمەن ئەلگە ـ ۋەتەنگە!

ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن

## ئىزاھاتلىق پاراڭلار

ــ ئاسمان ھەققىدە خاتىرە

### ئاسمان يۈپۈكى

1

ھۆتمەـــتۆشۈك بوپ كەتكەن تامام،
يېتىرقاپ قارايدۇ چىم ـ چىم يوچۇقلار.
ھەر سەھەر شەرقتىن كېلىدۇ سۈبھى،
قويىدۇ ھەر تاڭدا ئاسماننى ياماپ...

2

تولۇن ئاينى ئۇشتۇۋالغان كىم؟
پۇچۇق ناندەك تۇرار بويىننى قىسىپ.
ئون بەش كۈنلۈك سەپىرىدە
يېرىمىنى ئاپتۇ يۇتۇنلەپ...
غايىب ئىككەك
ئىلاھىي چىشىدا غاجىلاپ ئۇنى
تۆكۈۋەتتى خالتىسىغا كېچىنىڭ...

3

چېكىسىگە ئاسماننىڭ
قىستۇرۇلدى يەنە بىر تال قىزىلگۈل.
يۇيۇپ تۈننىڭ چاپاقلىرىنى،
ئاق كۆكۈلدەك ئاقلاندى جاھان!...
چۈشۈپ كەتتى گۈل
چېكىسىدىن ئاسماننىڭ،
بوغۇۋالدى جاھان قارا يۈز.
ئېشىلىپ كەتتى ساناقسىز جايىدىن
سەھەردە يامالغان ئاسمان يۈپۈكى...

### ئۈمىدلىرىم

نەۋاق يىغلىغىلى قۇياش گۈگۈمغا،
يوللار خىرە ـ شىرە
بوشلۇقتا يامرىغان تۈن غۇۋالدى
قەغەزگە قارا سىياھ يامرىغاندەك...
شۇڭا كۆرۈنگەندىمەن ساڭا بۇ كېچە،
شادلىقىم نەدىدۇر قۇربان بولغاندەك.
كۆزلىرىڭ كۆرگەندۇ بىر قاقشال دەرەخ،
شاخ ـ شاخلىرىغا ئەجەل ياماشقان
ئۈمىدسىزلىك ئاڭا سىرتماق سالغاندەك...
ئۈمىدلىرىم
چۆللەردىمۇ قالمايدۇ قۇرۇپ،
ئۈششۈمەيدۇ قىشتىمۇ سولۇپ.
ئۇ كۆمۈلگەن شېئىرلىرىمغا!
ئۇ كۆمۈلگەن
دەۋرداشلار قەلبىگە،
ۋەتەنداشلار قەلبىگە،
ئىنسانىيەت قەلبىگە ھەتتا!
ئانا تارىم دەرياسىنىڭ ئاخىرى
تەكلىماكانغا كۆمۈلگەن...

### تەكلىماكان ئەلبومى

كۈنچىقىشتىن كۈنپېتىشقىچە
كۆپ چېكىتلەر دۇۋىسى.

تامدىكى
قايسى شائىرنىڭ قەلەملىرىدىن؟
ئاپتاپ كۆشەپ ئېرىقىدا
چاقنار نۇردا دانە ـ دانە قۇم
ئەمالارنىڭ يېرىقى كەبى...
ئالقىنىدا دۆڭلەرنىڭ
كلاسسىك ئارمانلارنىڭ ئىسكىلىتلىرى
قاقشاللارغا ئۆزگىرىپ كەتكەن.
ئېتىكاپقا چۆشكەن توغراقلار
ئېسىپ شاخلىرىغا ئەپسانىلەرنى
پۇلاڭشىتار سەگىتمەك ئۈچۈن
شامالدۇرغۇچىدا يىراق دېڭىزنىڭ...
قۇيۇنلارنىڭ قاناتلىرىدا
ئۇنتۇلغان جەڭنامىلەر ئۈچۈپ يۈرەر،
پۈۋلەپ سېپىلىنى كونا شەھەرنىڭ.
ئۆتكەن كەبى بىر قوشۇن ھەيۋەت
ئايىغىدىن قالار توزانلار
ئىچمەك بولۇپ
دەريالارنىڭ دېمىدىسىنى...
ئۆلۈك ئېقىن بويىدا
قەدىمىي سۆكۈتكە كۆمۈلگەن يۇلغۇن
شېھىدلەرنىڭ تۇغ ـ ئەلەمىدەك.
قۇياش شەرق كوچىسىدىن باشلار نامايىش،
كۆتۈرۈپ دەسلەپكى لوزۇنكىسىنى...
ئاچكۆز بۇلۇتلار
شورىغاچقا كېچىمۇ ـ كۈندۈز
قۇرۇپ تالقان بولۇپ كەتكەن دولقۇنلار.
ئاسىيانىڭ بۇ غېرىب چۆلى
ياتار چۆشلىرىدە ئەمەس، ئوڭىدا
مودېلىنى ياساپ جەننەتنىڭ...

### ئايدىڭ

بىر كۈمۈش تەڭگە
لەيلەپ يۈرەر مۇئەللەقتە يېگانە.
ئىزلىرىدىن ئاسمان قەھرىدە
كۆرسىتىدۇ نەشپۈتلەر چېچەك...
كائىناتقا يېيىشقان بەستى
چۆپلۈكلەر يېشىدا چاقنايدۇ يارقىن.

ئېقىنلارنىڭ يۈرەكلىرىگە
نەقىش ئويۇپ ئويناق بىر جىلۋە،
مۇزلۇق چوققىلارغا يامىشار ئۈنسىز...
دەرەخلەرگە پاتمىغان كېچە
ساڭگىلايدۇ كۆلەڭگە بولۇپ،
ئۆزى دەسسەپ تۇرغان زېمىننى
غەرق مەست قىلىپ،
گۈڭگا رەسىملىرى بىلەن ئاسماننىڭ.

كىر ئالغۇسىدا توك ۋە سوپۇنسىز
يۇيۇپ يۈرەر ئاپئاق بىر پەرى
بوشلۇقتا يېيىشىپ ئالغان
داغلىرىنى كېچىنىڭ...

ئەنەيتۇللا قۇربان

## ئۈچ شېئىر

### ھايات

ئۆرۈلگەن ئابىدە قوۋزاقلىنىپتۇ،
تىنىقلار قۇرۇغان خازانلار بىلەن.
تارالدى قۇياشنىڭ تارالغان چېچى،
ھاياتنى ئويغاتتى بىخ سۈرگەن چىمەن.

بۆشۈك بوپ تەۋرەندى مۈگدىگەن تاغلار،
دەريالار ياڭراتقاچ ئەللەي ناخشىسى
چۆشلەردىن گۈلۈمنى تىلەيدۇ باغلار،
ئاتامدىن گۈل سورار قەلبىم يىغىسى.

ئانامنىڭ كۆز يېشى مەن ئۈچۈن دەريا،
كۈلكىگە كۆندۈ بىلمىتەك بوۋاق،
دولقۇنلار قەھرىگە ئىگىلگەن قىيا،
ئاتامنىڭ مېھنىتى تور يايقان قولۋاق.

جاپالار چېھرىدىن كۈلكە ئىزدەيدۇ،
مۈكچۈمدا كاۋاپتەك كۆيەر جۈپ يۈرەك.
مەن بىر ئاي، يۇلتۇز بوپ ئۇلار ئورايدۇ،
مەن قۇياش ئاتام ۋە ئانام نۇرلاردەك.

زېمىندەك ئەبىدى كۆتۈرگىسى بار،
تاغلاردەك مەڭگۈلۈك قالقان بولغۇسى.
ئۇلارنىڭ قۇچىقى ھاياتىمغا يار
كېمەك ئۆي يەنىلا ئاھ تۇرالغۇسى.

چىمەنلەر ئۈستىدە شۇ ئاددىي كۈلبە،
قارىغايلار ئورىغان كۆرۈپ مۇقەددەس.
سۈرىتى ئەسنەيدۇ غېرىبتەك چۆلدە،
ئارزۇيۇم خۇش ئېيتىپ قارايدۇ بىر پەس.

بولۇتلار قوينىدا تۇرىدۇ ئۆگزە،
زېمىننىڭ باغرىدا ئۇخلايدۇ تۆت تام.
شۇ تاملار ئىچىدە بوۋاق چاغلىرىم،
ھاسىغا تايىنىپ يىغلايدۇ ناخشام.

خىيالىم مۈكچۈندى تاغلار باغرىغا
تارىمدا يۇغاندا ئانام تېنىمنى،
تومۇردا دومىلاپ ئاققان بىر قۇياش
مۈيگۈدە تاتلاپ ئۆتتى قېنىمنى.

ئاتىلار قەلبىدە تېنىم ھامىلە،
ئانىلار ئاھىدا مۈڭلىرىم ناخشا.
ھاياتىم ھەر ئىنسان ساڭا ئابىدە،
خالىساڭ يۈرەكتە مۈگدەپ ياشا.

## ئابىدە

1

ماتەمدار قېرىنداشلار ئاق بۇلۇتتەك،
ئېپ ماڭدى بىر جەسەتنى قۇياش كۆرۈپ؛
كۆزلەردە چايقىلىدۇ ئەزىم دەريا،
قايتقاندا يەرلىكىگە ئۇنى كۆمۈپ،
يۇلتۇزلار گىرىدلەشتى كىرپىكلەرگە،
قامەتلەر تولغىنىدۇ چاقماقسىمان.
ئاھىمىز يامغۇر بولۇپ سىڭدى يەرگە،
مۇسىبەت تونى كىيگەن چەكسىز ئاسمان.

2

بىر ئاچچىق شامال تىنماس قەبرىگاھتا،
ھىجرانلىق يىغلار بار ئاشۇ يەردە؛
دۇئادا تىنچىتىدۇ گاھىلىرى،
ھەسرەتلىك تىنىقلارنى ھەر سەھەردە.
دۇئا قىپ، ياغ پۇرىتىپ، نەزىر قىلىپ،
تەسەللى بېرىشىدۇ مۇسىبەتكە؛
ئابىدە بولالامدۇ قېرىندىشىم،
بۇ ئىشلار مەرھۇم باغرىڭ شۇ — جەسەتكە!؟

3

مەنمۇ بىر شېئىر تاشنى ئابىدە دەپ،
قەبرىلەر ئارىسىغا قويۇپ قويدۇم،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سىردىشىم نام ـ ئەمەلى، شەرىپىنى
يۇرىكىم تېپىشىدە ئويۇپ قويدۇم.
ھەر ئىنسان كۆمۈلىدۇ بىر قەبرىگە،
بەزىلەر كۆمۈلىدۇ ئەل قەلبىگە؛
گاھىلار ياتالمايدۇ قەبرىدىمۇ،
كۆمۈلۈش لايىق بولغاچ ئەل قەھرىگە،
سىردىشىم مۇسىبىتى لېكىن باشقا،
ئېھراملار تۇرغۇزساقمۇ قەبرىسىگە،
بەدىلى بولالمايدۇ ھېچ ئەجرىگە.

* *

ئانا يەر بىر ئىنساننى قۇچاقلىغاچ،
بىر قەبرە ئانا يەرنى باغاشلىدى؛
قەبرىگە ئابىدىنى تىكلەلمىگەچ
مىليونلاپ يۈرەك يىغلاپ كۆز ياشلىدى.

**ھەر كۈنى كەچتە**

ھەر كۈنى كەچتە
ئانام كۆكسىنى تىڭشاپ ياتىمەن.
ھىدىنى پۇراپ،
ئۇيۇق قوينىدىن قۇياش تاپىمەن،

ھەر كۈنى كەچتە
ئانام كۆكسىنى تىڭشاپ ياتىمەن.
قورۇقنى ساناپ،
تارىم سۈيىدەك تىمتاس ئاقىمەن.

ھەر كۈنى كەچتە
ئانام كۆكسىنى تىڭشاپ ياتىمەن.
چاچلىرىنى تاراپ ئاۋايلاپ،
تەڭرى تېغىنى ئەسكە ئالىمەن.

ھەر كۈنى كەچتە
ئانام كۆكسىنى تىڭشاپ ياتىمەن،
كۆيىنى ئاڭلاپ،
رىۋايەتلەرنى ئويلاپ قالىمەن.

* *

ھەر كۈنى كەچتە، ھەر كۈنى كەچتە،
ئانام كۆكسىنى تىڭشاپ ياتىمەن.
.........................

**ئەنۋەر ئوسمان**

# مېنى روھىمدىن ئىزدەڭلار

(نەسىر)

- ئىشخانىدا دائىم ئاڭلايدىغىنىم، كىمدۇر بىرىنىڭ كىتاب يېزىپ ئالقىشقا سازاۋەر بولغانلىقى، يەنە بىرىنىڭ ئوقۇتۇشتا نەتىجە يارىتىپ «شەرەپ سەھنىسى» دىن ئورۇن ئالغانلىقى، قەيەردىدۇر يەنە بىرسىنىڭ ئاجايىپ تەسىرلىك ئىشلارنى قىلىپ باشقىلارغا ئۈلگە بولغانلىقىدەك خەۋەرلەر ئىدى. بۇنداق ئىشلار قولۇمدىن كەلمىگەچكە بۇ ھەقتى-كى ئۇچۇرلارنى ئاڭلىسامىلا قۇيقا چاچلىرىم تىك بولۇپ كېتەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئازاب ۋە زېرىكىش ئىچىدە كۈننى ئاران كەچ قىلاتتىم - دە، ئىشتىن چۈشۈپلا گوياكى مەست ئادەملەردەك بېشىم قايغان تەرەپلەرگە كېتىپ قالاتتىم. بۇنداق چاغلاردا ھېچكىم مېنىڭ مەستلىكىمدىن گۇمان قىلمايتتى.

بۈگۈنمۇ شۇ ئادىتىم بويىچە كوچا ئايلىنىپ يۈرۈپ، نامى ھەممىگە تونۇشلۇق «كەيىپ سۈرۈش مەيخانىسى» ئالدىغا كېلىپ قاپتىمەن. ئۇ يەردە بىرقانچە ئۆلپەتلىرىم بىلەن ئۇچراشتىم. بىز مەيخانىغا كىردۇق. مەيخانا شۇنچە چوڭ بولۇشىغا قارىماي «كەيىپ سۈرۈش» ئۈچۈن كىرگۈچىلەر بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ياشلار بولۇپ، بەزىلىرى ئۆزىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلىشمەيتتى. يەنە بەزىلىرى كىملەرنىدۇر ئارقىسىدىن تىللايتتى. بۇ ھال مېنىڭ كەيپىلىكىمنىڭ شىددەت بىلەن ۋايى-غا يېتىشىگە مەدەت بولدى.

مانا ئەمدى مەنمۇ ئۆزۈمنىڭ قەيەردە تۇرىۋاتقانلىقىمنى بىلمەيمەن.

تېخى بايىلا كۆزلىرىمنى چاقنىتىپ تۇرغان كوچا چىراغلىرىنىڭ جىلۋىدار نۇرلىرى قاياققىدۇر غايىب بولغان. مەن بىلەن ھەر كۈنى دېگۈدەك «ھايات پەيزى» نى بىللە سۈرۈپ كېلىۋاتقان «ئاق كۆڭۈل» ئۆلپەتداشلىرىممۇ بىردەمدىلا نەگىدۇر يوقالغانىدى. مەن گوياكى قاراڭغۇ تۈگمەن ئىچىدە ھاياتلىق ئۈچۈن تىرمىشىۋاتقان قارا قوڭغۇزلار-دەك ئۇياق - بۇياقلارغا مۆدۈرۈپ، يىقىلىپ - قوپۇپ، بىر خىل تەشۋىش، قورقۇنچ ئىچىدە كېتىۋاتىمەن...

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

مانا كۆز ئالدىمدا چەكسىز كەتكەن سازلىق، ئەتراپىمدا يول تاپالماي تەمتىرەپ يۈرگەن ناھايىتى نۇرغۇن بىچارە ئادەم. بۇلارنى كۆرۈپ قورقۇنچلىرىم بىردىنلا يوقاپ، قانداقتۇر بىر ئىش ئېسىمگە كەلگەندەك بولدى: «توغرا، — دېدىم مەن ئۆز - ئۆزۈمگە، — بۇ مەن ئۈچۈن ئەڭ ياخشى پۇرسەت. ئەگەر بۇلارنى قۇتقۇزۇۋالسام، مېنىڭ بۇ ‹قەھرىمانلىقىم› ئالدىدا باشقىلارنىڭ ‹ئۇنداق تۆھپىلىرى› نېمىگە ئەرزىيتتى!» شۇندىلا مەن قەھرىمان دانكونى ئەسلىدىم ۋە ئۇلارغا قاراپ بار ئاۋازىم بىلەن ۋارقىرىدىم:

— بۇرادەرلەر، يۈرۈڭلار، مەن سىلەرگە يول باشلاپ بېرەي!

بىراق، ھېچكىم مېنىڭ سۆزۈمگە پەرۋا قىلمىدى. مەن بۇ «غەنىمەت» پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ، ئۇلارنى سۆزۈمنىڭ راستلىقىغا ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن دەرھال كۆكرىكىمنى ياردىم - دە، يۈرىكىمنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ ئېگىز كۆتۈردۈم. ئەپسۇسكى، يۈرىكىم دانكونىڭ يۈرىكىگە زادى ئوخشىمايتتى. دېمەك ئۇ ئەتراپنى يورۇتالمىغانىدى. شۇنداقتىمۇ مەن ئۆز - ئۆزۈمگە تەسەللى بېرىپ، «چىراغ ئۆزىنى يورۇتمايدۇ» دېگەن سۆزنى كۆپ ئاڭلىغان ئىدىمغۇ! توغرا، يۈرىكىم مېنى يورۇتمىغان بىلەن باشقىلارغا چوقۇم ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بېرىۋاتىدۇ، دېدىم - دە، پۈتۈن كۈچۈم بىلەن يۈگۈردۈم. ئارقامدىن نۇرغۇن جان ئىگىلىرى ماڭا ئەگىشىپ كەلمەكتە ئىدى. مەن ئۆزۈمنىڭ بۇ ئاجايىپ قەيسەرلىكىمدىن ھاياجىنىمنى باسالمىدىممۇ قانداق، ئۈشتۈمتۈت يىقىلىپ چۈشتۈم. ئەپسۇسكى، ھېچكىم مېنى يۆلەپ قويمىدى، قانچە تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولساممۇ، ئورنۇمدىن تۇرۇشقا ماغدۇرۇم يېتىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ماڭا ئەگىشىپ كېلىۋاتقانلارنىڭ پەرۋاسىزلا يىراقلاپ كەتكىنىنى كۆرۈپ، ئۇلارغا تازا ئاچچىقىم كەلدى - دە، ئىچىمدە ئەسەبىيلەرچە تىل ياغدۇرۇشقا باشلىدىم.

بىردىنلا كۆز ئالدىمدا ئاقۇش تۈتەك پەيدا بولدى. مەن قاتتىق چۆچۈپ كەتتىم. ماڭا ئانچە يىراق بولمىغان جايدا ئېگىز - پەس قەبرىلەر، قەبرە ئەتراپىدا باشسىز تەن، گەۋدىسىز باشلار كېپەنلىرىنى سۆرۈشۈپ، ئۇياقتىن بۇياققا ئۆتۈشمەكتە ئىدى. قۇلىقىم تۈۋىدە قانداقتۇر چۈشىنىكسىز ۋە ئىنتايىن ۋەھىملىك، غەلىتە ئاۋازلار. مەن بۇ مەنزىرىدىن قورقۇپ غال - غال تىترىگىنىمچە كۆزلىرىمنى چىڭ يۇمدۇم: تۇۋا، مەن، دانكو بولماقچى ئەمەسمىدىم؟ قەبرىستانلىققا قانداق كېلىپ قالغاندىمەن؟ سازلىقتىكىلەرنى قۇتۇلدۇرىمەن، دەپ ئۆلۈكلەرگە يول باشلىغىنىم، ئا Q چە غالىبانىلىق، دونكىخوتچە ئەخمەقانىلىق بولماي نېمە؟

مەن ئۆز قورقۇنچلىرىمنى يوشۇرۇش ۋە بۇ قاباھەتلىك رېئاللىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچۈمنى يىغىپ ناھايىتى تەسلىكتە ئورنۇمدىن تۇردۇم - دە، باش ۋە گەۋدىلەرگە قاراپ تىترەڭگۈ، بوغۇق ئاۋاز بىلەن خىتاب قىلدىم:

— ھەي ئەرۋاھلار، ئاڭلاپ تۇرۇڭلار. مەن سىلەرنى يولدىن ئېزىپ قالغان كىشىلەر ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ، ھاماقەتلىك قىلىپ قويۇپتىمەن. گۆرۈڭلارغا كىرىپ كېتىڭلار! ئەمدى سىلەرگە يول باشلاپ بېرەلمەيمەن! مەن شۇنداق دەۋېتىپ چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمۈپ كەتتىم. تۇساتتىن ھاۋا قاتتىق گۈلدۈرلەپ، چاقماق چاققاندەك بولدى.

مەن تېخىمۇ قاتتىق ساراسىمىگە چۈشۈشكە باشلىدىم. ئارقىدىنلا دەھشەتلىك كۈلكە ئاۋازى ئاڭلاندى. شۇئان ئۆپكەم ئاغزىمغا تىقىلىپ، نەپىسىم قىسىلغاندەك بولدى. مەن ئۆز ھالىم بىلەن قېلىۋاتقان پەيتتە قۇلىقىم تۈۋىدە ناھايىتى ئاچچىق، ئەمما، نەشتەردەك ئۆتكۈر سۆزلەر جاراڭلاشقا باشلىدى.

— رەھمەت ساڭا ھاماقەت، سەن بىزگە يول باشلاپ بەرمەكچىمىدىڭ؟ شۇنى بىلگىنكى، يولدىن ئازغان ئەخمەق بىز ئەمەس، بەلكى سەن! سەن تېخى شۇ ئەپتىڭ بىلەن باشقىلارغا يول باشلىماقچى، ئۇلارنى قۇتقۇلدۇرماقچى بولۇۋاتامسەن؟ ھا... ھا... ھا... تولىمۇ كۈلكىلىك ئىشقۇ بۇ! ئوغلۇم، ياخشىسى، سەن باشقىلارنى قۇتقۇلدۇرىمەن، دەپ ئاۋارە بولماي، ئالدى بىلەن ئۆزۈڭنى قۇتقۇزۇۋال! ئېيتقىنا ئوغلۇم، سەن ھازىر ئۆزۈڭنىڭ قەيەردە تۇرۇۋاتقانلىقىڭنى بىلەمسەن؟ ئاللا سېنى قانداقلارچە ئادەم قىلىپ يارىتىپ قويغاندۇ؟! ئاڭلاپ تۇر، ئۆزى مېڭىش ئۈچۈن يول تاپالماي قىينىلىۋاتقان ئادەم ھەرگىزمۇ باشقىلارغا يولباشچى بولالمايدۇ...

گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە ئۆزۈمنىڭ ناھايىتى چوڭقۇر بىر ئازگال ئىچىدە ياتقانلىقىمنى بىلدىم. ئېھتىمال ئاشۇ سۆزلەر باشلىنىشى بىلەنلا تېنىمنىڭ ئۆتمە تۆشۈك بولۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ «قوغدىنىش» يۈزىسىدىن بۇ يەرگە دومىلاپ چۈشكەن بولۇشۇم مۇمكىن. مەن ئەمدىلا ئۇيقۇدىن ئويغانغان كىشىدەك ئازگال تاملىرىغا تايىنىپ ئاستا ئورنۇمدىن تۇردۇم ـ دە، قىلمىشىمغا تۆۋە قىلىپ، ئۇلاردىن كەچۈرۈم سوراشقا باشلىدىم.

— ئەي شېھىتلار، ياق، ئۇلۇغلىرىم... ئە... ئەې... ئەجدادلىرىم مېنى كەچۈرۈڭلار، مەن سىلەرنى بىئارام قىلىپ قويدۇم. بۇنىڭ ئۈچۈن دوزاختا كۆل بولۇشقا لايىقمەن، — ئاخىرىدا نېمە دېيىشىمنى بىلمەي تۇرۇپلا قالدىم. بىردەم جىمجىتلىقتىن كېيىن ھېلىقى غايىبانە ئاۋاز قايتا جاراڭلاشقا باشلىدى:

— شۇنداق، توغرا ئېيتتىڭ ئوغلۇم. بۇ ئالەمدە سەندەك ياشىغانلار دوزاختا كۆل بولسىمۇ ئازلىق قىلىدۇ. بۇنداق ياشاش «بەندە» نىڭ ئىشى. «بەندە» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى بىلەمسەن؟ ئەگەر سەن ئۆزۈڭنى «ئادەم» ھېسابلىساڭ ياشاش ئادىتىڭنى ئۆزگەرتىشىڭ كېرەك. ھازىرقىدەك ياشساڭ سەندەكلەرنىڭ بولغىنى زېمىنگىمۇ ئېغىر يۈك. بولدى، سېنى كەچۈردۇقمۇ دەيلى، لېكىن بىز كەچۈرگەن بىلەن ئاللا كەچۈرمەيدۇ. زامانداشلىرىڭ، جۈملىدىن ئەۋلادلىرىڭ كەچۈرمەيدۇ. سەن شۇلارغا يۈز كېلەلەمسەن؟ ئىشەنمىسەڭ ئۆز ئەپتىڭگە ئوبدان نەزەر سېلىپ باق! ئەنە، سەن تېنىڭنى ئىنتايىن يىرگىنىشلىك بىر نەرسە بىلەن بۇلغىۋاپسەن. ئەگەر ئۇنى تېزدىن يوقاتمىساڭ، كېيىن قاتتىق پۇشايمانغا قالىسەن، چىداپ بولغۇسىز دەرىجىدە ۋىجدان ئازابى تارتىسەن!

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ھەيران قالدىم. مەن ئۆز ئەپتىمگە خېلى سىنچىلاپ قارىغان بولساممۇ، بىرەر غەلىتە نەرسىنىڭ بارلىقىنى سېزەلمىدىم. بىراق دەسلەپ «سازلىقتىكىلەر» گە يول باشلاپ ماڭغاندا يۈرىكىمنىڭ يورۇقلۇق چىقارمىغانلىقىنى ئەسلەپ، ئۇنى بۇلغانغان بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم ـ دە، ئۆزۈمگە قىلىۋاتقان بۇ خىتابنىڭ توغرىلىقى-

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

نى خىرە ـ شىرە بولسىمۇ ھېس قىلىپ، ئۇلارغا تەشەككۈر بىلدۈرۈش مەقسىتىدە دۇئاغا قول كۆتۈردۈم؛

ـــ رەھمەت سىلەرگە، ئۇلۇغ ئەجدادلىرىم...

ـــ ھا... ھا... ھا... تولىمۇ ئەقىلسىزلىك قىلىۋاتىسەن ئوغلۇم، سەن ھازىر ئەجدادلىرىڭغا ئەمەس، تېنىڭدىكى نىجاسەتنىڭ مەۋجۇدلۇقىغا تەشەككۈر بىلدۈرۈۋاتىسەن. يۇر ئوغلۇم. يۇر، ئالدى بىلەن تېنىڭدىن نىجاسەتنى يوقات، ئۆزۈڭنى پاكلا، ئاندىن ئەجدادلىرىڭغا دۇئا بىلەن ئەمەس، ئەجىر ـ مېھنىتىڭ بىلەن جاۋاب قايتۇر، مانا بۇ سېنىڭ ئۆمۈر بويى ئۇخلىماي قىلغان ئىبادىتىڭدىنمۇ نەچچە ھەسسە ئارتۇق...

بۇ گەپ ئاخىرلىشىشى بىلەن تەڭلا ھېلىقى ئاقۇش تۇمانلار بارغانچە يىراقلاپ، ئاستا ـ ئاستا خىرەلىشىشكە باشلىدى. كېيىن تەلتۆكۈس يوقالدى. گەرچە مەن ئۆزۈمگە خىتاب قىلىۋاتقان بۇ ئۇلۇغ روھ ئىگىلىرىنى كۆرەلمىگەن بولساممۇ، لېكىن ئۇلار مەندە نۇرغۇن سوئاللارنى قالدۇرۇپ كەتتى.

كىمدۇر بىرىنىڭ بېشىمنى قاتتىق سىلكىپ ئەنسىز ۋارقىرىشىدىن چۆچۈپ بېشىمنى كۆتۈردۈم ـ دە، ھەيران بولغان ھالدا يېنىمدىكى كىشىگە قارىدىم. ئۇ دەل مېنى بۇ يەرگە باشلاپ كىرگەن ئۇلپەتلىرىمنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ كۆزۈمگە تىكىلىپ تۇرۇپ:

ـــ ئادىشوي، نېمە بولدى ساڭا، ئادەمنى قورقۇتۇپ نېمىلەرنى دەۋاتىسەن؟ـــ دېدى. مەن ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ، ئۇنىڭغا جاۋابمۇ بەرمەستىن ئەتراپقا نەزەر سالدىم. مەن تۇرۇۋاتقان بۇ جاي قەبرىستانلىق بولماستىن، دەل ھېلىقى ھەممىگە تونۇشلۇق «كەيىپ سۈرۈش مەيخانىسى» ئىدى. مەيخانىنىڭ ئىچىنى تاماكىنىڭ تۈتەكلىرى قاپلاپ كەتكەچكە بۇ يەردە دولدەڭشىپ يۈرگەن مەستلەر ماڭا ھېلىقى تۈتەكلەر ئارىسىدا كېپەنلىرىنى سۆرىشىپ ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئۆتۈشۈپ تۇرغان «جەسەت» لەرنى، قوسۇقلىرىغا ياندىشىپ، پۇشۇلداپ ياتقانلار بولسا ھېلىقى ئېگىز ـ پەس قەبرىلەرنى ئەسلەتتى. بۇ يەردىن چىقىۋاتقان ئاۋازلار بىردىنلا مېنى يەنە قورقۇمسىرىتىپ قويدى. چۈنكى مەن تەسەۋۋۇرۇمدىكى رېئاللىق بىلەن كۆز ئالدىمدىكى رېئاللىقنى ئارىلاشتۇرۇپ قويۇۋاتاتتىم. مەن ئاخىرى بۇ بۇرۇختۇملۇقتىن بىزار بولۇپ ئورنۇمدىن تۇردۇم ـ دە، يېنىمدىكىلەرگە زۇۋانمۇ سۈرمەستىن، مەست روھىمغا شىپا ئىزدەپ سىرتقا قاراپ ماڭدىم. كېتىۋېتىپ ھېلىقى سۆزلەر ئېسىمگە كەلدى. ئۆز ئەھۋالىم، تەقدىرىم ئۈستىدە ئويلىنىپ قالدىم: مەن راستىنلا بۇ ئالەمگە ئارتۇقچە يارىتىلىپ قالغان ئادەممۇ؟ تېنىمدىكى «نىجاسەت» زادى قانداق نەرسىدۇ؟ قانداق قىلغاندا ئۇنى ۋۇجۇدۇمدىن تەلتۆكۈس يوقىتىپ، ئۆزۈمنى پاكلاپ، ئادەمدەك ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالارمەن؟ زامانداشلىرىمنىڭ، ئەۋلادلارنىڭ، ئەجدادلارنىڭ مەدھىيىلىشىگە ئېرىشەلەرمەن؟!

گەرچە مۇشۇ مىنۇتتا بۇ سوئاللارغا باشقىلارنى قانائەتلەندۈرەلىگۈدەك جاۋاب بېرەلمىسەممۇ، ھەر ھالدا خېلى چوڭقۇر بىر ھەقىقەتنى بىلىۋالغاندەك بولدۇم. ئۇزۇندىن بۇيان ھەسەت ئوتىدا پۇچىلىنىپ كېلىۋاتقان يۈرىكىم، ئەمدىلىكتە خۇشاللىقتىن تەڭگەش بولغاندەك رىتىملىق سوقماقتا ئىدى.

مەنسۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

ئۆمەر مەتنۇرى

# نەسىرلەر

## دېڭىز

دېڭىزغا ئۇزۇن يىللاردىن بېرى تىكىلىپ قاراۋاتىمەن. ئۇ نېمىشقىدۇر سىرلىق شارقىرايدۇ. ھەر قېتىم خادا تاشلارغا ئۇرۇلغاندا چاچرىغان بۇژغۇن خىيالىمنى نەم شامالغا يەم قىلىۋېتىدۇ. گاھىدا شىددەتلىك دولقۇن، چايقىلارمۇ خىيالىمنى قايتۇرۇپ كېلەلمەيدۇ.

دېڭىز بەئەينى مېنىڭ قەلبىم. مەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراۋاتىمەن. ئۇ سىرلىق شارقىرايدۇ. ئەپسۇس، ھازىرغىچە دېڭىزنىڭ تىلىنى بىلەلمىدىم.

## يۇلغۇن چېچىكى

فېۋرالنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى. ئاچچىق شىۋىرغان قۇم دولقۇنلىرىنى ئۇچۇرتۇپ كەتمەكتە. چىپەرقۇتتىن تىكىلگەن ئۇزۇن يەكتەكىمنى ۋە سالۋا تۇمىقىمنى قۇم دۆۋىسىنىڭ يېنىغا سېلىپ قويدۇم-دە، ئۆرۈك ياغىچىدىن ساپلانغان پالتامنى خۇددى چاچلىرى چۇۋۇلغان دەرۋىشكە ئوخشاش، شاخلىرىنى يېيىپ ياتقان يۇلغۇننىڭ غولىغا ئۇردۇم. مەن كۈچەپ پالتا ئۇرغان يۇلغۇننىڭ غولىدىن خۇددى بالىسىدىن ئايرىلغان ئانىنىڭ يېشىنى كۆرگەندەك بولدۇم. بۇژۇلداپ چىقىۋاتقان ياش دېڭىزنىڭ غەزەبلىك قايناملىرىنى ئەسلىتەتتى. نېمە ئۈچۈندۇر، كېسىلەي دەپ قالغان يۇلغۇننى سوغۇق شامالغا تاشلاپ بېرىپ، چۆللۈككە كېتىپ قالدىم.

ئىيۇل ئايلىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرى. مەن جاڭگالغا كېتىۋېتىپ، ھېلىقى يۇلغۇننى ئۇچرىتىپ قالدىم. ئۇ چېچەكلىگەنىدى. ئۇنىڭ تۇز قانىتىغا ئوخشاش يېيىلغان شاخلىرى قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا مەغرۇر قانات كېرىپ تۇراتتى. مەن نېمىندۇر ھېس قىلغاندەك بولدۇم ۋە كەچكى شەپەقتىن ھەللەنگەن بارخانلارغا سىڭىپ كەتتىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## يول

ئالدىمدا يول، ئەتراپىمنىڭ ھەممىسى يول. مەن ھېچقايسىدا ماڭمىدىم. چۈنكى مەن يول ئىزدەۋاتقان يولۇچى. مەن بىلگەن يولۇمچە مېڭىۋەردىم. قارىسام ئىزىمىدىن يېڭى بىر يولنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى ھېس قىلدىم ۋە بۇ يول بىلەن داۋاملىق مېڭىۋەردىم.

## گۈزەللىك

شېرىن چۈشلىرىم، تاتلىق ئەسلىمىلىرىم تۇمانلىق قەلبىمنى ئاۋۇندۇرالمىدى. نېمىشقىدۇر مەن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان شېئىر ئوقۇش، مۇزىكا ئاڭلاشمۇ خۇشياقمايتتى. تىت ـ تىتلىق ئىچىدە تاشقارقى ئۆيگە چىقتىم، چىقتىم ـ يۇ، بۆشۈكتىكى بوۋىقىمنىڭ كۆزىدىكى نۇرنى، چېھرىدىكى تەبەسسۇمنى كۆردۈم. قەلبىم بىردىنلا قۇياشلىق ئاسماندەك يورۇپ كەتتى. مەن تۇنجى ئاتىلىق مېھرى ـ مۇھەببەت بىلەن بالىغا جىلمايدىم ۋە گۈزەللىكنىڭ نېمىلىكىنى ھېس قىلغاندەك بولدۇم.

## ھايات كۆيى

بىزنىڭ يۇرت تولىمۇ قۇرغاق ئىدى. شۇڭلاشقىمىكىن، ياز كۈنلىرى ھاۋا خۇددى تونۇردەك قىزىپ كېتەتتى. بىز بۇنداق مەزگىلدە كۈن بويى سۇغا چۆمۈلەتتۇق، دەريا بويلىرى، كۆل بويلىرىدىكى چۆمۈلەلەرنىڭ ئۆزىدىن چوڭ نەرسىلەرنى سۆرەپ كېتىۋاتقىنىنى تاماشا قىلاتتۇق. ئۇلارنى قىزىق قۇم بىلەن كۆمۈشەتتۇق. كۆمگەندىمۇ راسا كۆمەتتۇق. لېكىن ئۇ بىردەمدىن كېيىن نەدىندۇر تېشىپ چىقاتتى ـ دە، يولىغا راۋان بولاتتى. بىز قىزىقسىنىپ يەنە كۆمۈشەتتۇق. ئۇنىڭ يامانلىقىدىن ھەيران قېلىشاتتۇق.

يىللار ئۆتكەنسېرى شۇ بالىلىقنى سېغىنىدىغان بولۇپ قالدىم. بارا ـ بارا شۇ كىچىك جانلىق قەلبىمدە بىرخىل ھاياجان ھېسلىرىنى قوزغايدىغان بولۇپ قالدى. نېمىشقىدۇر بىرەر قىيىن مەسىلىگە دۇچ كەلگىنىمدە، ھاياتتىن بەزگىنىمدە شۇ كۆرۈنۈش كۆز ئالدىمدا نامايان بولاتتى ـ دە، ۋۇجۇدۇمدا غايىبتىن سېھرىي كۈچ پەيدا بولاتتى ۋە تومۇرلىرىمدا قانلار دولقۇنلىنىپ، ھايات يولۇمنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئۈندەيتتى. شۇڭا بۇ كۆرۈنۈشنى ھەر قېتىم ئەسلىگىنىمدە، خۇددى جۇشقۇن ھايات كۈيىنى ئاڭلىغاندەك، شادلىق تۇيغۇسىدا ئۇپۇققا كۆز تىكىدىغان بولۇپ قالدىم.

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

ئابدۇقادىر جالالىدىن

# چالا كۆيگەن رىسالە

(نەسىرلەر)

## سەپسەتە

— سەن كىم؟ — دېدىم ئۇنىڭغا.

— تونۇمايۋاتامسەن؟ — ئۇ رودىپايدەك كۈلۈمسىرىدى، ئۇنىڭ چىرايى ھەسرەتلىك ھەم ۋەھىمىلىك ئىدى.

بۇ مېنىڭ ئۇنى تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈم بولسىمۇ، قاراپلا تونۇۋالدىم. ئۇ يەنە سۆزلەشكە باشلىدى:

— سەكراتقا چۈشكىنىمدە، بىر سىقىم قۇمنى سىقىمداپ تۇرۇپ، ئاللادىن قۇمدەك كۆپ ئۆمۈر بېرىشىنى تىلىگەنىدىم، تەلپىم ئىجاۋەت بولدى. بىراق، ئەڭ زور سەۋەنلىكىم شۇكى، مەن ئاللادىن ياشلىقىمنى تىلەپ، ئەسلىگە كەلتۈرۈۋېلىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. قاچان تۇغۇلغىنىمنى بىلمەيمەن، ھازىرغىچە سەكراتتا ياشاۋاتىمەن.

— سېنىڭ كۈتىدىغان بىرەر ئارزۇيۇڭ يوقمۇ؟

— ھەي، بۇنداق ھاياتتىن تولىمۇ بەزدىم، ئۆلۈشنىلا ئارزۇ قىلىمەن. بىراق، ئاللا تەرىپىدىن ئۇنتۇلۇپ كەتتىم.

## تىلاۋەت

تىرىكلەردىن قورقمىغانلار ئۆلگەنلەرنىڭ ئەرۋاھىدىن قورقىدۇ. شۇڭلاشقا بۇ دۇنيا ئۆلگەنلەرنىڭ روھىغا ئاتاپ كۆيدۈرۈلگەن ياغلارنىڭ پۇسى بىلەن تولغان.

مەنمۇ ئەرۋاھلارنىڭ بەختسىزلىكى ئۈچۈن قايغۇرۇپ، شادلىقىمنىڭ ھەممىسىنى قۇربان قىلىپ بولغانىمەن. ھەتتا ئوتتۇن يېتىشمىگەندە، كىيىمىنىمۇ نەزىر-چىراغ ئوچىقىغا قالاۋەتكەنىمەن. بىراق مېنىڭ تامامەن قۇربان بولغان شادلىقىمنىڭ قەبرىسى بارمۇ-يوقمۇ، بۇنى بىلمەيمەن.

بولسىمۇ، ئۇنى كۆمپەيكۇم قىلىۋېتەتتىمەن.

ماڭا قالغىنى يېرىم ناشۇدلۇق. مەن ئۇنىڭ مەۋجۇدلۇقىدىن دېرەك بېرىدىغان بىرەر ئالامەتنىڭ بولۇشىنى خالىمايمەن. ئەگەر بارلىقىنى سېزىپ قالسام، ئۇنىڭمۇ كۆلىنى كۆككە سورۇۋېتىمەن. چۈنكى، ھاۋادا ۋېژىلداپ ئۇزۇپ يۈرگەن بۇسلاردىن تولىمۇ بىزارمەن.

مەن ئۆلگەنلەرنىڭ يۈز خاتىرىسى ئۈچۈن ئۆزۈمنى ئۇلاردىن تىلەپ ئولتۇرمايمەن. پەقەتلا بۇ پايانسىز زېمىندە مېنىڭ قەبرەمنىڭ بولماسلىقىنى تىلەيمەن. قەبرىستان گۈللىرىنىڭ ئۆسۈشىنى، غۇچچىدە ئېچىلىپ تۇرۇشىنى خالىمىساممۇ، ئۇلار ئېچىلىۋەردى. بۇ — مېنىڭ نېسىۋەم.

زېمىن بىر - بىرىگە زەرپ بىلەن ئۇرۇلغان پۇت - قوللارنىڭ دۈۋىسى. مەن ناخشىۋەن. مەغپىرەت قىلغىن، پەرۋەردىگار!

## رىسقى

ئالدىمدا دېرىزە، تامسىز دېرىزە، مەن شۇنداق بىر ئۆينىڭ ئىچىدە.

دېرىزىنىڭ سىرتىدا بىر تۈپ چىلان دەرىخى، ئاۋازىم يەتمەيدىغان نېرىدا. چىلان دەرىخىنىڭ يوپۇرمىقى بارمۇ - يوقمۇ، بۇنى بىلمەيمەن. بىراق زاۋال يېتىپ كېلىشى بىلەنلا، چىلان دەرىخىنىڭ ناھايىتى زورىيىپ، پەلەكنىڭ قەرىگە شاخلىنىپ چىقىپ كەتكەنلىكىنى، مېۋىسىنىڭ چوغدەك جۇلالاپ تۇرغانلىقىنى كۆرىمەن. بۇ مەنزىرىگە مېلىكە بولۇپ، ھاياتىمنىڭ قانچىلىكى قالدى، بۇنىمۇ بىلمەيمەن.

پەسىللەر ئۆتۈۋەردى، بىراق چىلان دەرىخىنىڭ بۇنىڭ بىلەن كارى بولمىدى. زاۋال يېتىپ كېلىشى بىلەنلا مېۋىلەرنىڭ چوغدەك جۇلالاپ تۇرغانلىقىنى كۆرىمەن. شاماللار دېرىزەمنى چېكىپ ئۆتتى، بىرقانچە ناتونۇش قۇشلارمۇ غۇي قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى. مەن ئۇلار پەرۋاز قىلغان ھاۋا بوشلۇقىدا چىلانغا ئوخشاش بىر نەرسىلەرنىڭ لەيلەپ قالغانلىقىنى كۆردۈم. بۇ چىلانمۇ ياكى چىلانغا ئوخشايدىغان نەرسىمۇ، بۇنى بىلمەيمەن.

مەن ئۇشتۇمتۇت ئېسىمگە ئالدىم، يۈرىكىمنىڭ چىلاندەك قىپقىزىل ئىكەنلىكىنى ئېسىمگە ئالدىم. لېۋىمنى تامشىپ قويۇپ، كۆكرىكىمگە قولۇمنى ئۇزاتتىم. نېمە!؟... جەننەت؟! ھا - ھا - ھا... مەن رىسقىمنى تاپقانىدىم.

## قەھرىمان

ئاللا ئۆزىنىڭ مۆمىن، ئىخلاسمەن بەندىلىرىگە ھەددىن زىيادە شاپائەت قىلىدۇ، ئۇلارغا ھەرقانداق ئىشنىڭ كەڭتاشا ئېچىۋېتىدۇ. بىراق، مەن ئەڭ قورقۇنچاق بەندىسى بولغاچقا، بوسۇغىدىن ئۆتكەندە ھوشۇمدىن كېتىمەن. ئالەم شۇنچە كەڭ بولسىمۇ، ئادەملەر مىغىلدىشىپ يۈرۈپتۇ، شەھەر رەستىلىرىدە قەسىرلەر كۆپەيدى، مەن ئۇلارنىڭ ۋىۋىسكىلىرىنى ئوقۇشقا ئۈلگۈرەلمەيمەن، ھەتتا قاراشقىمۇ پېتىنالمايمەن. ئىشىكلەر شۇنچە تولا، بىراق، مەن شۇنچە تۇخۇ يۈرەك.

ماشىنىلار چەۋەنداز ھەيكىلىنىڭ ئالدىدىن غۇيۇلداپ ئۆتۈپ كېتىپ بېرىپـ

تۇ. قەھرىمانلارنىڭ ئىش — ئىزلىرى تارىخنىڭ چىرىپ كەتكەن ۋاراقلىرىدا ئارسىنىپ تۇرۇپتۇ. دەر ھەقىقەت، يېڭى قەھرىمانلىقىنىڭ ئىشىكلىرىمۇ ئېچىلىپ تۇرۇپتۇ:

ئۆزىنىڭ يۈرىكىنى يۇلۇپ ئېلىپ، مەشئەل قىلغانلارمۇ قەھرىمان، قەھرىمانلارنى تەتقىق قىلغانلارمۇ قەھرىمان، قەھرىمانلار ئۈستىدە گەپ ئاچقانلارمۇ قەھرىمان...

زېمىن شۇنچە كەڭ، يوللار شۇنچە تولا، ئەلۋەتتە، بۇنىڭغا بېقىپ، بۇلۇڭ — پۇچقاقلارمۇ تولا. مەن بىر بۇلۇڭدا تۇرۇپ، قەھرىمانلار ھەققىدە گەپ قىلماسلىقنى، ھەتتا ئويلىماسلىقنى نىيەت قىلدىم. توۋا، بۇ مېنىڭ قەھرىمانلىق دەۋرىدىكى گۇناھىم.

## ئىمتىھان

جاللات ماڭا قامچىسىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ سورىدى:

— بۇ نېمە؟

مەن گەپ قىلمىدىم.

جاللات دېۋەيلەپ كېلىپ، ماڭا تىكىلىپ قارىدى. ئۇنىڭ كۆزىدىن قويۇلۇۋاتقان قىپقىزىل قاننى كۆرۈپ، شۈركىنىپ كەتتىم. ئۇ قامچىسىنى پۇلاڭلىتىپ تۇرۇپ يەنە سورىدى:

— بۇ نېمە؟

مەن ئۈنچىقمىدىم. راستىنى ئېيتقاندا، مېنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتىنى يوقاتقان مەنىۋى كۆزۈم ئۇنىڭ قامچا ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. چارس قىلىش بىلەن تەڭلا بىر ئوت دولقۇنى تېنىمگە تارىدى. مەن بۇنداق ھاراراتنى ئۆمرۈم بويى كۆرۈپ باقمىغانىدىم. گۆرۈلدەپ كۆيۈۋاتقان ئوتنىڭ ئىچىدىن ھېلىقى تونۇش ئاۋاز كەلدى:

— بۇ نېمە دەۋاتىسەن!؟

— ئوت!

— نېمە؟

— ئوت!

ئوت ئۇلغىيىشقا باشلىدى، تىترەۋاتقان بەدىنىمگە ماگما سۇيۇقلۇقى چېلەكلەپ قۇيۇلغاندەك بولدى. مەن ئالەمدەك كەڭ ئوتنىڭ ئىچىدە ئېزىپ قالغاندەك بولدۇم. ۋاقىت ۋە ماكان ھەققىدىكى سەزگۈلىرىمنى يوقاتتىم. يىراق كۆكرىكىمنىڭ ئىچىدە مۇزدەك بىر نەرسە تېخىچە تۇرغاندەك قىلاتتى. خۇدا، شەيتاننىڭ جەننىتىنى بەرگىنىڭگە مىڭ قەتلى شۈكرى!

— بۇ نېمە دەۋاتىسەن!؟ — بۇ ئاۋاز يەنە يىراق بىر يەردىن كەلدى.

كۆكرىكىمدىكى مۇزدەك نەرسىمۇ ئېرىپ تۈگىدى. ئەقلىم سۇزۇلگەندەك قىلدى. ئورنۇمدىن چاچراپ تۇرۇپ، توۋلىدىم:

— قامچا!

قورقۇپ كەتكەن جاللاتنىڭ كۆزى چەكچىيىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ قوللىرى ھەدەپ خىرىس قىلىپ تۇرۇۋاتقان زەھەرلىك يىلاننى تۇتقاندەك كېلەڭسىزلىشىپ كەتكەنىدى. مەن ئۇنىڭ قولىدىكى قامچىنى يۇلۇپ ئالدىم.

— بۇ نېمە!؟ — سورىدىم ئۇنىڭدىن.

جاللاتنىڭ زۇۋانى ئۆچكەنىدى.

كۆزىدىكى ئوتمۇ ئۆچكەنىدى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

## دانىشمەنلىك بەدىلى

ئانام دانىشمەنلەر ئالدىدا يالغان گەپ قىلىش گۇناھ دەيتتى. لېكىن، مەن يالغان گەپ قىلىشنى دانىشمەنلەردىن ئۆگىنىۋالدىم. كوچا - كويىلاردا كىشىلەرنىڭ مېڭىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئەزەلدىن كۆرۈپ كېلىۋاتىمەن. لېكىن، بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ دانىشمەن ئىكەنلىكىنى بارا - بارا تونۇپ يەتتىم. دانىشمەنلەر ئارىسىدا ياشاۋاتقىنىم ئۈچۈن خۇشالمەن. ئەمما ئۆزۈمنىڭمۇ دانىشمەن بولۇپ قالغىنىمغا ھەيرانمەن. مادامىكى، بۇ ھەيرانلىق خۇشاللىققا ئايلانسا ئەجەب ئەمەس.

— ئادەمنىڭ بەدىنىدىكى قان سۇغا ئوخشايدۇ، — دانىشمەنلەر بۇ گېپىمگە باش لىڭشىتىشتى.

— ئادەمنىڭ بەدىنىدىكى قان يۇندىغا ئوخشايدۇ، — دانىشمەنلەر بۇ گېپىمگە ھەيران قېلىشتى.

— ئادەمنىڭ بەدىنىدىكى قان قانغا ئوخشايدۇ،— دانىشمەنلەر بۇ گېپىمگە ھومىيىشتى.

— ئادەمنىڭ بەدىنىدىكى قان سىياھقا ئوخشايدۇ، — دانىشمەنلەر بۇ گېپىم ئۈچۈن مېنى جازالىماقچى بولۇشتى.

كىشىلەرنىڭ ھەممىسى دانىشمەن بولغاندا، دانىشمەن بولۇش ئاسانغا توختىمايدۇ.

كىشىلەر مېنى جازالاش ئۈچۈن ھېچ بولمىغاندا مېنىڭ قېنىمنى كۆرۈپ باقماقچى بولۇشتى. ئۇلار قوللىرىغا تىغ ئالمايلا دېۋەيلەپ كېلىشتى.

تېرەم ئاق بولسىمۇ، نېپىز ئەمەس ئىدى. كىشىلەر ئۇنىڭ ئىچىدە ئۇرغۇپ ئېقىۋاتقان ئىسسىق قېنىمنى كۆرۈشكە ئامالسىز قالدى. شۇنداق بولسىمۇ، دېۋەيلەپ تۇرۇۋەردى. كىشىلەرنىڭ ھەممىسى دانىشمەن بولغاندا، ئۆزىنى - ئۆزى جازالىشىمۇ بىر دانىشمەنلىك، مەن ھېچبىر ئىككىلەنمەستىنلا بېشىمغا قولۇمنى ئۇزاتتىم. بارماقلىرىم بىلەن بېشىمنىڭ تېرىسىنى پۇرلەپ قاماللىدىم - دە، پۈتكۈل تېرەمنى كۆچۈنۈپ تارتتىم. قېلىن تېرەم خۇددى كۆڭلەكتەكلا يۇلۇنۇپ چىقتى. ئۇنى شۇزاماتلا دېۋەيلەپ تۇرغان دانىشمەنلەرگە قارىتىپ ئاتتىم، دانىشمەنلەر قاقاقلاپ كۈلۈپ، تەنتەنە قىلىشتى، مەدھىيە ئوقۇشتى...

تومۇر - تومۇرلىرىمدىكى قىپقىزىل قانلار مانا مەن، دەپ كۆرۈنۈپ قالدى. دانىشمەنلەر مەندىن يىرگىنىپ ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىشتى. شۇنداق بولسىمۇ، قىپقىزىل گۆش ھالىتىم بىلەن دانىشمەنلەرنىڭ ئارىسىدا ياشاۋەردىم. دانىشمەن دانىشمەندىن قاچقاندا، دانىشمەن دانىشمەندىن قاچمىسا، بۇمۇ بىر دانىشمەنلىك. مەن ئانىدىن تۇغما بولۇپ ياشاۋەردىم.

قانۇ - زەرداپ جىسمىم ئۈچۈن قاسساپلاردىن ماي تىلىدىم، ئاشخانىلارنىڭ يېنىغا بېرىپ ئوت تىلىدىم، ھەممىسى ھەيدىۋېتىشتى. چۈنكى، دانىشمەنىنىڭ دانىشمەننى ھەيدىۋېتىشىمۇ دانىشمەنلىك.

كۈنلەر ئۆتتۈۋەردى. مەندە بىر قەۋەت تېرە ھاسىل بولدى. قارىسام، دانىشمەنلەر ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەۋېتىپتۇ. ئۇلار يەنە تېرەمنىڭ ئىچىدىكى قىپقىزىل قاننى كۆرمەكچى بولسا كېرەك.

خەير خوش، سويۇلۇپ پۈتكەن پىياز، قەدىمىي ھايات پەرۋازىغا قوشۇلۇپ كەتكەن روھ.

## ناتىۋان

بىر تامچە ياش مەشۇقۇمنىڭ كۆزىدىن سىرغىپ چۈشۈشى بىلەنلا ئۇنىڭ چىرايلىق كۆزىنى يىتتۇرۇپ قويدۇم. ئالدىمدا قويۇق تۇمان، ھاشاراتلارنىڭ چىرىلدىشىنى ماشىنىلارنىڭ گۈرۈلدىشى بېسىپ كەتكەن. ئۇيەر - بۇيەردىكى گۇڭگا چىراغلار ئەجدىھانىڭ قېتىپ قالغان شۆلگىيىدەك كۆرۈنەتتى. مەن ئۇنى پۈتۈن شەھەردىن ئىزدىدىم.

ئايىغىمدا نېمىدۇر چىلىقلايتتى. بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردىن كۇسۇرلىغان ئاۋازلار كېلەتتى. ئىسسىمغا ئوخشاپ كېتىدىغان تاۋۇشلار قۇلىقىمغا كىردى. مەن بەدەر تىكىۋەتتىم. راستىنى ئېيتقاندا، مېنىڭ بۇ يەرلەردە يۈرۈشۈمنىڭ ھاجىتى قالماپتۇ.

بەرىبىر ئۆي - دە. بۇ ئۆي پىرىستاندىن شۇنچە يىراق بولسىمۇ، تاملىرىنى چۇسا قېنىنىڭ داغلىرى قاپلاپ كەتكەن بولسىمۇ، ماڭا شۇنچىلىك مېھرىبان تۇيۇلدى. ئۇپۇقنىڭ چەمبىرەكلىرى بارغانسېرى يوغىناپ، ئۈزۈلۈپ كەتكەندەك بولدى. سەل يەڭگىللەپ قالدىم.

تۈنۈگۈن سېتىۋېلىپ ئەكىرگەن بىر دۆۋەت سىياھىغا كۆزۈم چۈشتى. قەغەز قۇتىنى ئاۋايلاپ ئاچتىم. دۈۋەتنىڭ ئاستىدا بىر پارچە خەت تۇراتتى:

«بازارغا چىقسا بازارغا ياراشمايدىغان، ئۆزى ئورۇق بولسىمۇ جىنازىغا پاتمايدىغان غوجام ...» (مەن ھەقىقەتەن دۇنيادىن يىراق ئىكەنمەن) خەتنى ئوقۇشقا رەغىم بارمىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇيەر - بۇيەرلىرىگە كۆزۈم چۈشۈپ قالدى:

«... پاراسلاپ كۆيۈۋاتقان ئوتنى ياش بىلەن سىز ...»

دۆۋەتنىڭ ئىچىگە قارىسام، سۈپسۈزۈك نەرسە چايقىلىپ تۇراتتى. دۈۋەت بارغانسېرى زورىيىۋاتقاندەك كۆرۈندى. مەن شائىر ئەمەس، رەسساممۇ ئەمەس، پەقەت تىرىكلەرنىڭ ئۆلۈكلەرگە يوللىماقچى بولغان مەكتۇپلىرىنى يېزىپ بېرىپ جان باقىمەن.

مەن دۈۋەتكە قارىدىم.
دۈۋەت ماڭا قارايتتى.

مەسئۇل مۇھەررىر كامىل تۇرسۇن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# پامسل

سەمەت دۈگايلى

(پوۋېست)*

## ئاجايىپ دۇنيا

قىز ئۇلارنى قويۇق توغراقلىق ئارىسىغا جايلاشقان كۆجۈم بىر مەھەللىگە باشلاپ كەلدى. مەھەللىنىڭ چۆرىسىدە قاتار-قاتار ئۆيلەر بار ئىدى. ھەممە ئۆيلەر ئوخشاش قېلىپتا، توغراق ياغاچلىرى تۈۋرۈك قىلىنىپ، يۇلغۇن چىۋىقلىرى بىلەن توقۇلۇپ ياسالغان، كۆپىنچە ئۆيلەرنىڭ ئىچى سۇۋىلىپ، تېشى توقۇما پېتى قالدۇرۇلغانىدى. تېشى سۇۋالغان ئۆيلەرنىڭ سۇۋىقىمۇ قوپال، يېرىلىپ كەتكەن، ئوڭغۇل-دوڭغۇل ئىدى. مەھەللىدە توپ-توپ ئىتلار، باغلاقسىز ئېشەكلەر قاتراپ يۈرۈشەتتى. مەھەللە تېشىدىكى يالغۇز بىر ئۆينىڭ ئالدىدا چاچلىرى زادىلا تاغاق كۆرمىگەندەك چىگىشىلىنىپ كەتكەن، قاپقارا يۈزىنى چوڭقۇر قورۇق باسقان، بېشىغا تۇماق، ئۇچىسىغا جۇۋا كىيىۋالغان بىر موماي ئولتۇراتتى، موماي ئۇلارغا ئېگىشىپ سالام قىلدى، ئۇ ئورنىدىن تۇرماقچى بولغان بولسىمۇ، قېرىپ كەتكەنلىكتىن تۇرالمىدى.

— تۇرسۇنخان ئانا، تىنىچ تۇردىلامۇ؟ — دەپ ھال سورىدى قىز ۋە ئۇنىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا يۈرۈپ كەتتى.

مەھەللىگە كىرىش ئېغىزىدا 8 — 10 ياشلار چامىسىدىكى ئۈچ-تۆت بالا قۇرۇق قۇمدىن ئۆي ياساپ ئويناۋاتاتتى، ئۇلارنىڭ ئەتراپىنى يەتتە-سەككىز ھورۇن ئىت قورشىۋالغانىدى. بالىلار تۇغما قېپيالىڭاچ ئىدى، ئۇلار قىز ۋە ناتونۇش ئىككىيلەننى كۆرۈپ، ئويۇنلىرىنى توختىتىپ تۆگىلەرگە ئەگىشىپ 20 — 30 قەدەمچە ماڭدى ۋە بىر

* بېشى ئۆتكەن ساندا.

ئۆينىڭ دالدىسىدا كۆرۈنمەي قېلىشتى. يولۇچىلار ئېگىزرەك دۆڭگە سېلىنغان بىر چوڭ ئۆينىڭ ئالدىدا تۆگىدىن چۈشتى.

— ئۆيگە كىرىپ ئولتۇرۇپ تۇرۇڭلار، مەن تۆگىلەرگە يەم بېرىۋېتەي، — دېدى قىز ۋە قادىرغا لاپىدا بىر قاراپ قويۇپ تۆگىلەرنى يېتىلەپ ئۆي كەينىگە ئۆتۈپ كەتتى.

مەجىددىن بىلەن قادىر توغراق بادرىلىرىدىن ياسالغان قوپال، ئېغىر ئىشىكنى ئىتتىرىپ ئۆي ئىچىگە كىردى. ئىشىكنىڭ ئىچمۇ تېشىغا ئوخشاش پۈرلىشىپ كەتكەن قوي تېرىسى بىلەن قاپلانغانىدى، ئۆينىڭ ئىچى قۇپقۇرۇق، ھېچقانداق بىسات يوق ئىدى. ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تۈڭلۈكتىن قۇياش نۇرى چۈشۈپ تۇراتتى. تۈڭلۈكنىڭ ئۇدۇلىدىكى يەردە يۇمىلاق بىر ئويمان بولۇپ ئۇ كۆلگە توشقانىدى. مېھمانلار بۇ ئويمانغا گۈلخان يېقىلىدىغانلىقىنى، ئىس تۈڭلۈكتىن چىقىپ كېتىدىغانلىقىنى پەھىم ئېتىشتى. ئۆيگە تۈڭلۈكتىن باشقا يەردىن يورۇق چۈشمىگەنلىكتىن، ئۆي ئىچى گىرىمسەن ئىدى. تامنىڭ ئۇ يەر-بۇ يېرىدىن چىقىپ تۇرغان قوزۇقلارغا تولۇم، چاناچ ۋە بىر-ئىككى جۇۋا ئېسىلغانىدى. ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىغا بىرنەچچە تېرە دۆۋىلەپ قويۇلغانىدى.

ئۇلار تۆگىدە چايقىلىپ ھېرىپ كەتكەنلىكتىن، ئوڭ تەرەپتىكى تامغا يۆلىنىپلا ئولتۇرۇشتى ۋە ئاستىدا كىگىز بارلىقىنى سېزىشتى، ئەسلىدە گۈلخان يېقىلىدىغان ئويماننى چۆرىدەپ كىگىز سېلىنغانىدى، كىگىزلەرنى قۇم-توپا بېسىپ كەتكەنلىكتىن دەماللىققا پەرق قىلغىلى بولمايتتى.

— بىز نەگە كېلىپ قالدۇق؟ — سورىدى قادىر پەس ئاۋاز بىلەن ئىشىك تەرەپكە بىر قاراۋېتىپ.

— مەنمۇ بىلەلمىدىم، — مەجىددىن دولىسىنى كۆتۈرۈپ بېشىنى چايقىدى، — مەن بۇ چۆلگە مۇشۇنىڭ بىلەن تۆت قېتىم كىردىم. لېكىن بۇ قېتىمقىدەك قىسما-قىسما ھادىسىلەرنى، بەختسىزلىكلەرنى زادىلا باشتىن كەچۈرۈپ باقمىغانىدىم، چۆل ئىچىدە مۇنداق مەھەللە بارلىقىنى ئاڭلىماپتىكەنمەن.

— تىلسىمات ياكى سەرەپ بولۇپ يۈرمىسۇن؟ — قادىر يۈرىكى سىقىلىدىغان ھالدا ئەنسىزلىنىپ سورىدى.

مەجىددىن سەل ئويلىنىپ ئولتۇرۇپ:

— ئەقلىم يەتمىدى ئوكام، بۇلار بىز ئۆلگەندىن كېيىن كۆرۈۋاتقان كۈنلىرىمىزمۇ يا ئويغىمىزدا يۈز بېرىۋاتقان تىلسىماتمۇ بىلەلمىدىم، بېشىم گاڭگىراپلا تۇرۇۋاتىدۇ، — دېدى.

قادىرمۇ ئويلىنىپ قالدى، ئۇ قۇمغا يىقىلىشتىن ئىلگىرى ۋە كېيىن باشتىن كەچۈرگەنلىرىنى، تاسادىپ غايىب بولۇپ كەتكەن ئاكىسىنى، قان سەپرا قىلىپ ئۆلگەن ھوشۇر ئەپقاچتىنى ۋە سۇنى ئىككى ھەمراھىغا قالدۇرۇپ ئۆزىنى ئەجەلگە ئۇرغان چاۋارلارنى ئەسلىدى، تىلسىمات يۈز بېرىۋاتقان بولسا نېمىشقا ئۇلار بار چاغدا يۈز بەرمىدى، قىز پەرىشتە بولسا ھېلىقى مومايمۇ، يالىڭاچ بالىلارمۇ پەرىشتىمۇ؟ پەرىشتىلەر ئاشۇنداق تېرە كىيىملەرنى كىيىپ، مۇشۇنداق كۆرۈمسىز ئۆيلەردە ياشامدۇ؟ ئۇلار غىزا يەپ،

چاي ئىچىپ، توختىماستىن ئوت قالاپ ئىسسىنىپ، تۆگىگە مىنىپ يول ماڭامدۇ؟ ... بۇ تېپىشماقنى ئۇ زادىلا يېشەلمەيۋاتاتتى. قىز كىردى، ئىككىيلەن ئۆز خىياللىرى بىلەن بولۇپ كەتكەچكە ئىشىك ئېچىلىشى بىلەن تەڭ چۆچۈپ كېتىشتى ۋە قىزنىڭ ھـۆرمىتى ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشەلدى.

— ئولتۇرۇۋېرىڭسىلە،ئولتۇرۇۋېرىڭسىلە،— دېدى قىز مېڭىپ كېلىۋېتىپ، ئۇ قولتۇقىدىن بىر تېرىنى ئېلىپ داستىخان قىلىپ سالدى، ئاندىن كېيىن ئىشىكنىڭ تېشىدىن چاناچ بىلەن قاندا قتۇر بىر تۇگۈنچەكنى كۆتۈرۈپ كىردى، تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ تۇگۈنچەكتىكى كۆمەچلەرنى توغرىدى، چاناچتىن ئىككى چۆچەككە قېتىق قۇيۇپ ئاۋۋال قادىرغا، ئاندىن مەجىدىنگە سۇندى.

— بېقىڭسىلا، — دېدى ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ.

— سىلىمۇ كەلسىلە، — دېدى قادىر. ئۇ «سىلە» دېيىشكە كۆنمىگەنلىكتىن بۇ سۆز-نى دېگۈچە سەل دۇدۇقلىدى، ئەمما ئۇ ئۆزلىرىنى ئـۆلۈمدىن قـۇتقازغان قـىزنى «سىز» لەشكە تىلى بارمايتتى.

— مەن سەل تـۇرۇپ يەيمەن، — دېـدى قىز ۋە ئۇلارنىڭ قـارشىسـىدا، گـۇلخان ئورنىسىنىڭ نېرىسىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇردى.

قادىر كۆمەچنى قـېتىققا تۇگۇرۇپ يەۋاتقىچە قىزنىڭ ئۆزىگە تىكىلىپلا ئولتـۇرغـىنىنى سېزىپ تۇردى. ئۇنىڭمۇ بۇ قىزنىڭ شەيدا قىلغۇچى كۆزلىرىگە تويغۇدەك بىر قا-رىۋالغۇسى كېلەتتى، لېكىن، ئۇ تارتىناتتى ۋە ئەيمىنەتتى، ئۇ تېخى ھاياتىدا باشقا قىز-نىڭ بۇنداق سىرلىق، يۈرەكنى ئەنسىزلىككە سالىدىغان تىكىلىشلىرىنى ئۇچراتمىغانىدى.

ئۇلار غىزالىنىپ بولغاندىن كېيىن داستىخانغا دۇئا قىلدى، يول بويى قىز ئۇلارنى دۇئا قىلىشقا ئۆگىتىپ مەجبۇرلاپ كەلگەنىدى.

— ئەمدى يېتىپ ئارام ئېلىڭسىلا،— قىز پىسىڭگىدە، قادىر سەزگۈدەكلا كۈلۈپ قو-يۇپ چىقىپ كەتتى.

ئۇلار نەچچە - نەچچە كۈنلەردىن بۇيان كـۆرپە، ياستۇق دېـگەنـدەك نـەرسىلەرنى كۆرمەي قۇم ئۈستىدىلا يېتىپ ئۇخلاپ كۆنگەنلىكتىن، تويپا ئارىلاش كىگىزگە سۇنايلىنىپ يېتىشتى.

— قىزنىڭ ساڭا كۆڭلى چۈشۈپ قالغاندەك تـۇرىدۇ ئۇكـام، — دېدى مەجىدىن ئەسنەپ تۇرۇپ، — بۇ بەلكىم ياخشىلىققا تارتىپمۇ قالار.

قادىر ئۈنچىقمىدى. ئۇ كۆڭلى چۈشۈپ قېلىشنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدىغان دەرىجىدە ساددا بولمىسىمۇ بۇنداق ئىشنىڭ ھازىر، مۇشۇنداق جايدا يۈز بېرىشىنى خالىمايتتى.

ئۇلار ئويغانغان چاغدا ئۆينىڭ ئىچى ئادەمنى تـونۇمىغۇدەك دەرىجىدە قـا-راڭغۇلاشقانىدى. ئۇلار كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ ۋە ئەسـنەپ ئولتۇرۇشقـانـدا، ئـۆي ئىشىكى ئېچىلىپ كەينى - كەينىدىن بىرمۇنچە كىشىلەر كىرىشتى. كىرگـەنلەرنىڭ ھەممىسى بو-ۋايلار ئىدى. ئۇلار ئىككىيلەن بىلەن «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى ۋە ئۇلارنى تۆردە، ئىشىكنىڭ يان تەرىپىدىكى تامنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى،

ئەمما، مەجىدىدىن بىلەن قادىر ئۇنۇماي: «ھەر بىرلىرى چوڭ، ھەر بىرلىرى تۆرگە ئۆتۈشسىلە ...» دەپ ئۆزرە ئېيتىپ تۇرۇۋالدى، تۆرگە بويى ھەممەيلەندىن ئېگىز، قاملەتلىك، سەل دۈمچەكرەك كەلگەن، چاچ، ساقاللىرىلا ئەمەس، قاشلىرىمۇ ئاقىرىپ كەتكەن بىر بوۋاي ئۆتۈپ ئولتۇردى، بۇ ئىككىيلەن ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئۆتۈپ ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولدى، باشقا بوۋايلارمۇ تامنىڭ ئوڭ تەرىپىنى بويلاپ قاتار ئولتۇرۇشتى. تۆردىكى بوۋاي بېشىغا تۈكلىرى بۆرتۈپ تۇرغان، ئۈستىن ۋە كىردىن قارايغان سالۋار تۇماق، ئۈستىگە ئاشلانغان قوي تېرىسىدىن تىكىلگەن، تاشلانمىغان جۇۋا كىيگەنىدى. ئۇنىڭ مەيدىسىنىڭ ئۇچۇقلۇقىغا قارىغاندا ئىچىدە كۆڭلەك يوق ئىدى ۋە پۇتىمۇ يالىڭاياق ئىدى. باشقا بوۋايلارنىڭ كىيىنىشىمۇ ئاساسەن شۇنىڭغا ئوخشايتتى. لېكىن تۇماق ۋە جۇۋىلىرى كونىراق، بەزىسىنىڭ يىرتىق ئىدى. تېرە ئىشتانلىرىنىڭمۇ پۇشقىقىنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقىلىقى پەرقلىق ئىدى.

تۆردىكى بوۋاي پېچىرلاپ قىسقا بىر ئايەتنى ئوقۇپ ئالقانلىرىنى يۈزىگە سۈردى ۋە ئورنىدىن سەل كۆتۈرۈلۈپ:

— خۇش كېلىشىپلا، مېھمانلار، ھاردۇقلىرى چىقىپ قالغاندەكمۇ؟ — دەپ سورىدى خىرقىراق تاۋۇش بىلەن. ئۇنىڭ ھال سورىشى ھەممەيلەنگە تەئەللۇق بولۇپ، باشقا بوۋايلارمۇ ئىزلىرىغا تايىنىپ كۆتۈرۈلۈپرەك قويۇشتى.

— ھەر بىرلىرىمۇ سالامەت تۇرۇشۇپلا، — دېدى مەجىددىن بوۋايلارنىڭ ھەرىكىتىنى تەكرارلاپ، قادىر ئۇنىڭغا ئەگەشتى، — بىز ئوبدان ئارام ئالدۇق ...

شۇ ئارىلىقتا ئۇلارنى باشلاپ كەلگەن قىز تامىنىڭ ئويۇقچىلىرىغا قارا چىراغلارنى قويۇپ چىقىپ كەتتى ۋە ھايال ئۆتمەي يېنىۋاتقان ئۇزۇن چىۋىقلارنى كۆتۈرۈپ كىرىپ چىراغلارغا ئوت ياقتى، شۇنىڭدىن كېيىن تۆردە ئولتۇرغان بوۋايدىن:

— چوڭ بوۋا، ئوت ياقايمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— مەيلى قىزىم، ياقىن، — دېدى بوۋاي ۋە قىز چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئىككى مېھمانغا بۇرۇلۇپ:

— بۇ قىز مېنىڭ چەۋرەم بولىدۇ، نەۋرەمنىڭ قىزى، — دېدى ئالدىقانداق پەخىرلىنىش بىلەن، — قىزىم كىچىك ۋاقتىدىلا دادىسى قازا قىلىپ كەتكەن، ماۋۇ ئوغلۇم تۇرسۇنئاخۇن قىزىمنىڭ بوۋىسى بولىدۇ، — دەپ ئوڭ يېنىدىكى بوۋاينى كۆرسەتتى. قىزنىڭ بوۋىسى ئۆز دادىسىدىن يەنى تۆردىكى بوۋايدىن ساقىلىنىڭ ئازلىقى، ئورۇق ۋە سەل پاكارلىقى بىلەنلا پەرقلىنەتتى، يېشىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىنى ئايرىۋالغىلى بولمايتتى.

— بالىنىڭ ئىسمى تۇرسۇنئاي، پېقىرنىڭ ئەزان چىللاپ قويۇلغان ئېتى چوڭئاخۇن، خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن دۆلىتىم چوڭ، يېشىممۇ ھەممىدىن چوڭ، بۇ يىل 120 ياشقا كىردىم ... تۇرسۇنئاخۇن... — ئۇ يېنىدىكى ئوغلىنى ئىشارە قىلدى، — بىزنىڭ تۆتىنچى خوتۇندىن بولغان بالا ئىدى، تۇرسۇنئاينىڭ دادىسىمۇ تۇرسۇنئاخۇننىڭ تۆتىنچى خوتۇنىدىن تۇغۇلغان ...

شۇ پەيتتە تۇرسۇنئاي بىر قۇچاق قۇرۇق، كەسلەنگەن ئوتۇن ئەكىرىپ ئورىغا رەتلىك

www.uyghurkitap.com

تىزدى. ئۆزى ئۇستىدە گەپ بولۇۋاتقانلىقىنى تۇيۇپ يەر ئاستىدىن چوڭ بوۋىسىغا قاراپ قويدى، ئۇ بىر چىشۋىقنى چىراغقا تۇتۇپ ياندۇرۇپ ئورىدىكى ئوتۇنغا ئوت ياقتى. ئوت تۇتاشقاندىن كېيىن سىرتقا چىقىپ كېتىپ يەنە بىر قۇچاق ئوتۇن ئەكىرىپ گۈلخانغا تاشلىدى.

تۆردىكى بوۋاي ئۆزى ئۇستىدىكى تونۇشتۇرۇشنى توختىتىپ باشقا بوۋايلارنى تونۇشتۇرۇشقا باشلىغانىدى، ئوت يالقۇنى تونۇشتۇرۇلۇۋاتقان بوۋايلارنىڭ چىرايىنى يورۇتۇپ تۇراتتى. بوۋاينىڭ ئېيتقانلىرىغا قارىغاندا بۇ بوۋايغا چوڭ بوۋايلار توغقان كېلەتتى، بىرلىرى ئۇنىڭ قازا قىلىپ كەتكەن سىڭلىسىنىڭ ئوغلى، بىرلىرى ئىنىسىنىڭ نەۋرىسى، بىرلىرى ئىككىنچى خوتۇنىنىڭ يائۈچىنچى خوتۇنىنىڭ ئانا تەرەپ ياكى دادا تەرەپ ئەۋلادلىرىدىن ئىدى، ئەڭ يىراق دېيىلگەنلىرىمۇ قايسىدۇر باللىرىنىڭ قۇدا تەرەپ ئەۋلادى ئىدى. «دېمەك، بۇ مەھەللىدىكىلەر تېگى بىر ئۇرۇقتىن ئىكەن-دە ...» دەپ ئويلىدى قادىر، ئۇ يەنە بۇ بوۋايلارنىڭ ئىچىدە چوڭئاخۇن، كىچىكئاخۇن، يانتاقئاخۇن دېگەن ئىسىملار بىلەن ئاتىلىدىغانلىرىدىن باشقىلىرىنىڭ ئىسمى توختاخۇن، تۇرسۇنئاخۇن دەپ ئاتىلىدىغانلىقىغا ۋە كۆپلىرىنىڭ چوقۇر ئىكەنلىكىگە ھەيران بولۇپ قالدى.

تونۇشتۇرۇش تۈگىگەندىن كېيىن چوڭ بوۋاي يەنە شۇنداق دېدى:

— بىزنىڭ نەسەبىمىز ھەزرىتى ئەلى كەرىمۇللا ۋەجھۇغا تۇتىشىدۇ، بۇندىن مىڭ يىللارچە ئىلگىرى بۇ يەردە كاتتا بىر شەھەر بولۇپ، 92 دەرۋازىسى بار ئىكەنمىش. ئادىمىنىڭ كۆپلۈكىدىن يامغۇر ياغسا زېمىن قۇرۇق پېتى تۇرۇۋېرىدىكەن، بۇ شەھەرگە كاتتا بىر خان پادىشاھ بولۇپ، ئۆز شەھىرىدەك چوڭلۇقتىكى 36 شەھەر، 72 ئايماقتىن باج-خىراج ئېلىپ ئاجايىپ ھەيۋەت بىلەن يۇرت سوراپتىكەن. ئۇنىڭ چىرايلىق بىر قىزى ۋە كۈندەك نۇرلۇق ئىككى ئوغلى بولغانىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە قىز چۈش كۆرۈپتۇ، چۈشىدە تۈكلۈكتىن بىر ئارسلان چۈشۈپ قورقۇپ كەتكەن قىزغا: «قورقمىغىن، مەن ئاللانىڭ ئەمرى بىلەن كەلدىم. مەن يىگىتلەرنىڭ پىرى، تۆت چاھار يارنىڭ بىرى ھەزرىتى ئەلى كەرىمۇللاھۇ ۋەجھەۇ بولىمەن، پات يېقىندا مەملىكىتىڭلار ئۈستىگە ئاللانىڭ غەزىپى ياغىدۇ، چۈنكى سىلەر ھەددىدىن ئاشقان بۇتپەرەس كاپىرسىلەر، ھالال-ھارامنى، ساۋاب-گۇناھنى بىلمەيسىلەر، يۇرتۇڭلارنى قۇم بېسىپ، شەھىرىڭلارنى يەر يۇتىدۇ، سەن سۆڭىكى ئاق پۈتۈلگەن مەزلۇمسەن، شۇڭا ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بول، يېقىن دوستلىرىڭ، قوۋم-قېرىنداشلىرىڭغا ئىمان ئۆگىتىپ مۇسۇلمان قىل، ئۇلار پۇقرالارنى بۇتقا چوقۇنماسلىققا، يەككە-يېگانە بىر ئاللاغا ۋە ئۇنىڭ يەر يۈزىدىكى ئەلچىسى مۇھەممەتكە ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولۇشقا ئۈندىسۇن» دەپتۇ. قىز ماقۇل بولۇپ، ئارسلاننىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە ئىمان ئېيتىپتۇ، ئارسلان غايىب بولغاندا قىزمۇ ئويغىنىپ كېتىپتۇ. پۈتۈن ۋۇجۇدى سىمابتەك ئېرىپ، كۆڭلى ئېچىلىپ قالغانلىقىنى، ئۆزىدە ئەر كىشىنىڭ ھىدى قېپقالغانلىقىنى سېزىپتۇ. ئۇ ئەلى كەرىمۇللاھۇ ۋەجھۇنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە ئىككى ئىنىسىغا ئىمان ئۆگىتىپتۇ، ئۇلار رەت قىپتۇ، دوستلىرىغا ئۆگىتىپتۇ، ئۇلارمۇ رەت قىپتۇ، ھەتتا كېنىزەك، چۆرە-دېدەكلىرىمۇ ئىمان ئېيتىشتىن باش تارتىپتۇ، دادىسى خان بۇنى ئاڭلاپ قىزىنى چاقىرىپتۇ ۋە بۇتپەرەسلىكتىن قايتماسلىقنى بۇيرۇپتۇ، ئەگەر

ئۇنىمىسا 36 شەھەر، 72 ئايماق ئىچىدە سازايى قىلىپ دارغا ئاسىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپتۇ. قىز شۇنداق دەپتۇكى، ئىي دادا، ئەگەر سەن تەرسالىق قىلىپ بۇتپەرەسلىك يولىدىن يانمىساڭ مەملىكىتىڭنى قۇم باسىدۇ، شەھەرلىرىڭنى يەر يۇتىدۇ ... خان قاتتىق غەزەپلىنىپ دار تەييارلاشنى، سازايى قىلىدىغان ئىشەك كەلتۈرۈشنى بۇيرۇپتۇ. قىزنى ئىشەككە تەتۈر مىندۈرۈپ، يۈزىگە قارا سۈرتۈپ كوچىغا ئەپچىقىدىغان چاغدا قىز ئاللاغا نالە قىلىپ، ئىي تەڭرىم، مېنى بۇ كاپىرلار ئالدىدا ئىزاغا قويمىغىن، دەپ يىغلاپتۇ، ئاللانىڭ كارامىتى، ئەلى كەرىمۇللاھۇ ۋەجھۇنىڭ مۆجىزاتى يۈز بېرىپ، قىز ئىشەككە ئوڭ ئولتۇرۇپ قاپتۇ، ئىشەك شامالدەك تېز يۈگۈرۈپ قىزنى ئېلىپ قېچىپتۇ. خاننىڭ ئەڭ ئۇچقۇر ئاتلىرىمۇ ئۇنى قوغلاپ يېتىشەلمەپتۇ. قىز شۇ قاچقانچە بىر قۇملۇققا كېلىپ توختاپتۇ. سۇسىز، گىياھسىز قۇملۇقتا نېمە يەپ، نېمە ئىچىشنى بىلەلمەي ئاھ ئۇرۇپ، چاچلىرىنى يۇلۇپ، يىغلاپ ـ يىغلاپ ھوشىدىن كېتىپتۇ. ھوشىغا كېلىپ قارىغىنىدا ئاللانىڭ قۇدرىتى، ئەلى كەرىمۇللاھۇ ۋەجھۇنىڭ كارامەتلىرى ئاشكارىلىنىپتۇ. يۇلۇنغان چاچلار توغراق بولۇپ ئۆسۈپ چىقىپتۇ. ئاققان ياشلىرىدىن يەتتە كۆل پەيدا بوپتۇ. قىز ئاللاغا شۈكرى قىلىپ يەنە ھوشىدىن كېتىپتۇ. ئۇ چۈشىدە ئارسلان سۈرىتىدىكى ئەلى كەرىمۇللاھۇ ۋەجھۇنىڭ تىنىقلىرىدىن ھامىلدار بولغانىكەن، 10 ئاي 10 كۈن 10 سائەت 10 دەقىقە ئۆتۈپ بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ، ئوغۇل تۇغۇلغان مەھەلدە بوران چىقىپ، چاقماق چېقىپ يەر تەۋرەپتۇ ۋە بۇ 36 شەھەر، 72 ئايماقنى ئاللانىڭ قەھرى تۇتۇپ يەر يۇتۇپتۇ. بۇچاغدا پەقەت بىر قىز بوۋاق ساقلىنىپ قالغانىكەن، بوران ئۇ بوۋاقنى ئىمان ئېيتقان قىزنىڭ يېنىغا ئۇچۇرۇپ ئەپكېلىپ قويۇپتۇ. ئاللانىڭ قۇدرىتى بىلەن بوۋاقلار ئۆسۈپ چوڭ بوپتۇ، ئانا ئۇلارغا ئىمان ئۆگىتىپ تويىنى قىلىپ قويۇپ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. ئۇلار ھاياتلىقىدا يەتتە ئوغۇل، يەتتە قىز كۆرۈپتۇ. كېيىن ياقا يۇرتتىن يەتتە قىز، يەتتە يىگىت تېپىپ كېلىپتويىنى قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەۋلادى كۆپىيىپ بۈگۈنگىچە داۋاملىشىپتۇ. مانا بىزلەر ئاشۇ ئانىمىزنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولىمىز.

بوۋاي شۇنچە ياشنىپ قالغىنىغا قارىماي قىزغىن ۋە توختىماي سۆزلەيتتى. چۆچەك تۈسىدىكى بۇ رىۋايەت بۇ يەردە ئولتۇرغان بوۋايلارنىڭ قۇلىقىغا سىڭىشىپ كەتكەن بولسا كېرەك، ئانچە ھەيران قالغانلىق ئالامىتىنى بىلدۈرمىدى، لېكىن، ئۇلار ئىخلاس بىلەن ئاڭلىدى ۋە بېشىنى لىڭشىتىپ «شۇنداق»، «بۇ راست» ئىشارىسىنى قىلدى.

قادىر بوۋاينىڭ رىۋايىتىنى ئەمەلىيەتتە بولغان ئىش دېيەلمىسىمۇ، ئوقۇغان كىتابلىرىغا سېلىشتۇرۇپ بۇ ئىشنىڭ قاراخانىلار خانىدانلىقىنىڭ جەنۇبقا يۈرگۈزگەن دىنىي ئىستىلا ئۇرۇشىغا مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك، دەپ چۈشەندى. قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ تۇنجى قېتىم ئۆزىگە ئارسلان قاراخان ئۇنۋانىنى بەرگەن مەشھۇر خانى يۈسۈپ قادىرخان تۆبۈت ۋە كەڭسۇدىكى بۇددىست ئۇيغۇرلارغا نەچچە ئون يىللاپ قىلىچ ئارقىلىق مۇئامىلە قىلىپ، ئاخىرى ئۇلارنى مۇسۇلمانلاشتۇرۇپ غەلىبە قىلغانىدى. قادىر چۆل ئوتتۇرىسىدىكى بۇ كىشىلەرنىڭ ئەجدادى ئەقىلگە سىغمايدىغان ھامىلىنىڭ تەرەققىياتى بولمىغاندىمۇ شۇ چاغدا مۇسۇلمان بولۇپ كېيىن يېڭىلگەندە قېچىپ كەتكەن

بىر تۈركۈم مۇسۇلمانلارنىڭ ئەۋلادى بولۇشى مۇمكىن دەپ تەسەۋۋۇر قىلدى.

بۇنى بۇ يەردە سۆزلىگىلى ۋە مۇلاھىزە قىلغىلى بولامدىغان؟ قادىر بوۋايلارنىڭ ئۆز بوۋىلىرىدىن ئاڭلىغىنى بويىچە سۆزلەيدىغانلىقىنى ۋە ئۇنى تېخىمۇ ئۇلۇغلاشتۇرۇپ، گۈزەللەشتۈرۈپ ئەۋلادلىرىغا سىڭدۈرىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ تۇراتتى. ئۇ يەنە بۇ چۆل كىشىلىرىنىڭ غايىبتىن تۇغۇلغان مۇسۇلمان بوۋاقنىڭ ئەۋلادى ئەمەسلىكىنى ئۇلارنىڭ ئوتقا ھەددىدىن ئارتۇق ئامراقلىقىدىنمۇ سەزمەكتە ئىدى. ئوت بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ ھاياتىدا توپىدىن قالسا كۆپ يېقىن يۈرىدىغان نەرسىسى ئىدى. شۇ تاپتا چۆل قىزىپ كەتكەن، ئادەملەر تىن ئالالمايۋاتقان ئەھۋالدىمۇ ئۇ ئۆي ئىچىدە گۈلخان كۆيۈۋاتاتتى. بۇ، چۆلدە تۈنگەندە كېچىنىڭ سوغۇقىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن يېقىلىدىغان گۈلخانغا ئوخشىمايتتى، بۇ يەردە يېقىلغىنى كۆرۈشۈش مۇراسىمىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمىدەك تۇراتتى، ئۇ تۇرسۇنئاينىڭ ئوت يېقىش ئالدىدا ئۆتۈن تىزغىنچە ئۆيدە ئولتۇرغانلارغا بىر قارىۋېتىپ، ئاندىن ئۆتۈننى ساناپ دەستىلەپ تىزغىنىغا دىققەت قىلغانىدى.

— مېھمان ئېغىز ئاچمىغىچە سوراش مۇۋاپىق ئەمەس ئىدى، — دېدى چوڭ بوۋاي بۇ ئىككىيلەنگە بۇرۇلۇپ، — ھەر بىرلىرى نېمە ۋەجىدىن بۇ چۆلگە كېلىپ قېلىشتىلاكىن، تۇرسۇنئاينىڭ ئېيتىشىچە ھەر بىرلىرى كۈتمىگەن تەرەپتىن كېلىشكەن ئوخشايلا ...

— بىز پەن بىلەن شۇغۇللىنىش ئېھتىياجى بىلەن چۆلگە كىرگەنىدۇق، — دېدى مەجىدىدىن ئوڭايسىزلانغاندەك.

— نېمە؟ نېمە قىلىش ... ؟ — بوۋاي چۈشەنمىدى.

مەجىدىدىن «پەن»، «شۇغۇللىنىش» دېگەن گەپلەرنى بوۋايغا چۈشەندۈرگىلى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ ئېنىقراق ئېيتتى:

— بىز قۇمغا كۆمۈلۈپ كەتكەن قەدىمكى خارابىلىقنى ئىزدەپ ...

— ھە، غايىب خەزىنە ئاختۇرۇپ دېمىشسىلە، — بوۋاي ئەمدى چۈشەندى ۋە كۈلۈپ قويۇپ باشقا بوۋايلارغىمۇ ئاڭلىتىپ مۇھاكىمە قىلدى، — غايىب خەزىنىنى ئىزدەپ تاپقىلى بولامدىغان؟ ئۇ چۆلنىڭ ھەممە يېرىدە بار، كۆزگە كۆرۈنىدۇ، بېرىپ تاپاي دېسە يوقىلىپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۇنى بەكرەك ئىزدەي دېگەن كىشى جاندىن ئايرىلىدۇ، بۇ ئاللانىڭ كارامىتى، ئاللا غەزەب قىلىپ كۆمۈۋەتكەن نەرسىنى-زە بەندە ئاختۇرۇپ تاپالامدۇ؟ بۇ خىياللىرىدىن كېچىشسىلە.

باشقا بوۋايلارمۇ بېشىنى لىڭشىتىپ چوڭ بوۋاينىڭ سۆزىنى ماقۇللاشتى.

— بىزمۇ شۇنداق ئويلىغان، ئۇ خىيالدىن كەچكەنىدۇق ... — دېدى مەجىدىدىن بۇ يەردىكى كەيپىياتقا ماسلىشىپ.

— شۇڭا جانلىرى ساق قالغان، ئاللا تۇرسۇنئاينىڭ دىلىغا سېلىپ، يولنى ھەربىرلىرى تەرەپكە ئاچقان ـ دە!

— شۇنداق، — دېيىشتى بىرنەچچە بوۋاي.

تۇرسۇنئاي تېرە داستىخانلارنى كۆتۈرۈپ كىرىپ ئوتتۇرىغا يايدى. كېيىن تەڭنىلەردە ھورى ئۆرلەپ تۇرغان گۆشلەرنى ئېلىپ كىردى. ھەممەيلەننىڭ بەلبېغىدا

پىچاقلىرى بار ئىدى، مەجىددىن ئۈچۈن قىز بىر پىچاق ئېلىپ كىردى، قادىرغا ئاتايىن ئۆزىنىڭ بەلبېغىدىكى پىچىقىنى بەردى.

— بەزىدە ئۆز ئىچىمىزدىكىلەرمۇ يىراقلاپ كېتىپ قالسا بۇ يەرنى تېپىپ كېلەلمەيدۇ، — دېدى چوڭ بوۋاي ئىككىيلەنگە مۇراجىئەت قىلىپ، — غايىپ خەزىنە ئىزدەيدىغان نىيەتتىن يانغانلىقلىرى ئۈچۈن ھەر بىرلىرىنى ئاللا بۇ يەرگە يەتكۈزۈپتۇ، ئاللانىڭ بەرگەن رىسقىسىنى تەڭ كۆرەيلى، بېقىشسىلا!

بوۋاينىڭ سۆزىدىن قادىرنىڭ تېنى ئەيمەندى. ئۇلار ھەقىقەتەن مۆجىزە يۈز بېرىپ تۇرسۇنئاينىڭ كۆزىگە چۈشۈپ قالغانىكەن ـ دە؟ قىز ئۇ تەرەپكە نېمىشقا بېرىۋىدىكىن؟ گۆشنى بۇلار كۆپ يېيەلمىدى. گۆش تۇزلۇق، ھەددىدىن ئارتۇق سېمىز ئىدى. بوۋايلار بولسا پىچاقلىرىنى قاسساپتەك ئوينىتىپ، لوق ـ لوق گۆشلەرنى ئالقانىدەك ـ ئالقانىدەك يالپاق كېسىپ ئىشتىھا بىلەن يەيتتى. ئەجەبلىنەرلىكى، ئۆزىنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا 120 ياشقا كىرگەن چوڭ بوۋايىنىڭمۇ چىشلىرى بېجىرىم بولۇپ، سۆڭەكلەرنى بەھۇزۇر غاجايتتى ۋە كۆمۈرچەكلەرنى قارسىلدىتىپ چاينايتتى. ئۇ ئىككى مېھماننى گۆشتىن ئېلىشقا زورلاۋەردى، بۇلارنىڭ مىس ـ مىسلىقىنى كۆرۈپ:

— ھېرىپ قېلىشىپلا، بۇ ھارغىنلىقنىڭ ئالامىتى، — دەپ قويدى.

گۆشتىن كېيىن سۇ ئارىلاشتۇرۇلغان قېتىق ئېچىشتى، چۆچەكلەر ئىككى كىشىگە بىردىن قويۇلدى، ئىسسىپ قالغان سۇغا چېلىنغان قېتىقمۇ تازا ئوبدان تېتىمايتتى. ئەمما، مېھمانلار باشقىلارنى دوراپ ئىچىپ تۈگىتىشتى.

— ئەمدى مېھمانلىرىمىزنىڭ يەنە بىر يارىشىقىنى قىلايلى، — دەپ چاقىرلىدى چوڭ بوۋاي دۇئادىن كېيىن.

تۇرسۇنئاي ئىككى جۇۋا ئېلىپ كىردى، چوڭ بوۋاينىڭ ئورنىدىن تۇرغىنىنى كۆرۈپ باشقا بوۋايلارمۇ تۇرۇشتى، مەجىددىن بىلەن قادىرمۇ ئۇيۇشقان پۇتلىرى بىلەن تازا قولسىزلىقتا ئورنىدىن قوپۇشتى. چوڭ بوۋاي يېڭى ئەمەس، تەر بىلەن تويۇپ پۇراپ تۇرغان ئىككى ئۇزۇن جۇۋىنى مەجىددىن بىلەن قادىرنىڭ يەلكىسىگە ئارتىپ قويدى.

— مۇبارەك بولسۇن، — دەپ تەبرىكلەشتى بوۋايلار.

— رەھمەت، رەھمەت، — دېدى مەجىددىن بىلەن قادىر.

مېھمانلارنى قارشى ئېلىش ۋە بۇ يۇرتتىكى كاتتىلار بىلەن كۆرۈشۈش مۇراسىمى شۇنىڭ بىلەن تۈگىدى، بوۋايلار گۇدۇڭلىشىشقا باشلىدى، ئۇلار تارقىلىشىنىڭ گېپىنى قىلىشىۋاتاتتى.

— چېچىلمايلا خۇپتەننى ئوقۇۋالايلى، — دەپ ئېلان قىلدى چوڭ بوۋاي.

ئۇلار ئولتۇرۇپلا يەرگە ئالقانلىرىنى ئۇرۇپ يۈزلىرىنى سىيپاشتى، ئالقانلىرىنى ئىككىنچى قېتىم ئۇرۇپ قول بېغىشلىرىنى سىيلاشتى، قادىر مەجىددىننىڭمۇ شۇنداق قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنى دورىدى. «بۇ تەيەممۇم، — دەپ پىچىرلىدى مەجىددىن قادىرنىڭ قۇلىقىغا، — سۇ يوق يەردە ئېلىنىدىغان تاھارەت ...» ئىمامەتچىلىككە چوڭ بوۋاي ئۆتتى. ئۇنىڭ ئىقتىدا قىلغان تەرىپى ئىشىكنىڭ ئۇدۇلىدىكى باياتىن تۆر دېيىلگەن تام تەرەپ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئىدى، مەجىددىن بىلەن قادىر سۈرۈلۈپ ئاياغقا بېرىپ تۇرۇشتى، قادىر ناماز ئوقۇپ باقمىغان بولسىمۇ ئالدىدىكى بوۋايلارنىڭ ھەرىكىتىنى تەكرارلىدى.

بوۋايلار تارقاشتى. ئۇلار ئۆيدىن قاتارلىشىپ چىقىۋېتىپ مەجىددىن بىلەن قادىرنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە «بىزنىڭ ئۆيگىمۇ ئىلتىپات قىلىشسىلا» دەپ قويۇپ كېتىشەتتى. بۇلار «رەھمەت، رەھمەت» دەپلا جاۋاب بېرىپ تۇردى.

ئۆي ئىچى قارا چىراغتىن چىققان بۇس بىلەن گۈلخاندىن چىققان ئىسقا توشۇپ كەتكەنىدى. ئۇلار تالاغا چىقىشتى ۋە ئىشىكنىڭ ئىككى تەرىپىگە گۈلخان يېقىلغىنىنى كۆرۈشتى، ئوتنىڭ ئەتراپىدا ئادەم يوق، سەل نېرىراقتا بىر توپ ئىتلار سۆڭەك غاجاۋاتاتتى، قادىر گۈلخاننى كۆرۈپ بۇمۇ مېھمان كۈتۈشكە دائىر مۇراسىم بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولساكىرەك، دەپ ئويلىدى. شۇ چاغدا تۇرسۇنئاي بىر تەرەپتىن چىقىپ كەلدى ـ دە:

— قورساقلار تويدىمۇ ياكى چوڭلاردىن تارتىنىپ يېيەلمىدىڭلارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— تويۇپ كەتتۇق، تارتىنمىدۇق، — دېدى قادىر، — سىلىگە ناھايىتى كۆپ رەھمەت!

تۇرسۇنئاي ئۆي تەرەپكە مېڭىۋېتىپ بىر نەرسە يادىغا كەلگەندەك توختاپ قالدى ـ دە، قادىرغا پەس ئاۋازدا:

— چوڭ بوۋامغا جاۋاب بەرگەندە رەھمەت دېمەي «قوللۇق» دېيىشسىلە، — دەپ ئاگاھلاندۇرۇپ قويۇپ ئۆتۈپ كەتتى.

قادىر چوڭ بوۋاينىڭ باياتىن جۇۋا ياپقان ھەرىكىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، بۇنى پادىشاھلارنىڭ ۋە كاتتىلارنىڭ ئۆزئارا تون يېپىشىدىغانلىقى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆردى. چوڭ بوۋاينىڭ ئۆزى، نەسەبى توغرىسىدا ئېيتقانلىرىغا قارىغاندا، ئۇ بۇ يەردە كۆرۈنمەس ھاكىمىيەتكە ۋەكىللىك قىلاتتى.

كېچە خېلى سالقىنلىغانىدى، ئاسمان يۇلتۇزلار بىلەن تولغان، ئايمۇ خېلى چوڭىيىپ قالغانىدى، پەستە بولسا توغراقزارلىقلار، قاتار ـ قاتار ئۆيلەر قارىيىپ كۆرۈنەتتى.

چوڭ بوۋاي ئارقا تەرەپتىن چىقىپ كەلدى ۋە ئىشىك ئالدىدا تۇرغان مېھمانلارغا:

— ئۆيگە كىرىلى، — دەپ قويۇپ ئۆزى ئاۋۋال كىرىپ كەتتى.

مەجىددىن بىلەن قادىر يەلكىلىرىنى بېسىپ كېتىۋاتقان ئېغىر جۇۋىلىرىنى سۆرىشىپ ئۆيگە قايتىپ كىردى. ئۆيدە ئەمدى تۆر تەرەپتىكى تامدا بىرلا چىراغ قالدۇرۇلۇپ باشقىسى ئۆچۈرۈۋېتىلگەنىدى، گۈلخاندىكى ئوتۇنلار كۆيۈپ تۈگىگەن، لېكىن چوغ يېنىپ تۇراتتى.

تۇرسۇنئاي ئۇلارنى كۆرۈپ:

— چوڭ بوۋا، تۈڭلۈكنى يېپىۋېتەيمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— بۈگۈن ياپمىساڭمۇ بولار قىزىم، كېچە سوغۇق بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ.

تۇرسۇنئاي چىقىپ كەتتى، مەجىددىن بىلەن قادىر نېمە دېيىشنى ۋە نېمە قىلىشنى بىلەلمەي ئولتۇرۇپ قالدى.

— مۇشۇ ئۆيدە ياتىمىز، بۇ مەن بىلەن تۇرسۇنئاينىڭ ئۆيى، — دېدى چوڭ بوۋاي مېھمانلارنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشەنگەندەك ۋە يەنە دەرھال بۇ ئۆي بىلەن پەخىرلىنىدىغانلىقىنى

ئۇقـتـۇردى، ــ تۇرسۇنـئـاي ئـۇون يـىلدىن بىرى مەن بىلەن تۇرۇۋاتىدۇ. مەن ئۆلسەم ئۆي ئۇنىڭغا قالىدۇ.

ــ ئۇبدان ئۆي ئىكەن، ــ دەپ قويىدى قادىر ئىسسىلىشىپ كەتـكەن بادرا ۋە چىۋىق بىلەن يېپىلغان تورۇسقا، قاپقارا تاملارغا بىر قاراپ قويۇپ.

ــ شۇنداق، كەڭ، ئىگىز، ئازادە ئۆي، ــ دېدى بوۋاي قادىرنىڭ سۆزىنى تەستىقـ لاپ، ــ تۇرسۇنئاي ئون يىلدىن بۇيان ھالىمدىن خەۋەر ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ، مەن ئۇنىڭغا، ئۇ ماڭا ئىچەكىشىپ كەتتۇق. شۇنداق بولمىغاندىمۇ ئۆينى شۇنىڭـغا بېرىشـكە ۋەسـىيەت قىلاتتىم، چۈنكى، ئۇ قىز بالا، ئاجىزە ئەمەسمۇ؟

ــ ئۇبدان ئويلاپلا، ــ دەپ قويىدى قادىر يەنە.

شۇ ئەسنادا تۇرسۇنئاي تۆت قوي ۋە ئىككى ئۆچكىنى ئۆيـگە ھەيـدەپ كـىرىـپ ئىشىكنى تاقاپ قويدى. ئۆي ئىچىگە دەرھال چىلە پۇرىقى تارقىلىپ، كۆيگەن قوي يېغىـ نىڭ پۇرىقىنى بېسىپ كەتتى، قىز قويلارنىڭ بوينىنى قىل ئارغامچىدا باغـلاپ تامـدىـكى قوزۇقلارغا چېتىپ قويدى.

ــ ئۇخلاۋاتقاندا كېلىپ پۇراپ ئاۋارە قىـلـمـىسۇن، ــ دەپ چۈشەنـدۈردى ئۇ ۋە قادىرغا قاراپ كۈلۈپ قويدى، ئۇنىڭ بۇ كۈلكىسىنى «ئەسلى باغلـمايتـتىم، سىـزنى دەپ شۇنداق قىلىۋاتىمەن ...» دەپ چۈشىنىشكە بولاتتى.

ــ ئورۇن راسلا بالام، مېھمانلار ئارام ئالسۇن، ــ دېدى بوۋاي.

تۇرسۇنئاي بۇلۇڭدىكى دۆۋىلەكلىك تۇرغان تېرىلەرنى كۆتـۈرۈپ كېـلـىـپ تامـنى ياقىلىتىپ تىزىپ چىقتى، ئۇنىڭ تىزغىنى ئىچىگە يۇڭ تىقىلغان تېرە تەكىي ئىكەنلىكى شۇ چاغدا بىلىندى. ئۇ تامنىڭ تۈۋىدىكى بىر تەكىينى سىلكىـپ ـ سىلكىپ كۆپـتۈرۈپ قويۇپ قادىرغا لەپپىدە كۆز تاشلىدى. «بۇ ساڭا ...» دېگەن مەنىنى چۈشەندى قادىر.

ــ ئۇخلاشسىلا، ــ بۇيرۇدى بوۋاي مېھمانلارغا، ــ قىزىم، چىراغنى ئۆچۈر.

تۇرسۇنئاي چىراغنى پۈۋلەمەي بېشىدىكى تۇمىقىنى ئېلىپ يەلپۈپ ئۆچۈردى، ئەمدى كۆيگەن قوي يېغىنىڭ بۇسى دىماغلارنى ئېچىشتۇرغىلى تۇردى. بوۋاي بىلەن قىز جۈۋىـ سىنىمۇ سالمىدى. مەجىددىن بىلەن قادىر داق كىگىزنىڭ ئۈستىدە بـوگـۇن ئېـرىشـكەن جۈۋىلارنى يېپىنىپ يېتىشتى.

ئۆي ئىسسىق بولغانلىقتىن قادىر جۈۋىسىنىڭ كۆپرەكىنى ئاستىغا باسۇرۇپ ئوڭدىسىغا ياتتى. ئۇنىڭ ئۇيقۇسى كەلمەيتتى. تۈڭلۈكتىن چۈشۈۋاتقان يېڭى ئاينىڭ ئاجىز نۇرى قويلار ئۈستىگە چۈشۈپ تۇراتتى. قويلار يېتىشىپ پۇشقۇراتتى ۋە ردتىملىك كۆشەيتتى.

«بۇ قايسى يۇرت، ئىسمى نېمە؟ ــ دەپ خىيال سۈرەتتى قادىر، ــ تۇرسۇنئاي بىزنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇردى. چوڭ بوۋاي ۋە يۇرت چوڭلىرى بىزنى يوقلىدى، مېھمان قىلدى، تون ئورنىغا جۇۋا ياپتى، قوندۇردى. نېمىشقا ئۇلار بىزنى چۆلدىن چىقىرىپ قويۇشنىڭ گېپىنى قىلمايدۇ؟ بوۋاينىڭ ئۆز ئىچىمىزدىكىلەرنىڭمۇ بەزىلىرى يىراقراق كېتىپ قالسا بۇ يەرنى تېپىپ كېلەلمەيدۇ، دېگىنىگە قارىغاندا، بىز چىقىپ كېتەلمەيمۇ قالارمىزمۇ، يا؟ بۇ بىر ئەنسىز خىيال ئىدى. ئۇ تۇرسۇنئاينىڭ ئۆزىگە ئالاھىدە مۇئامىلە قىلىۋاتقىنىنى،

www.uyghurkitap.com

كۆڭۈل ئۇۋۇلاۋاتقىنىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، شۇ تاپتا قىزنىڭمۇ ئۇخلىماي ئۆرۈلۈپ يېتىۋاتقىنىنى تۇيۇپ تۇراتتى. «ناۋادا شەھەردە ياشاپ، شەھەر قىزلىرىچە كىيىنگەن بولسا گۈللەرنىڭ گۈلى بولىدىكەن بۇ بەرنا.»

ئۇ مەجىددىننىڭ تۈرتۈشى بىلەن ئويغىنىپ كەتتى. بوۋاي ئۆرە تۇرۇپ بوشاپ كەتكەن تېرە بەلبېغىنى چىڭىتىۋاتاتتى، تۇرسۇنئاي يوق ئىدى. قارىغاندا ئۇ قوي ۋە ئۆچكىلەرنى ئېلىپ چىقىپ كەتكەنىدى.

— نامازغا چىقايلى، مېھمانلار، — دەپ تەكرارلاۋاتاتتى بوۋاي.

قادىر ئورنىدىن تۇرۇپ جۇۋىسىنى كىيدى ـ دە، بوۋاي بىلەن مەجىددىنگە ئەگىشىپ تالاغا چىقتى. تولۇق تاڭ ئېتىپ كەتمىگەن بولسىمۇ، قويلارنىڭ مەرەشلىرى، ئېشەكلەرنىڭ ھاڭراشلىرى، كىشىلەرنىڭ يۆتەللىرى ۋە قايسى تەرەپتىكى ئۆيدىنىكىن بوۋاقنىڭ چىرقىراپ يىغلىشى ئىشىتىلەتتى. مەھەللە تولۇق ئويغانغانىدى.

ئۇلار توغراق بادىرلىرى تىكلىنىپ دائىرە قىلىنغان بىر ھويلىچىلىك بار مەيدانغا كىرىشتى. ئۇدۇلدا توقۇلما تام بار ئىدى. تامنىڭ ئىككى تەرىپى ئېگىز تۈۋرۈك بولۇپ، تۈۋرۈكلەرگە قاتارلاشتۇرۇپ گۈل چىقىرىلغاندەك قوچقار مۈڭگۈزلىرى تىزىپ قويۇلغان، تۈۋرۈكنىڭ چوققىسىدىكى خادىغا تېرىدىن ئۈچ بۇرجەك بايراق كېسىلىپ باغلاپ قويۇلغانىدى. شامال بولمىغانلىقتىن بۇ تېرە بايراقلار پۇرلىشىپ ساڭگىلاپ تۇراتتى. بۇ يۇرتتىكى مۇقەددەس جاي — مەھەللە مەسچىتى ئىدى.

قادىرمۇ بوۋاي ۋە مەجىددىنگە ئوخشاش كېتىۋېتىپلا يەرگە شاپىلاقلاپ، قولىغا يۇققان توپىنى يۈزىگە ۋە بېغىشلىرىغا سۈرتۈپ، تەيەممۇم تاھارەت ئالدى. مەسچىتكە كىرگەندىن كېيىن چوڭ بوۋاي ئالدىغا ئۆتۈپ كەتتى، ئۇ ئىمامەتچىلىك قىلىشى كېرەك ئىدى. كىمدۇ بىرەيلەن تەكبىر ئېيتقاندىن كېيىن بامدات نامىزى باشلاندى. چوڭ بوۋاينىڭ ئاۋازى جاراڭلىق ۋە يېقىملىق ئىدى. ئۇ ئاخشام خۇپتەندە ئوقۇغان سۈرە پاتىھە بىلەن سۈرە ئىخلاسنى ھەر ئىككى رەكەتتە تەكرارلاپ، قىسقا دۇئا بىلەن نامازنى تۈگەتتى. قادىر بىلەن مەجىددىننى بىر بوۋاي — يەنى چوڭ بوۋاينىڭ ئوغلى تۇرسۇنئاخۇن ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى. بۇ ئىككىيلەن چوڭ بوۋايغا قاراشتى. ئۇ «يۈرۈشسىلە ...» دېگىنىچە ئۆزى ئالدىن باشلاپ ماڭدى.

بۇ ئىككىيلەن دەرھال ئەگىشىپ ماڭالمىدى. بامداتقا كەلگەن چوڭ كىشىلەر 35—40 چە كېلەتتى، يەنە 12 دىن 14 ياشلارغىچە كېلىدىغان باللاردىن 15 — 20 سى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى قاتارلىشىپ بۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ چىقىشتى. كىچىك باللارمۇ چوڭلارغا ئوخشاش تەلەپپۇزىنى توشقۇزۇپ «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەيتتى ۋە ئىككى قوللاپ كۆرۈشۈپ ئالقانلىرىنى يۈزىگە سۈركەيتتى. شۇنىڭ بىلەن خېلى ۋاقىت ئۆتتى.

تۇرسۇنئاخۇن ئۇلارنى ساقلاپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۆيى مەسچىتتىن ئانچە يىراق ئەمەس، ئىككى توپ توغراق ئارىلىقى ئىشىك قىلىنغان بىر ئۆي ئىدى. ئۆينىڭ قۇرۇلمىسى چوڭ بوۋاينىڭكىگە ئوخشايتتى، ئەمما، خېلىلا پەس ۋە ناچار سۇۋالغاچقا تامدا يېرىقلار كۆپ ئىدى. ئۆيگە ئۇلاردىن ئىلگىرىرەك بەش ـ ئالتە بوۋاي كىرىپ ئولتۇرۇپ

بولۇشقىنىغا قارىماي، بۇلار كىرگەندە قايتىدىن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ يېڭىباشتىن كۆرۈشۈشتى ۋە تۆر تەرەپكە تەكلىپ قىلىپ چوڭ بوۋاينىڭ يېنىغا ئولتۇرغۇزۇشتى. كېيىن كېچىنىڭ قانداق ئۆتكەنلىكى، تۈنۈگۈنكى ۋە بۈگۈنكى ھاۋارايى توغرىسىدا سۆزلىشىشتى. ھايال ئۆتمەي تەڭنە ـ تەڭنىلەردە گۆش كەلتۈرۈلدى. ئەتىگەنلىك ناشتىدا سېمىز ئىسسىق گۆش يېيىش مېھمانلارغا يوچۇن بىلىنگىنى بىلەن بوۋايلار يەنە ئىشتىھا بىلەن يېيىشتى.

قادىر ئۆيگە كىرىپ ـ چىقىپ يۈرگەن، داستىخان سالغان ۋە تەڭنە ئەكىرىپ ـ ئەپچىققان ئايالغا دىققەت قىلدى. قانچە ياشتا ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدىغان بۇ ئايال ئىككى ئۆرۈم چېچىنى تۇماق بىلەن باسۇرۇۋالغان ۋە ئۇچىسىغا ئۇزۇن جۇۋا كىيگەنىدى. جۇۋىنىڭ پېشىدىن يالىڭاچ پۇتلىرى چىقىپ تۇراتتى. ئەمما، ئۇ ھەرقانچە قىلغان بىلەن تۇرسۇنئاخۇندىن يېرىم ھەسسىدەك كىچىك ئىدى. قادىر ئۇنى تۇرسۇنئاينىڭ مومىسى دېيىشكە پېتىنالمايتتى. ئۆي ئىگىسى ياكى باشقىلار ئۇنى تونۇشتۇرمىدى. لېكىن تۇرسۇنئاخۇننىڭ خوتۇنى ئىكەنلىكى ئىككىسىنىڭ قىلىشقان گەپلىرى ۋە مۇئامىلىلىرىدىن بىلىنىپ تۇراتتى.

قېتىق چېلىنغان سۇ ئىچىلگەندىن كېيىن دۇئا قىلىندى. داستىخان يىغىلغاندىن كېيىن چوڭ بوۋاي:

— ئىككىلىرى كەم ئىشتىھاكەنلا. بىزنىڭ بۇ يەردە ئادەمنى ئۆرە قىلىدىغانمۇ، يىقىتىدىغانمۇ تاماق جۇمۇ، — دېدى.

— تويۇپ قالدۇق، ئىشتىھايىمىز شۇنچىلىك ئىكەن، — دېدى مەجىددىن.

— بىرنەچچە كۈن ئۆتسە كۆنۈپ كۆپ يەيدىغان بولىدۇ، — دېدى تۇرسۇنئاخۇن.

ئىشىكتىن چىقىۋاتقىچە يەنە بىر بوۋاي «بىزنىڭ ئۆيگە كەچتە ...» دەپ ئېيتىپ قويدى.

قادىر مەجىددىنگە قاراپ قويدى. تۇرسۇنئاخۇننىڭ «كۆنۈپ قېلىش» دېگەن سۆزى بىلەن يەنە مېھماندارچىلىقنىڭ داۋام قىلىشى ئۇنى ئاڭگىرىتىپ قويۇۋاتاتتى. «نېمە، بۇلار بىزنى كۆندۈرىدىكەن ـ دە؟».

سىرتتا بىر ئايال يىغلاپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كىيىنىشى باياتىن ئۆي ئىچىدە قالغان ئايال بىلەن ئوخشاش بولۇپ، چېچى تارالمىغان، پېشى ئىككى تەرەپكە ئېچىلىپ قالغان جۇۋىسىنىڭ ئارىلىقىدىن كىندىكىنىڭ ئۇدۇلىغىچە ساڭگىلاپ تۇرغان كۆكسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئايال چوڭ بوۋاينىڭ ئالدىنى توستى.

— بىزنىڭكىگە بىر دوقۇرۇپ ئۆتكەن بولسىلا دادا!

— نېمە بولدى توختىخان؟ — چوڭ بوۋاي توختىدى ۋە ئايالنىڭ مەيدىسىگە كۆز تاشلاپ چېچىلدى، — ئالدىلىرىنى ئەتىسلە توختىخان، نامەھرەم بولىدۇ.

ئايال ئەمدى ئېسىگە كەلگەندەك جۇۋىسىنىڭ پەشلىرىنى باسۇرۇپ، تېرە ئارغامچا بىلەن بېلىنى قىسىپ باغلىۋېتىپ ھال ئېيتتى.

— بىلمىدىم، بالام كېچىچە قىزىپ يىغلاپ چىقتى ...

— ئوتتىن ئايلاندۇرىلىمۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ۋاي، نەچچە ئايلاندۇردۇم ...

— قىزىق قۇمغا كۆملىمۇ؟

— ئۇنىمۇ قىلدىم.

چوڭ بوۋاي سەل تۇرۇۋېلىپ باشقا بوۋايلارغا:

— مەن توختىخاننىڭكىگە بېرىپ كېلەي، ھەر بىرلىرى بىلەن كەچتە توختىئاخۇننىڭكىدە كۆرۈشەيلى، — دېدى ۋە مەجىددىن بىلەن قادىرغا بۇرۇلۇپ ئۆيى تەرەپنى كۆرسەتتى، — ئىككىلىرى ئۆيگە بېرىپ ئارام ئېلىشسىلا.

ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپ كەينىگە يېنىپ مېڭىپ كەتتى، توختىخان ئۇنىڭ كەينىدىن يالاڭغىداق پۇتلىرى بىلەن قۇمنى كېچىپ، سوكۇلداپ ئەگەشتى.

ئىككىيلەن باشقا بوۋايلار بىلەن خوشلىشىپ چوڭ بوۋاينىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. ئەتراپتا ئىتلار يۈرۈشەتتى. ئادەملەر كۆرۈنمەيتتى. قادىر ئاخشامدىن بېرى كۆڭلىگە كەچكەنلىرىنى مەجىددىنگە سۆزلەپ بەرمەكچى بولۇۋاتاتتى. ئەمما بىردىنلا ئۇنىڭ يۈرىكى ئەنسىز سېلىپ كەتتى. ئۇ چوڭ بوۋاينىڭ ئۆيىگە كۆتۈرۈلىدىغان دۆڭنىڭ پەس تەرىپىدىكى توغراقنىڭ كەينىدە ئۆزىگە چەكچىيىپ تىكىلىپ تۇرغان قارا ساقاللىق بىر ئادەمنى كۆرۈپ قالغانىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە دۈشمەنلىك، قىساس ئوتى يالتىراپ تۇراتتى. قادىر ھاياتىدا بۇنداق كۆزلەرنى كۆرۈپ باقمىغانىدى. بۇ ئادەم كىيىنىشى بىلەن باشقىلاردىن پەرقلەنمەيتتى. ئەمما، تۇمىقى قارا ئىدى. قاشلىرى قويۇق ۋە قېلىن ئىدى. ئۇنىڭ يۈزىنى پۈتۈنلەي ساقال باسقانىدى. ئۇنى 30 ياشلارغا كىرمىگەن يىگىت، دەپ پەرەز قىلىشقا بولاتتى. ئۇ كۆزلىرىدىكى ئوت يېتىشمىگەندەك چىشلىرى بىلەن تۆۋەندىكى كالپۇكىنى چىشلىۋالغان، ئوڭ قولى بىلەن بەلبېغىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى غىلاپتىن چىقىپ تۇرغان پىچاقنىڭ سۆڭەك دەستىسىنى قاماللىۋالغانىدى.

قادىرنىڭ بەدىنى تەرلەپ سۇ بولۇپ كەتكەنىدى، ئەمدى ئۇ مۇزلاۋاتقاندەك بولدى، يۈرىكى ئەنسىز سوقۇپ، پۇتى كالۋالىشىشقا، تۈپتۈز يەردىمۇ پۇتلىشىشقا باشلىدى. ئۇ ئىختىيارسىز مەجىددىننىڭ يېڭىنى تۇتۇۋالدى. مەجىددىن ھېچنېمىنى سەزمىگەچكە بۇرۇلۇپ:

— ئىسسىقلاپ كېتىۋاتامسەن؟ ھېچگەپ ئەمەس. مەنمۇ ئاران ـ ئاران نەپەس ئېلىۋاتىمەن. لېكىن، تازا بىر تەرلىۋالساقلا شۇندىن ئېتىبارەن سالقىنلىق ئىچىدە ياشايمىز. چۆل خەلقىنىڭ سەرتان ئىسسىقتىمۇ جۇۋا بىلەن تۇماق كىيىۋالىدىغانلىقى، ئاغرىپ قالمايدىغانلىقىنىڭ سەۋەبى شۇ، بۇرۇن شۇنداق دېسە ئانچە ئىشەنمەيتتىم ...

قادىرنىڭ قۇلىقىغا بۇ گەپلەر كىرمەيتتى. ئەمما، ئۇ ھېلىقى كىشى ۋە ئۇنىڭ كۆزلىرى ھەققىدىمۇ ئېغىز ئاچالمىدى. كەينىگە بۇرۇلۇپ قارىماقچى بولۇۋېدى، يەنە جۈرئەت قىلالمىدى. ئۇلار ئۆي ئالدىغا كېلىپ قېلىشقانىدى. تۇرسۇنئاي ئۆيدىن چىقىپ ئۇلارنى قارشى ئالدى. قادىر شۇ چاغدىلا ئارقىسىغا قاراشقا جۈرئەت قىلدى. بىراق، توغراقلىقنى قۇم دۆڭى توسۇۋالغاچقا قادىر ھېچنېمىنى كۆرەلمىدى.

— مېھماندارچىلىقتىن رازى بولغانسىلەر؟ — دەپ سورىدى تۇرسۇنئاي كۈلۈپ.

— ۋاي - ۋۇي، كېرىكىدىن ئاشۇرۇپ مېھمان قىلىۋېتىشىدىكەنلا، — دېدى مەجىددىنمۇ كۈلۈپ، — بۇنداق تەملىك، سېمىز گۆشنى قانداقمۇ كۆپ يەپ سىڭدۈرگىلى بولار؟

— ئۆيگە كىرىشسىلە، تالا ئىسسىق، — دېدى تۇرسۇنئاي ئۇلارنى ئۆيگە باشلاپ كىرىپ، — يۇرتىمىزنىڭ قائىدىسى شۇ، مەن تۇغۇلغاندىن تارتىپ بۇ يۇرتقا بۆلەك جايلاردىن مېھمان كەلگىنىنى كۆرمىدىم، ئاڭلاپمۇ باقمىدىم. بۇ يەردە مېھماندارچىلىق مۇشۇنداق بولىدۇ، ھېيت - ئايەملەردە پەتىلەشمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاشراق بولىدۇ. سىلەرمۇ بارا - بارا كۆنۈپ قالىسىلەر...

## ئويۇن ۋە ھازا

ئۇلار ئۇدا 11 كۈن مېھماندارچىلىقتا بولدى. بوۋايلارنىڭ دېگىنىدەك ئىشتىيى خېلى ئېچىلىپ جىق - جىق يەيدىغان بولۇشتى. دەسلەپكى كۈنلەردە گۆشلا يېيىشتىن زېرىكىش ھېس قىلىپ كۆڭلى نان تارتىشتى. چۆلدە يېگىنىمىزدەك بىرەر بۇردىدىن كۆمەچ بولسىمۇ مەيلىدى، دېيىشتى. ئەمما، كۆمەچنىڭمۇ پەۋقۇلئاددە ئەتىۋارلىقى، ئۇنى ئەڭ ھاللىق ئائىلىلەر ھېيت - ئايەملەردە يېيەلەيدىغىنىنى بىلىشتى، ئۆتكەندە ئۇلار چۆلدە يېگەن كۆمەچ تۇرسۇنئاينىڭ چۆلگە چىققانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن تەييارلانغانىكەن.

— بۇ يەردە قوناق تېرىلىدۇ، — دەپ چۈشەندۈردى قىز، — لېكىن ھوسۇلى شۇ قەدەر ئاز بولىدۇكى، ئۇرۇقلۇقتىن ئاشقىنى ئىككى جان ئادىمى بار ئۆيگە ئۈچ - تۆت قېتىم كۆمەچ پىشۇرۇشقا ئاران يېتىدۇ... مال بېقىش ئۈچۈن ئوتلاق يوق. بار قوي - ئۆچكىلەر ۋە تۆگىلەرنىمۇ باقماق قىيىن. ئىت بىلەن ئېشەكتەك ھارام ماللارنى بېقىپمۇ يۈرمەيمىز. ئۇلار تاپسا يەيدۇ، تاپالمىسا كارىمىز يوق. سىلەرنىڭ يۇرتىڭچۇ...

ئۇ پات - پات شۇنداق سورايتتى. بۇنى ئۇنىڭغا نېمىدەپ چۈشەندۈرۈشنى بۇلار بىلمەيتتى. ئۆز يۇرتىنى بىر قېتىم ماختاپ قويغان مەجىددىنگە تۇرسۇنئاي ئەيمەنمەي ھۆرپىيىپ: «ياخشى يۇرتتا خاتىرجەم ياشىماي غايىپ خەزىنە ئىزدەپ نېمە قىلاتتىلا؟ بايلىق ئاۋۇتقان پادىشاھلارنى يەر يۇتۇپ، شەھەرلىرىنى قۇم بېسىپ كېتىپتىكەن...» دەپ رەددىيە بەردى. شۇندىن كېيىن بۇلار ئاشۇنداق سوئالغا: «بىز تەرەپتىمۇ شۇنداقراق»، «ئاساسەن شۇنداق...» دەپ جاۋاب بېرىدىغان بولۇشتى. قىز بۇ جاۋابقا ئىشەنمەمدۇ ياكى ئۆز يۇرتىدىن باشقا يۇرتلاردا باشقىچە ھايات بارلىقىدىن ئۈمىدلىنەمدۇ، ئىشقىلىپ، گەپنىڭ ئاخىرىدا «سىلەرنىڭ يۇرتىڭچۇ؟» دەپ تەكرارلايتتى.

— سىلەر بۈگۈن بارغان ئۆينىڭ ئىگىسى كىچىك توختى ئاكىنىڭ ئۈچ خوتۇنى بار، — دېدى بىر كۈنى تۇرسۇنئاي. بۇ يەردىكىلەر ئوخشاش ئىسىملىك كىشىلەرنى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن «چوڭ توختى»، «ئارا توختى»، «كىچىك توختى» ياكى بىرەر بەلگىسىنى قوشۇپ «ئاققاش تۇرسۇن»، «ئىچ مايماق تۇرسۇن»، «كۆتمەك تۇرسۇن» دەپ چاقىرىشاتتى. بۇنى ئاياللارغىمۇ قوللىناتتى، — ئۇنىڭ كىچىك خوتۇنى يىگىرمە ياشتا، بىرەر ئايچە بولدى تويىنى قىلغىلى، — تۇرسۇنئاي بۇ سۆزلەرنى دېگەندە شۇنچىلىك مەيۈس ۋە

ئاجىز كۆرۈندىكى، ئۇنىڭغا كىشىنىڭ ئىچى ئاغرىپ قالاتتى، ــ سىلەرنى كۆتكىنى چوڭمۇ، ئوتتۇرانچىسىمۇ، كىچىكىمۇ؟

ــ دىققەت قىلماپتىمىز، ــ دەپ قۇتۇلدى مەجىددىن. ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئىككى ئايالنى كۆرگەن، لېكىن يېشىنى پەرق قىلالمىغانىدى.

ــ قولدا بىلەيزۈكى بارى چوڭى، ئىسمى توختىئاي، ــ دېدى قىز ۋە شۇئان ئېسىگە كەلگەنـدەك كۆمۈش زىرىسى بىلەن چاچتەڭگىلىرىنى سىيلاپ داۋام قىلدى، ــ مېنىڭ زىرەم بىلەن چاچتەڭگىلىرىم بۇتپەرەس پادىشاھنىڭ قىزى قېچىپ كەلگەندە بىللە تاقاپ كەلگەن بېزەكلەر ئىكەنمىش. قولدىن ـ قولغا ئۆتۈپ ئاخىرى ماڭا نېسىپ بوپتۇ. چوڭ بوۋام شۇنداق دەيدۇ...

ئۇنىڭ كۆزلىرى ئويناپ، قارامتۇل چىرايىدا شەپەق نۇرى پەيدا بولدى. ئۇ ئېتىقادتىنمۇ كۆرە ئاشۇ بېزەكلەرنىڭ قۇلقى ۋە بويىنىدا تۇرغىنىدىن خۇشال ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈۋاتاتتى.

ــ بەك چىرايلىق ئىكەن، ــ دەپ قويدى مەجىددىن.

ــ توختىئاينىڭ بىلەيزۈكى قانداق كەلگەن، بۇنى ھېچ كىم بىلمەيدۇ، ــ داۋام قىلدى تۇرسۇنئاي، ــ چوڭ بوۋامنىڭ دېيىشىچە ئۇنى توختىئاينىڭ 6 ـ بوۋىسى ئېچىلىپ قالغان بىر ئەسكى شەھەردىن تېپىۋاپتىكەنمىش. چۆلدە شۇنداق يەرلەر ئۇچراپمۇ قالىدۇ، بىز ئۇ يەرگە يېقىنمۇ بارمايمىز. توختىئاينىڭ 6 ـ مومىسى ئاشۇ بىلەيزۈكنى تاقىغاچقا ئۇنىڭ ئەۋلادى ئىچىدىكى قىزلار يا تۇل بولۇپ قالىدۇ يا كۆندەشلىكتىن قۇتۇلالمايدۇ، سىلىنىڭ بۇ بىلەيزۈكلىرىچۇ؟ ئۇ كىمدىن قالغان؟ ــ دەپ سورىدى ئۇ مەجىددىننىڭ سائىتىنى ئىملاپ، ــ يا سىلە ئەسكى شەھەرلەردىن تاپتىلىمۇ؟

ئالدىنقى قېتىملىق سۆھبەتتە مەجىددىن قىزغا سائەت دېگەن نەرسىنىڭ نېمىلىكىنى زادىلا چۈشەندۈرەلمىگەنىدى. شۇڭا:

ــ بۇنى ئادەملەر قولدا ياسىغان، ــ دەپ قويدى.

تۇرسۇنئاي كۈلۈپ كەتتى:

ــ قانداق ياسايدۇ؟ جىنلار ياساشنى ئۆگىتىپ قويىدىغان يۇرتتىن كەپسىلەردە؟ چوڭ بوۋامنىڭ دېيىشىچە چۆلدىكى قۇم بېسىۋالغان شەھەرلەردىن بەزىدە قەغەزلەرمۇ چىقىپ قالارمىش. ئۇنىڭ خېتىنى جىنلار ئوقۇيالارمىش. ئۇ جىنلار ئادەمگە تۆمۈردىن ئۇچىدىغان، يۈگۈرەيدىغان ھەررەڭ ـ سەررەڭ نەرسىلەرنى ياساش ئۇسۇلىنى ئۆگىتەرمىش. چوڭ بوۋام كىچىك چېغىدا پەرەڭ دېگەن يۇرتتىن كەلگەن قىزىل چاچلىق ئادەملەرنىڭ ئاشۇنداق قەغەزلەرنى ئېلىپ كەتكىنىنى كۆرۈپتىكەن. سىلەرنىڭ يۇرتتىمۇ ئاشۇنداق بىلەيزۈكلەرنى تاقىۋالغان ئادەملەرنىڭ قىزى تۇل بولىدىغاندۇ؟

مەجىددىننىڭ كۆزلىرىگە قارىغان كىشى ھەيران قالغان بولاتتى. ئۇ قىزنىڭ چۆلدىكى خارابە شەھەرلەرنى بىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ قويغانلىقىدىن ھاياجانلىنىپ كېتىۋاتاتتى. دېمەك مۇشۇ يېقىن ئەتراپتا، ھېچ بولمىسا چۆل مۇساپىسى بىلەن ھېسابلىغاندىمۇ بىرنەچچە كۈنلۈك دائىرە ئىچىدە بىرەر قەدىمىي شەھەر خارابىسى بار ئىدى. بىراق، ئۇ يەرگە قانداق بارغىلى بولىدۇ؟

تۇرسۇنئاي بايىقى سوئالغا ئىككىيلەننىڭ جاۋاب بەرمىگىنىنى كۆرۈپ يەنە سورىدى:

ــ ئاياللار، قىزلار كۈندەشلىككە قالىدىغان ئىشلار سىلەرنىڭ يۇرتتىمۇ بارمۇ؟

مەجىددىن ئۆز خىيالى بىلەن قالغاچقا سوئالغا دىققەت قىلمىدى. شۇڭا قادىر جاۋاب بەردى:

ــ يوق، بىز تەرەپتە بىر ئەر بىر خوتۇن ئالىدۇ. بىر خوتۇن بىرلا ئەرگە تېگىدۇ.

قىز ئانچە ئىشەنمىدى. بىراق، ئۇ شۈبھىسىنى باشقىچىرەك ئىپادە بىلەن بىلدۈردى:

ــ رەسۇلۇللاھ تۆت خوتۇن ئاپتىكەنمىش. ھەزرىتى ئەلى بولسا 40 خوتۇنلۇق بوپتىكەن...

ئۇنىڭ سۆزىدە، كۆز قاراشلىرىدا ھەسرەت ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ كىملەرگىدۇ توقال بولۇشىدىن، كىملەرنىڭدۇر ئۆز ئۈستىگە توقال بولۇپ كىرىشىدىن ئەنسىرەيدىغانلىقىنى ئىپادىلەۋاتاتتى.

بۇ يۇرتتىكى كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش ئادىتى باللارنىڭ ئەي بولۇش نىسبىتىدە قىزلار كۆپ سانىنى ئىگىلەپ كېتىدىغان تەڭپۇڭسىزلىق ئامىل بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. قادىر، ئەگەر ئوغۇللار ئاۋۇپ كېتىدىغان ھالەت پەيدا بولسا ئىش تەتۈرسىچە بولىدىغانلىقىنى كۆڭلىدە مۇلاھىزە قىلىپ باقتى.

بۈگۈن پۈتۈن يۇرت مەسچىت ئالدىدىكى كىچىككىنە سەيناغا يىغىلدى. چوڭ بوۋاي ئىككىيلەنگە مەشرەپ ئۇيۇشتۇرۇپ بېرىمىز دەپ ئېيتقانىدى. ئىككىيلەنگە بۇ خەۋەر ناھايىتى يېقىملىق بولۇپ تۇيۇلۇۋاتاتتى. بۇ مەشرەپتە ئۇلار يەنە بىرمۇنچە تۇرمۇش بىلەن تونۇشاتتى. يەنىمۇ مۇھىمى مېھماندارچىلىقمۇ بىر يەرگە باردى، مەشرەپ تۈگىسە ئۆزلىرىنىڭ تەقدىرى قانداق بولىدىغانلىقى ھەل قىلىنار دەپ ئۈمىدلىنەتتى.

مەشرەپكە چوڭلاردىن تارتىپ باللارغىچە ھەممەيلەن يىغىلىشتى. كۆزچەن بىلەن ھېسابلىغاندا ھەممەيلەننى 100 دىن ئارتۇق، 150 دىن كەمرەك دەپ مۆلچەر قىلىشقا بولاتتى. مەسچىتنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىگە ئىككى ناغرا توختىتىلدى. ئۆگزىگە ئۈچ كىشى چىقتى. ئۇلارنىڭ بىرسىنىڭ قولىدا قوپال، سىرلانمىغان سۇناي بار ئىدى. قاراڭغۇ چۈشمىگەن بولسىمۇ گۇلخان يېقىلدى. باللار ئەتراپتىكى دۆڭلەرگە، ئۆينىڭ ئۆگزىلىرىگە چىقىۋېلىپ چۇرقىرىشاتتى. ئون نەچچە ياشلىق قىز، ئوغۇل باللارنىڭ قىيپىيالىڭاچ يۈرۈشى بۇ يەردە ئەجەبلىنەرلىك ئىش ھېسابلانمايتتى. ئۇلارنىڭ سەكرەشلىرى، ۋارقىراشلىرى كۆچىيىپ كەتكەنلىكتىن چوڭ بوۋاي:

ــ بولدى باشلاۋېرەيلى، ــ دەپ قول سىلكىدى.

ئەرلەر ئوتتۇرىدا، ئوتنى چۆرىدەپ يەردىلا ئولتۇرۇشتى. ئاياللار ئۇلارنىڭ كەينىدە دائىرە بولۇپ ئۆرە تۇرۇشتى. ناغرىدىن ئىلگىرى سوناي چېلىندى. سوزۇپ چېلىنىۋاتقان ئاھاڭ قادىرغا قانداقتۇر بىر مۇقامنىڭ مۇقەددىمىسىدەك بىلىندى. بىراق، ئۇ ناخشا مۇزىكىغا ھەۋەس قىلىپ كۆنمىگەنلىكتىن قايسى مۇقامنىڭ باشلىنىش مۇزىكىسى چېلىنىۋاتقىنىنى ئۇقالمىدى. بىردەمدىن كېيىنلا ناغرىلار چېلىندى. ناغرىنىڭ كۆرۈمسىزلىكىگە قارىماي بۇنداق كۈچلۈك ئاۋاز چىقىرالايدىغانلىقى قادىر بىلەن مەجىددىننى ھاڭ ـ تاڭ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

قالدۇردى. ناغرىلارغا سۇناي ماسلاشتى. شۇ چاغدا چوڭ بوۋاي ئورنىدىن قوپتى ـ دە، بىر قولىنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ، بىر قولىنى بېلىگە تەتۈر تۇتۇپ ئاستا قەدەم تاشلاپ ئوتنى بىر ئايلىنىپ چىقتى. سۇناي سەل ئىتتىكلىدى، ناغرىمۇ شۇنىڭغا مۇناسىپ تېزلەشتى. بوۋايمۇ قەدەملىرىنى قىسقا ئېلىپ ئوتنىڭ ئەتراپىدا ئىككىنچى قېتىم پىرقىرىدى. بۇ قېتىم ئۇ دەسلەپ كۆتۈرگەن قولىنى بېلىگە تەتۈر قويۇپ يەنە بىر قولىنى كۆتۈرۈپ پىرقىرىدى. پىرقىراشنىڭ سۈرئىتى بارغانسېرى تېزلەشتى ۋە 11 قېتىم ئايلانغاندىن كېيىن يىقىلىپ چۈشەي دەۋاتقان بوۋاينى ئىككى يىگىت بېرىپ يۆلەپ بالدۇرقى جايىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. بۇ چاغدا گۈلخان ئۆچەي ـ ئۆچەي دەپ قالغانىدى. شۇڭا، ئاياللار تەرەپ ـ تەرەپتىن گۈلخانغا ئوتۇن تاشلىغىلى تۇردى. چاچرىغان چوغ ۋە كۈللەر ئەرلەر ئولتۇرغان دائىرىگىچە كەلگەن بولسىمۇ، ھېچ كىم كەينىگە چېكىنمىدى.

ناغرا بىلەن سۇناي توختاپ راۋاب بىلەن نەي چېلىنىشقا باشلىدى. ئۇلارغا داپ تەڭكەش قىلىناتتى. قادىر بويۇنداپ قارىدى. ئىككى تارلىق راۋاب ئۆزىنىڭ ئەپتىگە مۇناسىپ كەلمەيدىغان جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن تىرىڭلايتتى. نەينىڭ مۇڭلۇق ئۈنى بۇلارغا تونۇش بولمىسىمۇ، يەرلىك كىشىلەرگە ياقىدىغان بىر كۈينى ئەۋجىگە چىقارماقتا ئىدى. داپنىڭ ئۈنى بوش تەڭكەشلىنەتتى.

راۋاب بىلەن داپتا 60 ياشلاردىن ئاشقان بوۋاي كۈيلەيتتى، سۆڭەكتە ياسالغان نەينى بولسا تېخى بۇرۇتى خەت تارتمىغان بىر بالا پۈۋلەۋاتاتتى. راۋابچى بىلەن داپچى ناخشا باشلىدى:

قوي، ئۆچكىلىرىم كەتتى مەرىشىپ، قالدى كەينىمدە بۇلۇت مارىشىپ،
يۈردۈم ئارقاڭدىن سوڭداپ ئەگىشىپ. كەلگىن قالايلى خېنىم يارىشىپ.

كېيىنكى ئىككى مىسرا تەكرار ـ تەكرار ئىككى قېتىم ئېيتىلغاندىن كېيىن كۈي ئۆزگەردى. ئەمدى ئەر ـ ئايال ھەممەيلەن ناخشىغا قوشۇلدى:

خەشەك بىلەن سەمرىتەي دەردىم ئەگەر سۇ بولسا،
ئۆيدە باققان قويۇمنى. دەشت ـ چۆللەرنى باساتتى.
ئالدىڭدا گۇناھ قىلسام، يۈرەكتىكى ئوتۇمدا،
باغلاپ بېرەي قولۇمنى. كۆمەچ كۆمسەم پىشاتتى.

يوچۇنلا ئاھاڭ، يوچۇنلا قوشاق بۇ چۆل ئەھلىنىڭ ئۆتمۈشىنى ۋە ھازىرىنى كۈيلەيتتى. بۇ ئاھاڭنى كىم ئىجاد قىلغان، قوشاقلارنى كىم توقۇغان، ئۇلار قاچان پەيدا بولغان، بۇنى بىلگىلى بولمايتتى. ئەمما، ئۇ ئۇزۇن يىللاردىن، بەلكى نەچچە ئەۋلادلاردىن بۇيان ئېيتىلىپ كېلىۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى. چۈنكى، ئاغزىدا چىشى يوق بوۋاي، مومايلاردىن تارتىپ تىلى چىققان باللارغىچە ناخشىغا قوشۇلۇپ ئېيتىۋاتاتتى.

گۈلخانغا بىرنەچچە قېتىم ئوتۇن تاشلاندى. كۈيلەر ئۆزگىرىپ ئالمىشىپ تۇردى. بەزى قوشاقلارنى ئەرلەر، بەزىلىرىنى ئاياللار ئېيتتى. بەزىدە قوشۇلۇپ ئېيتتى، بۇ كۈيچىلەر

كىشىگە چوڭ شەھەرلەردىكى سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ خاس خورچىلىرىنى ئەسلەتتى.

خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن راۋاب بىلەن نەي توختاپ، ناغرا بىلەن سونايلارغا نۆۋەت كەلدى. كىشىلەر شۇنى كۈتۈپ تۇرغاندەك دۈررىدە ئورنىدىن تۇرۇپ چېكىنىشتى-دە، سورۇننى كېڭەيتتى. ئەرلەر ۋە ئوغۇل باللارنىڭ ھەممىسى يالىڭاچلىنىپ ساماغا چۈشۈپ كەتتى. شۇنچىۋالا كۆپ ئادەم ئانچىلىكمۇ كەڭرى بولمىغان سەيناندا بىر-بىرىگە ئۈرۈلماي، سۈركەلمەي، تەكشى قەدەم بىلەن رىتىملىك دەسسەپ ساما سالاتتى...

باياتىن مەيدان كېڭەيتىلگەندە قادىر توپنىڭ چېتىگە چىقىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئالدىنى تۇماقلىق ئاياللار توسۇۋالغانلىقتىن، ئۇ پۈتىنىڭ ئۇچىدا كۆتۈرۈلۈپ مەجىدىنىڭ نەدىلىكىنى كۆرمەكچى بولۇۋاتاتتى. شۇ چاغدا بىر كۈچلۈك، ئامبۇردەك قول ئۇنىڭ بېغىشىنى شۇنداق قىسىپ تۇتتىكى، ئۇ ۋاي دەپ تولغىنىشقا تاس قالدى. بۇرۇلۇپ قاراپلا ھېلىقى كۆزلىرى دەھشەتلىك پارقىراپ تۇرىدىغان ساقاللىق كىشىنى كۆردى.

— ئۇنىڭنى چىقارماي بۇياققا ماڭ، بولمىسا بوغۇزلاپ تاشلايمەن، — دېدى ساقاللىق كىشى بوغۇق، خىرىلدىغان ئاۋازدا.

قادىر قورققىنىدىن ئۇنىڭغا ياۋاشلىق بىلەن ئىتائەت قىلىپ مېڭىپ كەتتى. ناتونۇش كىشى ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى. ئۇ ئويمان يەر، دەرەخ كۆتەكلىرى ئۇچراپ قالسا قادىرنى خۇددى كىچىك بالىنى كۆتۈرگەندەك لىككىدە يەردىن ئۈزۈپ ئۆتكۈزۈپ قوياتتى. ئۇ قادىرنىڭ بېغىشىنى تۇتۇۋالغاچقا، قادىر توپىلىق يولدا دىككىلداپ-سوكۇلداپ ئۇنىڭغا تەستە يېتىشەتتى.

ئۇلار مەسچىتنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى بىرنەچچە ئۆيلەرنى ئايلىنىپ، شالاڭ توغراقزارلىقتىن، بىرنەچچە قۇم دۆڭلىرىدىن ئۆتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئالدىدا قېشى ئانچە ئېگىز بولمىغان بىر كۆل نامايان بولدى. قادىر بۇ ئەتراپلارغا كېلىپ باقمىغاچقا كۆز ئالدىدىكى يېڭىلىقتىن ھەيران قالدى. ئەمما، ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى قورقۇنچ ئىگىلىۋالغانىدى. ئۇ يېنىدىكى كىشىنىڭ ئۆزىگە نېمىشقا بۇنچىۋالا ئۆچ ئىكەنلىكىنى، بۇ يەرگە نېمىشقا باشلاپ كەلگەنلىكىنى چۈشىنەلمەي دىرىلدەپ تىترەيتتى.

ناتونۇش كىشى شۇ يەرگە كەلگەندە قادىرنىڭ بېغىشىنى سىلكىپ قويۇۋەتتى. قادىر ئىككى مېتىرچە شوخشۇپ بېرىپ يۇمشاق، نەم قۇمغا ئولتۇرۇپ قالدى. ھەر ئىككىيلەن ھاسىرىغىنىچە بىرھازا بىر-بىرىگە قاراپ قېلىشتى.

— نېمە ئادەمسەن؟ — دەپ سورىدى ناتونۇش كىشى سەل ئېڭىشىپ. ئاينىڭ نۇرىدا ئۇنىڭ غەزەبتىن چەكچەيگەن كۆزلىرىدىكى يالقۇننى بىمالال كۆرگىلى بولاتتى، — ئېيتە، نېمە ئادەمسەن؟ بۇ يەرگە نېمىشقا كەلدىڭ؟

قادىر ئۇنىڭ ئوتتەك يېنىپ تۇرغان كۆزلىرىگە ۋە پىچاقنىڭ دەستىسىنى قاماللاپ تۇرغان ئوڭ قولىغا قورقۇپ-قورقۇپ قاراپ ئىسمىنى، بۇ چۆلگە قانداق كېلىپ قالغانلىقىنى دۇدۇقلاپ چۈشەندۈردى.

— كەت، ئۇقتۇڭمۇ؟ بۇ يەردىن دەرھال يوقال! — قىسقا، كۈچلۈك ئۇرغۇ بىلەن بۇيرۇدى ناتونۇش كىشى، — سەن مېنىڭ بەختىمگە چاڭ سالما! تېز كەت! كېتەمسەن يوق؟ ئەگەر كەتمەيمەن دېسەڭ، ئەزبىرايى خۇدا ... — ئۇ پىچاق دەستىسىگە قول سوزدى.

غىلاپتىن سۇغۇرۇلۇۋاتقان پىچاق ئاي نۇرىدا يالت - يۇلت قىلىپ كۆز چاقاتتى.

قورقۇپ پۇت - قولىدا ماغدۇر قالمىغان قادىر:

— كېتىمەن، مەن كېتەي، — دېدى ۋە پىچاقنىڭ يەنە غىلاپىغا كىرىپ كېتىشىنى كۆزىتىپ تۇرۇپ سورىدى، — لېكىن بۇ چۆلدىن چىقىپ كېتىشنى بىلمەيمەن ئەمەسمۇ؟

جاۋاب تېخىمۇ قىسقا بولدى:

— تۇر ئورنىڭدىن، مەن ئەپچىقىپ قويىمەن!

قادىر ئورنىدىن تۇردى. ئۇ تېخىچە دىرىلدەپ تىترەيتتى. ۋۇجۇدى تېخىمۇ مۇز-لاپ كېتىۋاتاتتى.

— مېنىڭ يەنە بىر ھەمراھىم بار ئىدى... — دۇدۇقلىدى ئۇ، — بىز بىللە چىقىپ كەتمەكچى ئىدۇق...

— سەن ئاۋۋال مەن بىلەن ماڭ! — ناتونۇش كىشى پەس ئاۋازدا سۆزلەۋاتقان بول-سىمۇ غەزەبتىن چىشلىرى كاسىلدايتتى، — سەنلا ۋەدە بەرسەڭ، بۇ يۇرتقا يەنە كەلمەس-لىككە قەسەم ئىچسەڭ، ھەمراھىڭنىمۇ تېپىپ بېرىمەن، سەنلەر ئىزدەيدىغان غايىب شەھەر-گىمۇ ئاپىرىپ قويىمەن...

— مەن ۋەدە بېرىمەن، قەسەممۇ قىلاي، شۇ ھەمراھىم بىلەن بىللە يولغا سالغان بولسىڭىز ...

— ھۇ شەيتاننىڭ نەسلى، — ناتونۇش كىشى بۇ قېتىم شارتتىدە پىچىقىنى كۆتۈر-دى، — سەن شۇنى باھانە قىلىپ كەتمەسلىكنى ئويلاۋاتامسەن - ھە؟

ناتونۇش كىشى راستىنلا پىچاق سالامتى ياكى قورقۇتۇۋاتامتى، بۇمۇ مەلۇم ئەمەس ئىدى. دەل شۇ چاغدا مۆجىزە يۈز بەرگەندەك:

— تۇرسۇن دېۋە، قولۇڭنى تارت! — دېگەن بۇيرۇق ئاڭلاندى.

ئىككىيلەن چۆچۈپ كەتتى ۋە بۇرۇلۇپ ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە قاراشتى. ئۇلاردىن



ئىككى ـ ئۈچ قەدەم نېرىدا تۇرسۇنئاي تۇراتتى. تۇرسۇن دىۋە دەپ ئاتالغان غەزەبلىك كىشىنىڭ پىچاق كۆتۈرگەن قولى سالپىيىپ پەسكە چۈشتى. ئەمما ئۇ پىچاقنى غىلاپقا سالمىدى.

— مۇقەددەس چوڭ ئانىمىزنىڭ كۆز ياشلىرىدىن بىنا بولغان كۆلنىڭ بويىدا خۇدا يەتكۈزگەن مېھمىنىمىنىڭ قېنىنى تۆكمەكچىمۇسەن! — دېدى قىز يەنە بىر قەدەم ئالدىغا كېلىپ، — سەن پۈتۈن يۇرتىمىزنىڭ قۇمغا كۆمۈلۈپ كېتىشىنى، ئادەملەرنى يەر يۇتۇپ كېتىشىنى خالامسەن؟

— خېنىم ماڭا ئىچلىرى ئاغرىسۇن، — تۇرسۇن دىۋە بوتىلاقتەك ھۆركىرەپ يىغلاپ، ئۆزىنى تۇرسۇنئاينىڭ ئايىغىغا گۈپپىدە تاشلىۋەتتى. پىچاق ئۇنىڭ قولىدىن چۈشۈپ كەتتى، — بۇ كەلداخۇن سىلىنى ئالمايدۇ، ئۇلار غايىب خەزىنە ئىزدەيدىغان ئالۋاستىلار، تېخى ھازىرلا ئۇ ماڭا ھەمراھىنى تېپىپ بەرسەم، غايىب خەزىنە كۆمۈكلۈك شەھەرنى كۆرسىتىپ قويسام بۇ يەردىن كېتىشكە ۋەدە بەرگەن...

تۇرسۇن دىۋە بېشىدىكى تۇمىقىنى ئېلىۋېتىپ، ئۆسكىلەڭ چاچلىرى ئۇستىگە قۇم چېچىپ، يۈزىنى يەرگە ئۇرۇپ شۇنداق پەرياد ئۇرۇپ يىغلىدىكى، قادىرنىڭ ئۆز بېشىدىكى تەشۋىشى بىر ياقتا قېلىپ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ قالدى. ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن ئۆزىنى نېمىشقا ئۆچ كۆرىدىغانلىقىنى، نەچچە كۈنلەردىن بۇيان نېمىشقا تەقىپ قىلىپ يۈرگىنىنىمۇ چۈشىنىپ قالدى. بىراق، تۇرسۇنئاينىڭ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىمىدى.

— مەن ساڭا تەگمەيمەن تۇرسۇن دىۋە. ساڭا بۇنى بۇرۇن ئىككى قېتىم ئېيتتىم، بۈگۈن ئۈچىنچى قېتىم يەنە دەپ قوياي: ساڭا تەگمەيمەن...

— خېنىم، ئوبدان خېنىم، ماڭا ئىچلىرى ئاغرىسۇن... مەن تىرىك تۇرۇپ دوزاخ ئازابىنى تارتىۋاتقىنىمغا ئىككى يىل بولدى، مەن بۇ ئوتتا كۆيۈپ ئۆلىمەن، ماقۇل دېسىلە خېنىم...

— ياق، — يەنە رەت قىلدى قىز، — خۇدايىم ئىككىمىزنىڭ يولتۇزىنى بىر ـ بىرىگە ئۇدۇل ياراتماپتىكەن. سەن خوتۇن ئالغان ئادەمسەن، خوتۇنۇڭ ئۆلگىنىنى بىلەن مەن بەرىبىر ئۇنىڭ ئەرۋاھى ئالدىدا تۇقال بولۇپ قالىمەن. قىيامەتتە ھەممە ئەر ـ خوتۇنلار جەم بولغاندا مەن سېنىڭ ئۇ خوتۇنۇڭنىڭ كەينىدە تۇرامدىمەن، يېنىدا تۇرامدىمەن...

— مەن ئۇنىڭ ئەرۋاھىنى تالاق قىلىۋېتەي خېنىم، — تۇرسۇن دىۋە قىزنىڭ يالاڭ ـ غىداق پۇتلىرىغا يۈزىنى سۈركەپ يىغلاپ كەتتى، — ئۇنىڭ ئەرۋاھىمۇ ئۈچ تالاق، ئۈچيۈز تالاق...

— بولمايدۇ، مەن خۇدا يەتكۈزگەن ئاشۇ يىگىتكە تېگىمەن، — ئۇ قادىرنى كۆرسەتتى، — ئادەم، ئۇچار قانات تۇڭگۇل جىن ـ شاياتۇنىمۇ ئاياغ باسمايدىغان چۆلگە تەڭرىم ئۇنى مەن ئۈچۈن ئەكىلىپ قويغىنىنى بىر كۆرۈپلا كۆڭلۈم تۇيغانىدى. سەن قايتىپ كەت!

— خېنىم... — تۇرسۇن دىۋە سۆزلىيەلمەي ھوشىدىن كەتتى.

تۇرسۇنئاي ھەيرانۇ ـ ھەسلىكتىن قېتىپ قالغان قادىرنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭ قولىنى تۇتتى. قىزنىڭ قولى ئىسسىق، يىرىك بولسىمۇ يېقىملىق تۇيۇلاتتى. ئۇ تېخىچە ئۆزىنى

www.uyghurkitap.com



قولىغا ئالالمايۋاتقان قادىرغا باياتىنقىغا زادىلا ئوخشىمايدىغان سىپايە، مۇلايىم ئاۋاز بىلەن:
— يۇرسىلە، نېرى كېتەيلى، — دېدى.

قادىر ئۈنچىقارماي بويسۇندى. بايا تۇرسۇن دىۋە قىسىپ تۇتقان بېغىشنى ئەمدى قىز تۇتۇپ ماڭاتتى. ئۇلار تۇرسۇن دىۋىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىشتى. قادىر ئۆزىنى شۇنچە قورقۇتقان ۋە ھەتتا ئۆلۈم خەۋپى سالغان بۇ كىشىگە كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قارىدى. تۇرسۇن دىۋە ئاغزىدىن ئاققان شۆلگەيلىرى لاي قىلىۋەتكەن قۇمغا ئۇتۇق مەڭزىنى يېقىپ، ئىككى قولىنى كېرىپ ياتاتتى. قادىر قىزنىڭ ئۆزىنى يەنە بىر قېتىم ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرغانلىقىغا شەكسىز ئىشەندى.

ئۇلار يېرىم سائەتچە مېڭىشتى. قىز تېخىچە قادىرنىڭ قولىنى تۇتۇپ ماڭماقتا ئىدى. بايىقى كۆل ئارقىدا قالدى. ئۇلار ئىككى قۇم دۆۋىسىدىن ئۆتكەندە كۆز ئالدىدا يەنە بىر كۆل پەيدا بولدى. قادىر باياتىن جان قايغۇسىدا قالغانلىقتىن ئۇ كۆلنى تازا كۆزىتەلمىگەنىدى. ماۋۇ كۆلنىڭ دائىرىسى يېرىم مودىن جىقراق، سوقۇچاقىراق بولۇپ، سۇ يۈزى تېپتىنچ ئىدى.

— ئولتۇرايلى، — تەكلىپ قىلدى قىز ۋە ئاۋۋال ئۆزى قۇم قىرغاقىقا ئولتۇردى، — بىزنىڭ يۇرتتا يەتتە كۆل بار، ئۇ يۇرتىمىزنى ئوراپ تۇرىدۇ. بۇ مۇقەددەس چوڭ ئانىمىزنىڭ مۆجىزاتلىرى. شۇڭا بىز كۆللەرنى جېنىمىز بىلەن تەڭ كۆرىمىز. ئۇنىڭ سۈيى ئازلاپ قالمايدۇ، تېشىپمۇ كەتمەيدۇ. شۇنداق بولسىمۇ بىز سۇنى ئاياپ، قەدىرلەپ ئىشلىتىمىز. سۇ پاسكىنا بولمىسۇن دەپ كۆلنىڭ ئەتراپىدا مال باقمايمىز. سىلەرنىڭ يۇرتىڭىزمۇ شۇنداق چىرايلىق يەتتە كۆل بارمۇ؟

قادىر كۆلنىڭ ئىككىسىنى كۆرگەن، قالغان بەشىنى كۆرمىگەن بولسىمۇ يەتتە كۆل بارلىقىغا ئىشەندى. ئەمما، ئۇ قىزنىڭ سوئالىغا نېمىدەپ جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەي قالدى. ئۇنىڭ يۇرتىدا بۇنداق پارچە - پۇرات كۆل ئەمەس، تاشقىنلاپ ئاقىدىغان دەريالار بارلىقىنى قانداقمۇ ئېيتالىسۇن؟ ئۇ يەردىكى كىشىلەر بىلەن بۇ يۇرتتىكىلەرنىڭ تۇرمۇشىدىكى ئاسمان - زېمىنچە پەرقنى قانداق سېلىشتۇرالىسۇن؟ سۇنى ئاياپ، قەدىرلەپ يۈزىنى، قولىنى يۇمايدىغان، تاھارەتنىمۇ توپىدا ئالىدىغان، قۇمغا كۆمۈلۈپ يۇيۇنىدىغان بۇ كىشىلەر ئۇ يەردىكىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى قانداقمۇ كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلىسۇن!

— مېنى ئەمىرلىرىڭگە ئالسىلا، — دېدى قىز تۇساتتىن كۆل توغرىسىدىكى سۆزىنى يۆتكەپ تىترىگەن ئاۋازدا، — باياتىن ھەممە گەپنى ئاڭلىدىلا. مەن سىلىنى قۇملۇقتا ھوشسىز ياتقان يەرلىرىدە كۆرۈپلا كۆيۈپ قالغاندىم... بۇنى يەنە يوشۇرۇۋەرمەي...

قادىر باياتىن ھەممە گەپنى ئاڭلىغان، شۇندىن ئىلگىرىمۇ ئۇ قىزنىڭ سىرلىق قاراشلىرىنى، ئۆزگىچە مۇئامىلىلىرىنى كۆرگەنىدى. لېكىن قادىرغا قىزنىڭ ھازىرقى تەكلىپى بەك تاسادىپ سېزىلىپ گەپ قىلالماي قالدى. قىز ئۇنىڭغا تېخىمۇ يېقىن ئولتۇرۇپ، ئەتراپتا ھېچكىم بولمىسىمۇ ئۇنىڭ قۇلىقىغا پەس ئاۋاز بىلەن:

— باياتىنقى ئىش يۈز بەرمىگەن بولسا ئالدىرىمايراق ئۇقتۇرماقچىدىم. قېلىن قىز

ئىكەن دەپ قالمايدىغانلا؟ ــ دەپ پىچىرلىدى، ــ كۆيۈك كىشىنى نېمە سەۋداغا سالمايدۇ؟ نېمىشقا گەپ قىلمايلا، مېنى ئالاملا؟

قادىر يەنىلا جاۋاب بېرەلمەيتتى. ئۇنىڭ قۇلىقىدا قىزنىڭ ئىسسىق، مەست قىلىدىغان نەپىسى سېزىلەتتى. قىز قېلىن جۇۋا ئىچىدە بولسىمۇ ئۇنىڭ بەدىنىدىكى قىزلىق ھارارەت قادىرنىڭ تېنىگە چىداپ بولمايدىغان ئالىقاندىداق شېرىن سېزىملەرنى ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. قىز تېخىچە قويۇپ بەرمىگەن بارماقلىرى بىلىنەرلىك تىترەيتتى.

ئۇ قىزنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرەلەيدىغان كۈچى، ئىمكانىيىتى يوقلۇقىنى سەزمەكتە ئىدى. ئۇ بۇ يۇرتتىكىلەرگە، ھەممىدىن ئاۋۋال تۇرسۇنئايغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشكە تەييار ئىدى. ئەمما... بۇ يەردە ئۆيلۈك بولۇپ تۇرۇپ قېلىش...

ــ كۆيۈك ئوتىنى خۇداۋەندە كېرىم ئۆزى ياقارمىش.ــ قىز يەنىلا ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىماقتا ئىدى. قىزنىڭ لېۋى ئىككى ـ ئۈچ قېتىم ئۇنىڭ قۇلىقىغا تېگىپ كەتكەندە ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى سىمابتەك ئېرىپ كەتتى، بۇنى ئاز دەپ قىزنىڭ مەڭزىمۇ ئۇنىڭ يۈزىگە سەل ـ پەل سۈركەلدى، ــ مەن سىلىگە ئۆمۈرۋايەت خىزمەت قىلىدىغان ئىنسابلىق خوتۇن بولىمەن...

قادىر زادىلا چىداپ تۇرالمىدى. ئۇ ئۆزىدە بۇرۇن زادى بولۇپ باقمىغان ئاجايىپ بىر تۇيغۇنى سېزىپ يىگىتلىك كۈچىگە تاياندى ـ دە، قىزنى جۇۋىسى ئۈستىدىنلا قۇچاقلاپ ئۇنىڭ ئېلىپ قېچىشقا ئۈلگۈرەلمىگەن، تېخى يېمەك ـ ئىچمەكتىن باشقا نەرسە يولاپ باقمىغان لەۋلىرىگە سۆيدى. ئەمما، قىز بىرلا يۇلقۇنۇپ بوشاندى ۋە شارتتىدە ئورنىدىن تۇرۇپ، خېلىلا قوپاللىق بىلەن:

ــ نېمە قىلغانلىرى بۇ؟ گۇناھ بولمامدۇ؟ ــ دېدى.

قادىر ھېسسىياتقا بېرىلىپ ھەرىكەتتە ئاشۇرۇۋەتكەنلىكىنى تۇيدى. شۇنىڭ بىلەن سۆيۈشنىڭ راھىتىمۇ بىلىنمەي قالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ گۇناھ ئۆتكۈزگەنلىكىگە ئىقرار قىلدى. چۈنكى، ئۇ تۇرسۇنئاينىڭ سوئاللىرىغا تېخى جاۋاب بەرمىگەنىدى. ئىزا ـ ئەلەم ئۇنىڭ مەڭزىنى قىزىتىپ تېنىنى بوشاشتۇردى. ئۇ ئەيىبدارلارچە بېشىنى تا يەرگە تەگكىچە ئەگدى. كەچتە يەنە قىزنىڭ ئۆيىگە بېرىپ تونەيدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ قولىدىن غىزا يەيدىغانلىقىنى، سوئال سورىسا جاۋاب بېرىشكە توغرا كېلىدىغانلىقىنى ئويلىغىنىدا يەرگە كىرىپ كەتكۈسى كېلىۋاتاتتى.

قىز ئولتۇردى. ئەمدى ئۇ قادىردىن بىر جەينەكچە نېرىدا ئولتۇردى. ئۇنىڭ قولىدىن ئۆتىدىغان ھارارەت ئۈزۈلدى. قوي يېغى، تېرە ۋە توغراق يىلىمىنىڭ پۇرىقىنى بېسىپ چۈشىدىغان قىزلىق پۇرىقى يىراقلىدى.

ــ سىلىنىڭ خوتۇنلىرى بارمۇ؟ ــ سورىدى قىز تېخىچە بېشىنى كۆتۈرمەي ئولتۇرغان قادىردىن.

ــ ياق، مەن تېخى ئۆيلەنمىگەن! ــ قادىر بۇ قېتىم تېز جاۋاب بەردى. لېكىن يەنىلا بېشىنى كۆتۈرمىدى.

قىز ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى ئىچكى تۇيغۇلىرىنى چۈشەنگەندەك بولدى. ئۆزىنىڭمۇ سەل

ئالدىراپ قوپاللىق قىلغىنىغا ئۆكۈنگەندەك يېقىنراق سۈرۈلۈپ ئولتۇرۇپ:

— خاپا بولمىسىلا، ئىككاھىمىز بولغاندا ... — دېدى ۋە ئىزا تارتىشىنى قويۇپ سوردى، — مېنى راست ئاللا ـ ھە؟

— بۇنى ... نېمە دېسەم بولار؟ — دېدى قادىر سەل ئويلىنىپ، — مەيلى، تەگسىلىرىلا ئالاي، — ئۇ قەتئىي نىيەتكە كېلىپ ئېنىق ئېيتتى، — مەن بىلەن كېتەملا؟

خۇشاللىقىدىن كۈلۈپ كېتەي دەۋاتقان قىز قادىرنىڭ سوئالىدىن كېيىن مەڭدەپ قالغاندەك بولۇپ قايتۇرۇپ سوردى:

— نەگە، سىلىنىڭ يۇرتلىرىغىمۇ؟

— ھەئە.

قىز بىر ئاز جىم ئولتۇرۇپ ئاندىن پەس ئاۋاز بىلەن:

— سىلىنىڭ يۇرتتا مۇشۇنداق مۆجىزىلىك يەتتە كۆل بارمۇ؟ — دەپ سوردى.

— بار، بار ... — ئالدىراپ جاۋاب بەردى قادىر بېشىنى شارتتىدە كۆتۈرۈپ، — بىزنىڭ يۇرتلاردا كۆلدىن تولا نېمە يوق. شارقىراپ ئاقىدىغان دەريالار، بۇلدۇقلاپ قايناپ تۇرىدىغان سۈزۈك بۇلاقلار، قىش، ياز سۈيى ئۈزۈلمەيدىغان ئېرىق، ئۆستەڭلەر بار. ئۆيلەرنىڭ ئىچىگىمۇ جۈمەك ئورنىتىلغان، ئۇنى بۇرىسىلا سۈزۈك سۇ چۈشىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى مۆجىزە دېسىلە ...

قىز سەل پەسكويغا چۈشۈپ يەنە سوردى:

— مۇشۇنداق چىرايلىق، جىمجىت كېچىلىرى بولامدۇ؟ توغراقلىرى بىزنىڭ يۇرتتىكىدەك ئىنچىكە، تۈز ئۆسەمدۇ؟

قادىر چۆلدە يۈرۈشكە باشلىغاندىن بېرى يۇرتىنى بەكمۇ سېغىنغانىدى. بۇ يەردە ئۆز يۇرتىنى تەرىپلەشكە توغرا كەلگەنلىكى ئۈچۈن ھاياجانلىنىپ كېتىپ راستىنى ئېيتتى:

— بىزنىڭ يۇرتنىڭ كېچىلىرى بەك چىرايلىق بولىدۇ. كۆپكۈندۈزگە ئوخشايدۇ. ئۆيلەردىمۇ، يوللاردىمۇ چىراغلار ياندۇرۇپ قويۇلىدۇ. ئۇ چىراغلار ئىس، بۇس چىقارمايدۇ. ئاشۇنداق چىراغ ياندۇرىدىغان نەرسىنى توك دەيمىز. توك بىلەن ئۆي ئىچىدە ئولتۇرۇپ تېلېۋىزور كۆرىمىز. تېلېۋىزوردا ئويۇنلار كۆرسىتىلىدۇ ... باغلاردا ئېسىل پۇراق چېچىپ تۇرىدىغان ھەر خىل، ھەر تۈرلۈك گۈللەر، قىشتىمۇ، يازدىمۇ ياشىرىپ تۇرىدىغان قارىغاي، ئارچىلار بولىدۇ. كەچلىرى زېرىككەندەك كىنو كۆرىمىز. كىنو دېگەن تېلېۋىزورغا ئوخشاپراق كېتىدۇ ...

— جادىگەرلەرنىڭ يۇرتى ئىكەن ئۇ ئەمىسە، — دېدى قىز گەپنى بۆلۈپ. بۇ سۆزنى قادىرغا تېگىپ كەتمىسۇن دەپ تولۇقلاپ قويىدى، — سىلىدەك يىگىتلەرنىمۇ ئاشۇ جادىگەرلەر مەپتۇن قىلىۋاپتۇ. خۇدايىم كېچىنى قاراڭغۇ، كۈندۈزنى يورۇق ياراتسا، كېچىنىمۇ يورۇق قىلىمەن دېگەنلىك جادىگەرلىك ئەمەسمۇ؟ سۇ دېگەننى ئەجىر قىلىپ سىرتتىن ئەكىرمەي ئۆينىڭ ئىچىگە سۇ چۈشىدىغان بىر نېمىلەرنى ئورنىتىۋالسا، ئۆيدىن چىقماي ئويۇن كۆرىدىغان نەرسىلەرنى ياسىۋالسا بۇ جادىگەرلىك بولماي نېمە؟

قادىرنىڭ ئۈمىدى ئۆچتى. تۇرسۇنئاينىڭ ھەۋەس قىلىشقا تېگىشلىك نەرسىلەرنى

ئەيىبلىشى ئۇنىڭ رادىئو، ماشىنا، پويىز ۋە ئايروپىلانلار ھەققىدە سۆزلەپ بېرىش ئويىنىمۇ كۆپۈككە ئايلاندۇردى.

ــ سىلەرنىڭ يۇرتتا ئادەم جىققمۇ، يامغۇر ياغسا ئادەمنىڭ جىققلىقىدىن زېمىنگە يامغۇر چۈشمەمدۇ؟ ــ دەپ سورىدى قىز يەنە.

قادىر بۇتپەرەس پادىشاھ ھەققىدىكى رىۋايەتنى يادىغا كەلتۈردى. بۇ يەردىكىلەرنىڭ ئېڭىدا پەقەت شۇ بىرلا ۋەقە ۋە ئۆز يۇرتىنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى تەسەۋۋۇردىن باشقا نەرسە يوقلۇقىغا يەنە بىر قېتىم ئىشەندى.

ــ راست ئادەم جىق، ــ دېدى ئۇ، ــ ئەمما يامغۇر ياغسا ئادەملەر دالدا يەرلەرگە قاچىدۇ. بەزىدە يامغۇر سۈيى يوللاردا ئېرىق بولۇپ ئاقىدۇ.

ــ يامغۇر ئەمەس خۇدانىڭ غەزىپى ياغىدىكەن ئەمىسە. ــ دېدى قىز بۇنىمۇ ئۆز ئېڭىغا بويسۇندۇرۇپ چۈشەندۈرۈپ ۋە يەنە سورىدى، ــ ئادەملەر بىر بىرىنى ئۆلتۈرۈۋېتەمدۇ؟ بىر ـ بىرىنىڭ نەرسىلىرىنى ئوغرىلامدۇ؟ غەيۋەت ـ شىكايەت قىلامدۇ؟ ھاراق ـ شاراب ئىچىش، قىمار ئويناش بىلەن شۇغۇللىنامدۇ؟

. بۇ سوئاللار قادىرنىڭ يۇرتىنىڭ ئىناۋىتىنى يەرگە ئۇراتتى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ قىزنىڭ تەلىپىنى قاندۇردى:

ــ شۇنداق قىلىدۇ، ھەمىشە، ھەممە ئادەم قىلىپ يۈرمىسىمۇ ئادەم ئۆلتۈرۈۋېتىدىغان قاتىللار، خەقنىڭ نەرسىسىنى ئېلىۋالىدىغان ئوغرىلار، ھاراقكەشلەر، قىمارۋازلار چىقىپ تۇرىدۇ. بۇنداقلارنى ھۆكۈمەت تۇتۇپ جازالايدۇ. غەيۋەت ـ شىكايەتكە كەلسەك، بۇنىڭغا قاتناشمايدىغان ئادەملەر يوق دېيەرلىك.

ــ مانا ـ مانا ... ــ قىز چوڭ ئاساسقا ئىگە بولغاندەك قەددىنى بىر كۆتۈرۈۋالدى، ــ ھەممەيلەن جادىگەر بولمىسىمۇ جادىگەرلەر مەپتۇن قىلىۋالغان ئادەملەر كۆپ ئىكەن. بىزنىڭ يۇرتقا جادىگەر يېقىن يولىيالمايدۇ، چوڭ بوۋام ھەممەيلەننى كۈندە بەش ۋاق نامازغا چاقىرىپ تۇرىدۇ. جادىگەر ئەزەن ئاۋازىدىن قورقىدۇ...

قادىر بوۋاينىڭ سۈرە پاتىھە بىلەن سۈرە ئىخلاستىن باشقا سۈرە ـ ئايەتلەرنى بىلمەيدىغانلىقىغا ئاللىبۇرۇن دىققەت قىلغانىدى. تۇرسۇنئاينىڭ چوڭ بوۋىسىنىڭ نامازخانلىقىنى پەش قىلغىنىغا ئۇ كارى بولمىسىمۇ بولاتتى. ئەمما، بۇنىمۇ دەۋەتكۈسى كەلدى.

ــ بىز تەرەپلەردە ھەممە كوچىلاردا دېگۈدەك چوڭ مەسچىتلەر بار. بۇلۇت سۆيۈپ تۇرىدىغان ئېگىز مۇنارلاردا مەزىنلەر كۈنىگە بەش قېتىم ئەزەن ئېيتىپ تۇرىدۇ...

ــ لېكىن ئادەملىرىڭلارنىڭ كۆپىنىڭ ئېتىقادى بولغىنىپ كەتكەن، ــ قارشى چىقتى قىز، ــ چىن ئېتىقاد بىلەن، رەسمىي ئىخلاس بىلەن ناماز ئوقۇمىسا يۇرتقا بەربىر جادىگەر كېلىۋالىدۇ. ئۆزلىرى دېدىلىغۇ ئەنە! مانا، بىزنىڭ يۇرتتا خۇدا ئەۋەتكەن ئەزرائىلدىن باشقا بەندە بىر ـ بىرىنى ئۆلتۈرمەيدۇ، ھەممەيلەننىڭ مال ـ ۋاران، نەرسە ـ كېرەكلىرى تالا ـ تۈزدە تۇرىدۇ، بىرسىنىڭكىنى يەنە بىرسى ئېلىۋالمايدۇ. ھېچكىم ئىشىككە دەم، تاقاق سالمايدۇ. يوقلار ئوغرىلىماي بارلاردىن سورايدۇ. ھاراق ـ شاراب دېگەن نەرسىنى ياسىمايدۇ، شۇڭا ئىچىدىغان ئادەممۇ يوق. ئۇتتۇرىدىغان ـ ئۇتتۇرىدىغان نەرسىگە ھېچكىم ھەۋەس

www.uyghurkitap.com

قىلمىغاچ قىمارمۇ يوق. بىر ـ بىرىگە ئۇرا كولاش، كۆرەلمەسلىك، غەيۋەت ـ شىكايەت قىلىش دېگەننىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدۇ...

— شۇنداق ئىكەن، — دېدى قادىر ئۆزىنىڭمۇ شۇنچە سۆزلەرگە بىرەر ئىنكاس قايتۇرۇشى زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىپ.

— خوش، بىزنىڭكىدەك مۇشۇنداق پاك، ئوبدان يۇرت يەنە نەدە بار؟

قىزنىڭ غۇرۇرى، پەخىرلىنىشى چېكىگە يەتكەنىدى. قادىرمۇ ئۇنىڭغا قوشۇلدى:

— ھەقىقەتەن يېگانە، ئوبدان يۇرت ئىكەن.

— مېنى ئەمىرلىرىگە ئېلىپ ئەپكېتىمەن دېمەي... مۇشۇ يەردە قالسىلا، — دېدى قىز ئەركىلىگەندەك قىلىق بىلەن قادىرغا سەل يېقىنلىشىپ. بىراق، ئۇ بايىقى تەجرىبىسىگە ئاساسەن بەك سۈركىلىشتىن ئۆزىنى تارتتى، — چوڭ بوۋامنىڭ كاتتا ئۆيى بىزگە قالدۇ. باشقا ئۆي تۇتىمىز دېسەك، ئەھلى ـ مەھەللىگە خەۋەر قىلساقلا بىرنەچچە كۈن ئىچىدە ئاشۇنداق ئوبدان ئۆي سېلىشىپ بېرىدۇ. سۇۋىقىنى بىز ياش بولغاندىكىن تۇجۇپىلەپ، لېيىغا جىقراق يۇڭ ئارىلاشتۇرۇپ يېرىلمايدىغان قىلىپ سۇۋىۋالىمىز... مېنىڭ مۇقەددەس زىرەم ۋە چاچتەڭگىلىرىم بار، بىز بەختلىك بولىمىز... — قىز بارغانسېرى قىزىپ، ئەزۋەيلەپ كەتتى، — تويلۇقتىن غەم قىلمىسىلىمۇ بولىدۇ. سىلىگە تۇرسۇنئاخۇن دادام بەش ـ ئون قوي، بىر ـ ئىككى تۆگە ئۆتنە بېرىدۇ. تويىمىزدىن كېيىن مېنىڭ ھېسابىمدىن شۇنچىلىك ساندىكى قوي ۋە تۆگىنى قايتۇرۇپ بېرىمىز. ئۇمۇ، بىزمۇ چىقىمدار بولمايمىز...

— سىلە مەن بىلەن كەتسىلە بولمامدۇ؟ — ئوڭايسىزلانغان قادىر يەنە شۇ قېيىن شەرتنى ئوتتۇرىغا قويدى.

— چۈشەندۈرەلمىدىم؟ — قىز جانلىنىپ تەكرارلىدى، — سىلىنىڭ يۇرتىنىڭ ئادەملىرى گۇناھقا پاتقان، ھەممە نەرسىگە جادىگەرلىك ئارىلىشىپ كەتكەن تۇرسا، ئۇ يەردە تۇرۇش سىلىگىمۇ راۋا ئەمەس... ئادەم گۇناھ ـ كەبىرسىز جان تەسلىم قىلسا بۇ دۇنيالىقمۇ، ئۇ دۇنيالىقمۇ ياخشى بولىدۇ ئەمەسمۇ؟

— مېنىڭ قېرىپ ئىگىسىز قالغان ئانام بار ئىدى، — تولىمۇ قىينىلىپ تۇرۇپ ئۆتكىلى بولمايدىغان يەنە بىر توسۇقنى چىقاردى قادىر، — مەن ئۇنىڭ قېپقالغان بىردىنبىر يۆلەنچۈكى...

— سىلەرنىڭ يۇرتتا ئىگە ـ چاقىسىز قېرى كىشىلەرنى ئەھلى ـ مەھەللە يۆلىمەمدۇ؟

— يۆلەشنىغۇ يۆلەيدۇ. شۇنداقتىمۇ خەققە يۆلىنىپ ئۆتكۈزگەن كۈن دېگەننىڭ نېمە مەززىسى؟

— ئاكىلىرى بار ئىكەندۇق، ئۇ غايىپ بولۇپ كېتىپتۇ، ئەگەر سىلىمۇ بىرەر خېيىم ـ خەتەرگە ئۇچرىغان بولسىلا قانداق بولاتتى؟

قادىر قىزنىڭ دېمەكچى بولغىنىنى چۈشەندى. ئۇ چاغدا ئەلھۆكمىلىللا دەيتتۇق دېمەكچى ئىدى، بۇمۇ يەنە بىر باھانە بولۇپ بەرمىسۇن دەپ باشقىچىرەك ئېيتتى:

— خۇدايىم ساقلىدى. خۇدا سىلىنىڭ يوللىرىنى بىز تەرەپكە يوللاپ خېيىم ـ خەتەر يۈز بەرمىدى.

— ئاللانىڭ تەقدىرى، — دېدى قىز مىننەت قىلمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ، — تەڭرىم ئەسلى مېنى ياراتقاندا مۇشۇ يېشىمدا سىلىگە ئۇچرىشىدىغانلىقىمنى ۋە كۆيۈپ قالىدىغانلىقىمنى پېشانەمگە پۈتۈپتىكەن بولغاي ... — ئۇنىڭ ۋۇجۇدى ئاللىقانداق يېقىملىق سېزىملەرگە چۆمۈلۈپ، قادىرغا يېقىن سۈرۈلۈپ ئولتۇردى. يىگىتنىڭ ئىككى قولىنى ئېلىپ جۇۋىسىنىڭ ئۈستىدىن يۈرىكىنىڭ ئۇدۇلىغا قويدى ۋە پەس ئاۋازدا، — ئاڭلىنىۋاتامدۇ؟ — دەپ سورىدى.

قىزنىڭ يۈرىكىنىڭ دۈپۈلدىشى ئاڭلانمايتتى لېكىن، سېزىلەتتى. قادىر «ھەئە» ئىشارىسىگە باش لىڭشىتتى.

— باياتىن خاپا بولدىمۇ؟ — قىز تېخىمۇ يېقىن سۈرۈلدى.

قادىر ياق ئىشارىسىگە بېشىنى ئىرغىتتى. ئۇ ئەنسىزلىشىپ تىترەپ كېتىۋاتاتتى. قىز تىزلىرى بىلەن يەر سىيپىلاپ تېخىمۇ يېقىن كەلدى. ئەمدى ئۇ قادىرنىڭ قۇچىقىغا كىرىپ قالغانىدى.

— ئاشىق - مەشۇقلار نىكاھسىز سۆيۈشسە جېنى تېنىدىن چىقىپ كېتىدۇ، دەپ ئاڭلىغانىدىم، باياتىن قورقۇپ كەتكىنىم شۇنىڭدىن، — دېدى قىز پىچىرلاپ، ئۇنىڭ يۈزى قادىرغا شۇنچىلىك يېقىنلاشتىكى، يىگىت ئۇنىڭ بۇلاقتەك كۆزلىرىدىكى ياش پەردىسىنى ۋە ئۇنىڭدا ئەكس ئېتىۋاتقان ئاي نۇرىنى ئېنىق كۆردى، — كەلسىلە، يەنە سۆيسىلە، — دېدى قىز تېخىمۇ پەس ئاۋازدا، — ئەجەب بەلەن بولىدىكەن، كەلسىلە، بولمىسا مەن سۆيەي، خۇدا ئۆزى سالغان كۆيۈك بولغاندىكىن گۇناھ بولماس، كەلسىلە...

شۇ سېكۇنتنىڭ ئۆزىدە قىز بەلبېغىنى يېشىپ جۇۋىسىنىڭ پېشىنى قايرىدى. قىزنىڭ يالىڭاچ بەدىنى ئاي نۇرىدا مىستەك پارقىراپ تۇراتتى. ئۇ قادىرنىڭمۇ جۇۋىسىنىڭ پېشىنى قايرىپ ئۇنىڭ يالىڭاچ بەدىنىگە چاپلىشىپ، بويىنىغا گىرە سېلىپ سۆيۈشكە باشلىدى.

قادىرنىڭمۇ يىگىتلىك تۇيغۇسى يەنە غالىب كەلدى. ئۇ ئىككى قولىنى قىزنىڭ قولتۇقى ئاستىدىن ئۆتكۈزۈپ، قىزنىڭ ئومۇرتقاۋە تارغاق سۆڭەكلىرىنى غارسىلدىتىپ ئۆزىگە تارتتى. ئۇ ھاياتىدا ئۇچراتمىغان بىر خىل سېزىمغا ئەسىر بولغانىدى...

ئۇلار ئۆزلىرىدىن ئون نەچچە قەدەم نېرىدىكى بىر گەۋدىنى كۆرمەيتتى. ئۇ، ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن تۇرسۇنئاي بىلەن قادىرنى ئىزدەپ كەلگەن تۇرسۇن دىۋە ئىدى. تۇرسۇن دىۋە ئىككىيلەننىڭ قىلىشقان سۆزلىرىنى قالدۇرماي ئاڭلاپ ياتتى. سۆيۈشۈشلەرنى كۆردى ۋە ئازابقا چىدىماي يەرنى غاجاپ ئۈنسىز يىغلاشقا باشلىدى.

## راست مىڭ يىلمۇ

مەشرەپ تېخىچە داۋام قىلىۋاتاتتى. ئايدا - يىلدا بولۇپ قالىدىغان بۇنداق مەشرەپلەر ئادەتتە تاڭ ئاتقۇچە داۋام قىلاتتى.

مەجىدىن ئاللىقاچان زېرىككەنىدى. مەشرەپنىڭ ئۇزىراپ كېتىشى ۋە قوشاق بىلەن ئاھاڭنىڭ تەكرارلىنىۋېرىشى ئۇنىڭ كۆز، قۇلاقلىرىنى تويغۇزغانىدى. ئەگەر ئۇ ئۆزى

www.uyghurkitap.com

بۇلارغا قوشۇلۇپ ناخشا ئېيتالىغان، ئۇسسۇل ئوينىيالىغان بولسا، بەلكىم ئۇمۇ باشقىچە بىر خۇشاللىق ئالىمىنى كۆرگەن بولاتتىمىكىن؟ ئەمما ئۇ ئۇسسۇل ئوينىيالمايتتى، ناخشىمۇ ئېيتالمايتتى.

ئۇنى زېرىكتۇرگەن مۇھىم ئامىل پەقەت مۇشۇلا ئەمەس ئىدى. ئۇ بۇ يەرگە يات، بۇ يەردىكىلەر ئۇنىڭغا يات ئىدى. ئۇنىڭغا بىرەر ئايدىن بېرى قېرىنداشتەك بولۇپ قالغان قادىر كۆرۈنمەۋىدى، بۇ تۇيغۇ دەرھال ئەكس سادا قايتۇرۇپ تېشىغا تېپىپ چىقتى. قادىر ئۇنىڭ ئۈچۈن شەھەرنىڭ ۋە مەدەنىيەتلىك ھاياتنىڭ بەلگىسى ئىدى.

ئۇ قادىرنىڭ يوقلۇقىنى سېزىپ دائىرە بولۇپ تۇرغان كىشىلەرنى بىرمۇ بىر كۆزىتىپ چىقتى. لېكىن قادىر ھېچيەردە كۆرۈنمەيتتى.

«ئۇ تۇرسۇنئاي بىلەن بىللە!» دېدى ئۇ ۋە مەشرەپ سورۇنىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ مەسچىتنىڭ يېنىدىكى بىر كۆتەكتە ئولتۇردى. «تۇرسۇنئاي نەچچە كۈنلەردىن بۇيان ئۇنىڭغا كۆيۈپ ـ پىشقىنىنى ئۇقتۇرىدىغان پۇرسەت تاپالمايۋاتاتتى، ـــ دەپ ئويلىدى ئۇ كۈلۈپ قويۇپ، ـــ بۈگۈن تازا ياخشى پۇرسەت چىقتى ـ دە بۇ كاساپەتلەرگە ...»

ئۇ قادىر بىلەن تۇرسۇنئاينىڭ مۇناسىۋىتىنى ئۆزىگە پايدىلىق تەرەپكە بۇراپ مۇلاھىزە قىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭچە بولغاندا، مۇشۇ ئىشق ـ مۇھەببەتنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ قەدىمىي خارابىلىقنى تېپىۋېلىشقىمۇ ھەتتا چۆلدىن چىقىۋېلىشقىمۇ بولاتتى.

ئۇ ئاشۇنداق خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغاندا ئۇنىڭ ئالدىغا ئېگىز بويلۇق، كۆزىدىن باشقا ھەممە يېرىنى ساقال باسقان، تۇمشۇقىدىن تارتىپ جۇۋىسىنىڭ پېشىگىچە قۇم ـ توپا قاپلىنىپ كەتكەن بىر كىشى كەلدى. ئۇنىڭ لەۋلىرى قانىغان، بۇرۇن تۆشۈكىدىمۇ قان ئارىلاش قۇم بار ئىدى. بۇ كىشى تۇرسۇن دىۋە ئىدى.

مەجىددىن ئۇنىڭ تەلەتىدىن قورقۇپ لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

ـــ بىرنەچچە ئېغىز گەپ بار ئىدى، ـــ دېدى تۇرسۇن دىۋە سىلىق سۆزلەشكە تىرىشىپ. مەجىددىن ئۇنىڭ توپا يېپىنىدەك لاي بولۇپ كەتكەن چىشلىرىنى كۆرۈپ تېخىمۇ قورقتى. ئۇنىڭ سۆزى سىلىق بولسىمۇ، چىرايىدىن سۈرلۈك ھالەت ئىپادىلىنىپ تۇراتتى، ـــ مەن بىلەن يۈرسىلە، دالدىراق يەردە سۆزلىشەيلى.

مەجىددىن قورقۇنچ ۋە ئەجەبلىنىش ئارىلاش بىر خىل تۇيغۇ ئىچىدە بۇ ناتونۇش كىشىنىڭ يېنىدا قاتارلىشىپ بىللە مېڭىشقا مەجبۇر بولدى.

ـــ سىلىنىڭ ھەمراھلىرى قېنى؟ ـــ دەپ گەپ باشلىدى ئۇ كىشى مەجىددىننى بىر توغراق ئاستىدا ئولتۇرغۇزۇپ.

ـــ تېخى ھازىر ئۇنى ئىزدەي دەۋاتاتتىم، ـــ دېدى مەجىددىن. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا تىترەك ئولاشتى ۋە تەقەززالىق بىلەن سۈرلۈك تەلەت بۇ كىشىگە قارىدى، ـــ سىلە كىم بولىلا، سىلە بىلىدىغاندەك تۇراملا نېمە؟

ـــ شۇنداق، مەن بىلىمەن، ـــ ئۇ ئۆزىنىڭ كىملىكىنى دېمىدى، ـــ ئۇلار مېنىڭ ئۆيۈمدە مەسلىھەت قىلىشىۋاتىدۇ ...

ـــ نېمىنى، نېمە توغرىلىق؟ ـــ ئەندىشىگە چۈشكەن مەجىددىن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. تۇرسۇن دىۋە ئۇنى شەرەت بىلەن ئاۋۋالقىدەك ئولتۇرغۇزۇپ بولۇپ ئۇنىنى پەس چىقىرىپ مۇنداق دېدى:

— سىلە ئاۋۋال مەن سورىغان سوئاللارغا توغرا جاۋاب بەرسىلە، ئاندىن شەرت قويىمەن، شەرتنى ئادا قىلىشقا قەسەم قىلىلا. شۇندىن كېيىن ئېيتىپ بېرىمەن.

مەجىددىن نېرى - بېرىسىنى سۈرۈشتۈرمەيلا ۋەدە بەردى.

— خۇدا گۇۋاھ، قەسەمگە يارايمەن!

— قادىر سىلىنىڭ نېمىلىرى، توغرىسىنى دېسىلە!

— ئەسلى ياللىۋالغان مەدىكارىم ئىدى. باشقا كۈن چۈشكەندىن كېيىن سەن - مەن دېمەي ئاكا - ئۇكىدەك ئۆتتۇشتۇق.

— مەن مەدىكارلىرىنى سىلىگە قوشۇپ بەرسەم، ئىزدىمەكچى بولغان غايىب خەزىنە بار شەھەرنى كۆرسىتىپ قويسام يەنە بۇ يەرلەرگە كېلىپ مېنى پاش قىلىشامىلا؟

ھاياجانلانغان مەجىددىن ئالمان - تالمان جاۋابقا ئېغىز ئاچتى.

— ئىللا - بىللا بۇ تەرەپلەرگە يولىمايمەن، خۇدا كۆرسەتمىسۇن ... — ئۇ گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتتى.

تۇرسۇن دىۋە شۇنداق دېسەم بولارمۇ - بولماسمۇ دېگەندەك بىر ئاز ئويلىنىۋېلىپ كېيىن جۈرئەتلىنىپ دېدى:

— مەن ئىشىكنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ ئۇلارنىڭ مەسلىھىتىنى ئاڭلىدىم. قادىر تۇرسۇن- ئايغا ئۆيلىنىدىغان، تۇرسۇنئاي ئۇنىڭغا غايىب خەزىنىنى تېپىپ بېرىدىغان بولدى. قادىر- نىڭ دېيىشىچە، سىلەرنىڭ يۇرتتا غايىب خەزىنىدىن ئېلىپ چىققان نەرسىلەرنى كۆپ پۇلغا ساتقىلى بولارمىش، بۇ راستمۇ؟

گەپنىڭ تۈگىمىگەنلىكىنى پەرەز قىلغان مەجىددىن ياق دېيەلمىدى.

— غايىب خەزىنە بار شەھەرنى چوڭئاخۇن بوۋاي، مەن، تۇرسۇنئاي ئۈچىمىزلا بىلىمىز. تۇرسۇنئاي قادىر بىلەن غايىب خەزىنىنى تېپىپ كېتىپ قالسىغۇ كارى چاغلىق ئىدى، لېكىن يۇرتىمىزنى قۇم بېسىپ كېتىدۇ. كۆللىرىمىز قۇرۇپ كېتىدۇ. سەۋەبىنى بىلەملا؟

مەجىددىن يەنە كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ ئولتۇرۇپ قالدى.

— سەۋەبى شۇكى، — گېپىم تەسىر قىلىۋاتامدۇ قانداق، دېگەندەك بىر ئىپادە بىلەن قاراپ قويۇپ داۋام قىلدى تۇرسۇن دىۋە، — تۇرسۇنئاينىڭ قولىقىدىكى زىرە بىلەن بويندىكى چاچتەڭگە يۇرتىمىزنىڭ ئاچقۇچى، مۇبارەك چوڭ ئانىمىزنىڭ تەۋەررۈكى، تۇرسۇنئاي ئۆلمەي تۇرۇپ زىرىنى قولىقىدىن، چاچتەڭگىنى بويندىن ئالمايدۇ. گېپىمگە چۈشەندىلىمۇ؟

مەجىددىن پەقەت باش ئىشارىسى ئارقىلىقلا جاۋاب بېرەلىدى.

— شۇڭا سىلە مەدىكارلىرىنى ئېلىپ چۆلدىن چىقىپ كەتسىلە، ئۇلار يوقلىپ كەتسە يۇرتداشلىرىمىز سىلىنى يا چالما كېسەك قىلىدۇ يا توغراق قوزۇقا ئولتۇرغۇزىدۇ. سىلەر- نى مەن غايىب خەزىنە بار ئەسكى شەھەرگە يەتكۈزۈپ قوياي، ئالدىغىنىڭلارنى ئېلىپ بۇ يەردىن كېتىڭلار، قايتا كېلىپ مېنى پاش قىلىپ قويساڭلار، مېنى پالاكەت باسىدۇ.

— نېمە دېسىلىرى مەن تەييار، — دېدى خۇش بولۇپ كەتكەن مەجىددىن. ھەتتا كۆزلىرىگىمۇ ياش كەلدى. تۇرسۇن دىۋە نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى ئېيتىپ بەردى.

مەجىددىن ئۇنىڭ تەلىپى بويىچە ھېچ كىمگە تىن چىقارمايدىغان بولدى ...

تۇرسۇن دىۋىنىڭ تاپىلىغىنى بويىچە مەجىددىن ئۇخلاش ئۈچۈن ياتتى. ئۇ ئەتە

ئۈچۈن كۈچ ساقلىشى كېرەك ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ ئۇيقۇسى كەلمىدى. غايىب خەزىنە دېيىلگەن خارابىلىقتا بۇنداق ئاسان ئېرىششنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى.

ئۇ ھاياجانلىناتتى، ئۇيانىدىن ـ بۇيانغا ئۆرۈلەتتى. تاڭغا يېقىن ئىشىك ئالدىدا قەدەم ئاۋازلىرى، پىچىرلىششلار ۋە ئۈنىنى چىقىرىپ سۆيۈشلەر ئاڭلاندى. «پۈتۈنلەي شەھەرچىسىگە مۇھەببەتلىششى، ـــ ئويلىدى مەجىددىن، ـــ بىر ئاخشامدىلا مۇھەببەت باغلاشنى مەدەنىيلەشتۈرۈپ بولۇپسىلەردە كاساپەتلەر!» دېگەندەكلا چاندۇرمىغاندەك بولۇپ ئالدىدا تۇرسۇنئاي، كەينىدىن قادىر كىرىپ كەلدى.

ئۇلار مەجىددىننى بىر ـ بىرىگە ئىما قىلىپ كۆرسىتىشىپ بىردەم كۇسۇلداشقاندىن كېيىن يېتىپ قېلىشتى.

بىردەمدىن كېيىن قىز ئۇخلاپ كەتتى. بۇنى ئۇنىڭ سۇس ئېڭىرىشى، ئارىلاپ ـ ئارىلاپ جۆيلۈشلىرىدىن بىلگىلى بولاتتى. شۇ چاغدا قادىر مەجىددىننى ئويغاتماقچى بولۇپ نوقىدى.

مەجىددىن ئۇخلىمىغانلىقىنى چاندۇرماي كۆزىنى ئاچتى. قادىر ئۇنى سىرتقا چىقىششقا ئىشارە قىلدى. مەجىددىننىڭ كۆڭلى گۇمان ۋە شەكلەرگە توشقان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ سىرتقا چىقتى. كونچىقىش ئۇپۇق خېلىلا ئاقىرىپ كەتكەنىدى، مەسچىت تەرەپتىن تېخىچە ناغرا ئاۋازى ئاڭلىناتتى.

ـــ تۇرسۇنئاي مېنى ئەمرىگە ئال دەپ تۇرۇۋالدى، قانداق قىلىمەن؟ ـــ دەپ گەپ ئاچتى قادىر ئۆيدىن 50 ـــ 60 غۇلاچچە يىراقلىقتىكى بىر بوشلۇققا بارغاندىن كېيىن.

مەجىددىن ئۇنىڭغا شەكلىنىپ قارىدى. قادىرنىڭ كۆز قاراشلىرىدا خۇپسەنلىك ئالامەتلىرى يوق ئىدى. شۇنداقتىمۇ، دەماللىققا ئىشىنىپ كېتەلمەي:

ـــ سىلەر كېچىچە نەدە يۈردۈڭلار؟ ـــ دەپ سورىدى.

ـــ كۆل بويىدا ئولتۇردۇق، ـــ دېدى تۈزلۈك بىلەن قادىر، ـــ ھە راست، بۇ يەردە يەتتە كۆل بارلىقى راست ئىكەن، مەن ئىككىسىنى كۆردۈم، تۇرسۇنئاي شۇ يەردە ماڭا ئاشۇنداق تەكلىپ قويىدى.

ـــ ماقۇل دېگەنسەن؟ ـــ كۆڭلى شۈبھىگە تولغان مەجىددىن نېمە دېيىشنى بىلەلمەي ۋاتاتتى. قادىرنىڭ چىراي ئىپادىسى، كۆز قاراشلىرى تەبىئىي بولۇپ ئادەمنى ئىشىنىشكە زورلايتتى.

ـــ ماقۇل دېدىم، ئەمما مەن بىلەن كەتسىلە دېدىم.

ـــ ماقۇل بولدىمۇ؟

ـــ ئۇنىمىدى. ئۇ مېنى مۇشۇ يەردە قال دەۋاتىدۇ.

ـــ كۆڭلۈڭدىكىنى ئېيتقىنا ئۇكا، ـــ دېدى ئەمدى قادىر تەرەپكە ئاغقان مەجىددىن كۆيۈمچانلىق بىلەن، ـــ كۆڭلۈڭ نېمىگە سوقىدۇ؟

ـــ مەن تۇرسۇنئاينى ياخشى كۆرۈپ قالدىم ئاكا، ـــ قادىر مەجىددىنگە بىچارىلەرچە تەلمۈرۈپ قارىدى، ـــ لېكىن، مەن بۇ چۆلدە قالالمايمەن، مەن مەدەنىيەتتىن مىڭ يىل كەينىگە يانالمايمەن... بۇنى ئۇنىڭغا چۈشەندۈرگىلى بولمايۋاتىدۇ، ئۇمۇ چۈشىنىشنى خالىمايۋاتىدۇ.

ــ قانداق قارارغا كەلدىڭ؟

ــ بىلمىدىم، سىز مەسلىھەت بېرىڭ.

مەجىددىن خېلى ئۇزاق ئويلاپمۇ ئەپلىك چارە تاپالمىدى. شۇڭا مەسلىھەت بېرىشتىن ئۆزىنى قاچۇرغاندەك ئىنتىك سورىدى:

ــ سىلەر كۆل بويىغا قانداق باردىڭلار؟

قادىر ۋەقەنى ئەينەن ئېيتىپ بەردى. ئۇ تۇرسۇن دىۋىنىڭ نەچچە كۈنلەردىن بېرى ئۆزىنى تەقىپ قىلىپ كېلىۋاتقانلىرىغىچە سۆزلەپ بەردى. مەجىددىنىنىڭ كۆڭلىدىكى گۇمان يېشىلدى.

ــ مەنمۇ ساڭا راستىنى ئېيتاي ئۇكام، ــ دېدى ئۇ ۋە ئۆزىنىڭ قانداق گۇمانلارغا كەلگەنلىكىنىمۇ، تۇرسۇن دىۋىنىڭ كۆرسەتكەن چارىسىنىمۇ دەۋەتتى. چۈنكى، بۇ چارە بويىچە قادىر رازى بولسا ئىش ئاسانلىشاتتى.

ــ تۇرسۇنئاينى ئېلىپ قاچساقچۇ؟ ــ سورىدى قادىر ساددىلىق بىلەن.

ــ ئۇنىڭ كۆيۈك دېگىنى بىزنىڭ سۆزىمىز بويىچە مۇھەببەت دېيىلىدۇ، قېنى، مۇھەببەتنىڭ كۈچىنى دەڭسەپباققىنا، ئۇنى ئېلىپ كېتەلىسەڭ، ئېلىپ قېچىشنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ. بىزنى چۆلدىن چىقىرىپ قويالايدىغان يەنە بىر نامزات دەل شۇ تۇرسۇنئاي. بەلكى بۇ قىز تۇرسۇن دىۋىدىن ئىشەنچلىك.

قادىر بېشىنى چايقىدى.

ــ مەن كېچىچە ئەڭ يۇقىرى تىرىشچانلىق كۆرسىتىپمۇ ئۇنى جاھالەتتىن مەدەنىيەتكە جەلپ قىلالمىدىم. ئۇ بىزنىڭ شەھەرنىڭ تۇرمۇشىنى مۇتلەق ئەقلىگە سىغدۇرالمىدى. مەن بىلەن كېتىشكە كۆنمەيۋاتىدۇ.

ــ ئۇنداقتا بىرلا يول بار...

ــ قايسى؟

بۇنىڭغا جاۋاب بېرىش مەجىددىن ئۈچۈن ئېغىر ئىدى. ئەگەر قادىر ئىككىلەنسە ياكى رەت قىلسا قادىرلا ئەمەس، مەجىددىنىڭ ئۆزىمۇ مۇشۇ چۆلدە ئەبەدىي قالاتتى.

ــ قايسى، دېمەمسىز؟

ــ بۇ ئىپتىدائىي مۇھەببەتتىن كەچ! قانداق؟

دەسلەپتە قادىرنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى. ئۇ، تۇرسۇنئايدىن كېچىش دېگەن سۆزنى ئەقلىگە سىغدۇرالمىغانىدى. بىردەمدىن كېيىن ئۇنىڭ كۆزلىرى بارا ـ بارا كىچىكلەپ بېشى پەسكە ساڭگىلىدى. پۇت ـ قولى ماغدۇرسىزلانغاندەك يەرگە ئولتۇرۇپ قالدى.

مەجىددىن قادىرنى ئالدىراتمىدى. يىگىت پۇختا ئويلىنىپ ئېنىق بىر قارارغا كېلىشى كېرەك ئىدى.

قادىر ئاخىر بېشىنى كۆتۈردى. ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى كۆيۈپ قارايغان مەڭزىلىرىدىن دومىلاپ چۈشمەكتە ئىدى. كېيىن ئۇ بىردىنلا يەرگە ئۆزىنى ئېتىپ، ئۆسۈپ كەتكەن چاچلىرىنى يۇلۇپ، يۇمشاق قۇمغا دوقۇلدىتىپ ئۇسۇپ يىغلاشقا باشلىدى.

ــ ئى خۇدا ... ــ ئېچىنىشلىق ۋارقىرىۋەتتى قادىر مۇشتۇمى بىلەن يەرگە كۈچىنىڭ بارىچە ئۇرۇپ، ــ ماڭا نېمە تارتقۇلۇق بۇ؟...

مەجىددىن كۈلۈپ قويدى. بۇ قادىرنىڭ بۇ يۇرتتىن، تۇرسۇنئايدىن كەچكەنلىكىنى بىلدۈرەتتى. ئۇ پەقەت ئەيىبنى خۇداغا ئارتىپ قويۇپ ئۆزى قۇتۇلماقچى ئىدى.

مەجىددىن ئۇنى يەنە بىرنەچچە مىنۇت ئۆز ھالىغا قويۇپ بېرىپ ئاندىن بېرىپ يۆلەپ قوپۇردى ۋە:

— ئەمدى چىدامىلىق بول ئۇكام، يەنە ئازلا چىدىساڭ بىز تۇرسۇن دىۋىنىڭ ھىمايىسىدە كۆزلىگىنىمىزگىمۇ ئېرىشىمىز، چۆلدىنمۇ قۇتۇلىمىز، — دېدى.

قادىر ئۈنسىز بويسۇندى. مەجىددىن ئۇنىڭ توپا بولۇپ كەتكەن يۈزىنى جۇۋىسىنىڭ كىر، قاتتىق يېڭى بىلەن سۈرتۈپ ئۆي تەرەپكە ئېلىپ كەتتى.

ئۇلار ئىشىك ئالدىدا چوڭ بوۋايغا ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇ مەشرەپنى تۈگەتكەندىن كېيىن بامدات نامىزىنى ئوقۇپ قايتقانىدى. ھېرىپ كەتكەنلىكتىن ئاران-ئاران دەسسەيتتى. ئۇ ئىككىيلەننى كۆرۈپ:

— ئەمدى ئۇخلاڭلار باللىرىم، قانغۇدەك ئۇخلاڭلار، — دېدى ۋە دەلدەڭشىپ مېڭىپ ئۆيگە كىردى. كېيىن تۇرسۇنئايغا ئېڭىشىپ بىر قاراپ قويۇپ سوزۇلۇپ ياتتى-دە، خورۇلداپ ئۇخلاپ كەتتى.

تۇرسۇن دىۋىنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە، مەجىددىن قادىرنى ئالداپ كۈنچىقىش تەرەپتىكى قاتار كەتكەن ئۈچ دۆڭنىڭ كەينىگە ئۆتكۈزۈشى كېرەك ئىدى. تۇرسۇن دىۋە ئۇ يەردە تۇرسۇنئاينىڭ ئۈچ تۆگىسىگە ئوزۇق-تۈلۈك، سۇ ۋە تۆگىلەرنىڭ يەم-خەشەكلىرىنى ئارتىپ، كۈتۈپ تۇرماقچى بولغانىدى. تۇرسۇن دىۋە مەجىددىنگە ئەگەر قادىر جاھىللىق قىلىپ تۇرۇۋالسا، زورلۇق بىلەن تۆگىگە مىندۈرۈپ، غايىب خەزىنە بار شەھەر تەرەپكە ئېلىپ بېرىشنى بۇيرۇغانىدى.

قادىر قېچىپ كېتىشكە ئۆزلۈكىدىن رازى بولغاچقا ئىش ئاسانلاشقان، ئالداپ ئاپىرىش ۋە تۆگىگە ئارتىش ئاۋارىچىلىقى يوقالغانىدى.

ئىككىيلەن ئورنىدىن تۇرۇپ چوڭ بوۋاي بىلەن قىزغا خوشلىشىش نەزەرىدە قاراپ قويۇشتى. نېمىلا دېگەنبىلەن بۇ ئىككىيلەن ئاشۇ قىزنىڭ تۈپەيلىدىن ئۆلۈمدىن قۇتۇلغان، ئۇنىڭ ۋاستىسى بىلەن پۈتۈن يۇرتنىڭ تۇز-تائامىنى يېگەن، كىيىمىنى كىيگەن، رىۋايەت، ناخشا-قوشاقلىرىنى ئاڭلىغان ۋە ئۇسسۇللىرىنى كۆرگەنىدى. قادىر ئۈچۈن ئايرىلىش تېخىمۇ قىيىن ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ تۇنجى مۇھەببىتىنى بەرگەن سۆيۈملۈك قىزدىن ئايرىلىۋاتاتتى. ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ تۇرسۇنئايغا تىكىلىپ قاراپ قالدى. مەجىددىن ئالدىراپ ئۇنىڭ يېڭىدىن تارتتى.


— ھېسسىياتقا بېرىلمە جېنىم ئۇكام، — دېدى مەجىددىن ئۇلار تالاغا چىققاندىن كېيىن كۈنچىقىش تەرەپكە كېتىۋاتقاندا. شۇ تاپتا ئۇ بوۋاق بالىدەك غۇبارسىز، ئاق كۆڭۈل بۇ يىگىتنىڭ شەكلەنگىنى ئۈچۈن ئىزا تارتتى. قادىرنىڭ چۆلدە ئاخىرقى بىر تېمىم سۇنى ئىچكەلى ئۇنىماي ئۆزىنىڭ لېۋىگە تېمىتقانلىرى يادىغا كېلىپ كۆزىگە ياش كەلدى، — نەچچە-نەچچە ئۆلۈمدىن ئېشىپ قالدۇق، ھېلىھەم بولسىمۇ تاپىدىغىنىمىزنى تېپىپ، بارىدىغان يېرىمىزگە بېرىۋالارمىز.

كۈن ئاللىقاچان قۇملۇقنى قىزدۇرۇۋەتكەنىدى. ئۇلار قاتار كەتكەن ئۈچ قۇم دۆۋىسىدىن ھالقىپ ئۆتتى. قۇم دۆۋىلىرى بىر-بىرىدىن ئېگىز بولۇپ، ئەڭ كىچىكلىرىنىڭ ئېگىزلىكىمۇ 40 — 50 مېتىرچە كېلەتتى. ئىككىيلەن نەچچە قېتىم سىيرىلىپ چۈشۈپ كېتىپ، ناھايىتى تەستە چوققىغا ئۇلاشتى. نېرىقى پەستە تۇرسۇن دىۋە ئۈچ تۆگىنىڭ چۇلۋۇرىدىن

تۇتۇپ قاراپ، تۇراتتى. ئۇ قادىرغا يەۋەتكۈدەك ئۆچمەنلىك بىلەن قارىدى. قادىرمۇ ئۆز ئىختىيارى بىلەن بۇ يولنى ماڭغىنىغا قارىماي ئۇنىڭغا غەزەب بىلەن تىكىلدى. ئۇنىڭدا ئەمدى قورقۇشتىن ئەسەر قالمىغانىدى. مەجىددىن ياش كىشىلەردە مۇشۇنداق ھالەت پەيدا بولۇپ قالسا ئاخىرى خەيرلىك بولمايدىغانلىقىدىن ئەنسىرەپ، نېرىدا تۇرغان تۇرسۇن دىۋىگە:

— قادىر ئۆز ئىختىيارى بىلەن كەتمەكچى بولدى، — دەپ سالاچىلىق قىلدى، — ئۇ بۇ يەردە قېلىش ۋە كېتىش ئىشىدا تۇرسۇنئاي بىلەن پۈتۈشەلمەپتۇ ...

شۇ پەيتتە ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىكى بىرىنچى دۆڭ ئۈستىدە تۇرسۇنئاينىڭ قامىتى كۆرۈندى. ئۇلارنىڭ ئارىلىقىنى ئىككى قۇم دۆڭى ئايرىپ تۇراتتى. قىز تۇمىقىنى پۇلاڭلىتىپ ۋارقىرىدى:



— قادىر، كەتمىسىلە. قادىر ... ئۇ بارسا كەلمەس يول ... ئۇ خۇدانىڭ غەزىپىگە ئۇچرىغان جاي... جانلىرىدىن ئايرىلىپ قالىلا، مېنى داغدا قويىلا ...

مەجىددىن قادىرنى ھېسسىياتقا بېرىلىپ كەتمىسۇن دەپ:

— بولدى ئىنىم، چاپسانراق تۆگىلەرگە مىنەيلى. كېچىكسەك چوڭ بوۋاي ئادەم باشلاپ كېلىپ قېلىشى مۇمكىن، — دېدى.

قادىر مەجىددىن تارتقۇچلاۋاتقان يېڭىنى كۈچەپ تارتىۋېلىپ، ئالقانلىرىنى كاناي قىلىپ قىز تەرەپكە قاراپ ۋارقىرىدى:

— تۇرسۇن .... ئاي، ئاي ... تۇرسۇن، خۇدا ماڭىمۇ سالدى بۇ كۆيۈكنى !..

— خۇدا ئۇلۇغ ... — تۇرسۇنئاي ۋارقىرىدى، — كەتمىسىلە ... مەيلى سىلە ئۈستۈمگە توقال ئالسىلىمۇ ... مەن رازى ... كەتمىسىلە ...

قادىر بۇياندىن ۋارقىرايتتى:

— يۈرسىلە ... بىز بىللە كېتەيلى ... جېنىم ...

قادىر ئارتۇق سۆزلىيەلمىدى. تۇرسۇن دىۋە دۆڭگە يامىشىپ چىقىپ قادىرنىڭ پۇتىنى تارتىپلا پەسكە سىيرىلدۇرۇپ چۈشۈرۈۋەتتى. ئۆزىمۇ تۆگىلەرنىڭ ئايىغى ئاستىغىچە سىيرىلىپ چۈشتى.

ــ سىلەر چۆلدىن چىقالمايسىلەر، ــ ۋارقىرىدى تۇرسۇنئاي ئەمدى مەجىددىنگە، ــ قادىرنى بۇياقتا ئەۋەتىۋەتسىلە ... سىلە قادىرنىمۇ، مېنىمۇ خاراب قىلىلا ...

مەجىددىن قىزغا ئاخىرقى قېتىم كۆز تاشلىدى. تۇرسۇنئاي يىقىلىپ چۈشتىمۇ ياكى ئۆزىنى پەسكە ئاتتىمۇ، ئەمدى ئۇنى كۆرگىلى بولمايتتى. مەجىددىن كۈلۈپ قويدى ـ دە، ئارقىغا بۇرۇلۇپ تۆگىلەرنىڭ يېنىغا سىيرىلىپ ـ سىيرىلىپ مېڭىپ كەتتى. قادىر تېخىچە ئۆزى سىيرىلىپ توختىغان پەسلىكتە دۆڭگە كەينىنى قىلىپ ئولتۇراتتى.

ــ ماڭايلى، ــ دېدى تۇرسۇن دېۋە. ئۇ ئاللىقاچان بىر تۆگىگە مىنىۋالغانىدى.

مەجىددىن ئىككى تۆگىنى يېتىلەپ قادىر ئولتۇرغان يەرگە ئېلىپ باردى، تۆگىلەرنى چۆكتۈردى ۋە قادىرنى خالىغىنىنى مىنىشكە تەكلىپ قىلدى.

ــ تېز بولايلى ئىنىم، ــ دېدى ئۇ سۆيلەپ، ــ ئادەم ئاتا ـ ئانىسى ئۆلۈپ كەتسىمۇ چىدايدىغۇ؟ بىزگە ئەمدى بۇ يەرگە قايتىش ئۈچۈن يول يوق ...

قادىر ئالدىراق تۇرغان تۆگىگە مىندى، تىزلىرى بىلەن دىسلاپ تۆگىنى قوپۇردى ۋە ئۆزىگە دەھشەت بىلەن قاراپ تۇرغان تۇرسۇن دېۋىگە بىر ئالىيىپ:

ــ مەن بۇ يەرگە هامان قايتىپ كېلىمەن، قاراپ تۇر، تۇرسۇنئاينى ئېلىپ كېتىمەن، ــ دېدى.

تۇرسۇن دېۋە گەپ قىلمىدى. ئۇنىڭ چىرايى غەزەپتىن باشقا نەرسىنى ئىپادە قىلمايتتى. مەجىددىن ئۇنىڭ تۆگىسىگە ياندىشىپ:

ــ تۇرسۇنئاي سىلىگە ئۆچچە قالدى، ــ دېدى.

ئۇلار بەش كۈن مېڭىشتى. مەجىددىن بۇ سۆزنى نەچچە ـ نەچچە قېتىم تەكرارلىدى. قادىر يىراقتىراق كەتكەندە ياكى چۈشكۈندە تەرەتكە ماڭغاندا «ياش بالا، ئاچچىقتا پايلىماي دەپ تاشلىغاندۇر ...» دېگەننى قوشۇپ قوياتتى. بىراق، تۇرسۇن دېۋە پەرۋا قىلمايتتى. ئۇ ئالدىغا قاراپ ئۈنسىز ماڭاتتى. ئەمما، قادىر بىلەن گەپلەشمىگىنىگە ئوخشاش، مەجىددىننىڭ ياخشى سۆزلىرىگىمۇ جاۋاب بەرمەيتتى.

ئۇلار ئالتىنچى كۈنى چۈش ۋاقتى بىلەن پاكار ـ پاكار شىۋاق، چاكاندا ئۆسۈپ قۇرۇپ قالغان بىر تۈزلەڭگە كېلىشتى. بىرەر يۈز غۇلاچچە نېرىدا بىر يارلىق باردەك قىلاتتى. تۇرسۇن دېۋە تۆگىدىن چۈشتى ۋە تۆگىنى شىۋاققا قويۇۋېتىپ ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى. مەجىددىن بىلەن قادىرمۇ تۆگىلەردىن چۈشۈشتى. تۇرسۇن دېۋە بەش كۈندىن بېرى تۇنجى قېتىم قادىرغا قاراپ ئېغىز ئاچتى:

ــ خۇدانىڭ كارامىتىنى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆردۈڭ ئوكام، مېنىمۇ كۆيۈك قىينىسا قانداق قىلىمەن؟ ــ دېدى.

ئۇنىڭ ساقال بېسىپ كەتكەن كۆسەيدەك قارا يۈزىدە ياش تامچىلىرى پارقىرايتتى. قادىرمۇ يىغلاپ تاشلىدى. ئەمما گەپ قىلالمىدى. تۇرسۇن دېۋە ئۇنىڭ بېغىشىدىن تۇتتى. بۇ تېتىم مولايىم، سىيلىق تۇتتى ۋە گەپ ـ سۆز قىلمايلا باشلاپ ماڭدى. هەيران قالغان قادىر ئىتائەتمەنلىك بىلەن ئەگەشتى. بۇنىڭغا نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قالغان مەجىددىن دەسلەپ شۇك تۇرۇپ كەتتى ـ دە، كېيىن ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ماڭدى.

تۇرسۇن دېۋە قادىرغا يارلىقنى كۆرسىتىپ:

— بۇ ئەسلى چوڭ، ئەزىم دەريا ئىكەنمىش، — دېدى ۋە ئۇنىڭ قولىنى قويۇۋەتمەي باشلىغانچە مېڭىپ سول تەرەپكە بۇرۇلدى. ئۇنىڭ دىلىدا قانداق دەريا ئۆركەشلەۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى.

ئۇ يېرىم سائەتتىن ئارتۇق ماڭدى، قادىرنىڭ قولىنى بولسا ھامان ئۆز ئالقىنىدا تۇتۇپ تۇراتتى. بىر قۇم دۆۋىسىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ئۇ توختىدى، قادىرغا مۆكۈلىنىپ قاراپ:

— ئەزىز ئىنىم، سەن بىزنىڭ يۇرتلۇق بولۇپ قالغان بولساڭ، تۇرسۇنئاي ساڭا تالىق ئىدى، چۈنكى مەن بىر ئۆيلەنگەن ئادەممەن، — دېدى. قادىر ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغىنىنى چۈشىنەلمىدىمۇ ياكى كۈندەشلىكى تۇتتىمۇ، ئەيتاۋۇر ئېپادىسىز قاراپ تۇرۇۋەردى، — ئەمما، سەن بىزنىڭ مىللەت، بىزگە دىنداش بولساڭمۇ، ھامان ئۇنىڭغا يولداش بولالمايسەن، سەن غايىب تىلسىمات ئىزدەيسەن، راستمۇ؟

قادىر مەجدىدىننى ھەيران قالدۇرۇپ: «راست» دېدى.

— ئۇنداق بولسا، سەن تۇرسۇنئاينىڭ لايىقى ئەمەسسەن، — دېدى ۋە قادىرنىڭ قولىنى قويۇۋېتىپ يەرگە قاراپ پەس ئاۋازدا داۋام قىلدى، — ئەسلىدە تۇرسۇنئاينىڭ ئۆزى بىر خەزىنە ئىدى. ئۇنى سۆيگەن ئادەم باشقا خەزىنە ئىزدىسە بولمايتتى. سەن غايىب خەزىنە ئىزدىگەن ئىكەنسەن، ئەمدى تۇرسۇنئاي ماڭا قالدى، — تۇرسۇن دىۋە تۇساتتىن جانلىنىپ كەتتى، — مەن، بىر ئۆيلەنگەن بولسام نېمە بوپتۇ؟ سېنىڭ كۆزۈڭچىلا ئۇ خوتۇنىنىڭ ئەرۋاھىنىمۇ ئۈچ، ئوتتۇز، ئۈچيۈز تالاق قىلدىمغۇ؟ رۇسۇللامۇ تۆت خوتۇن ئالغان، ئەلىشاھى مەردانمۇ 40 خوتۇننى نىكاھىغا ئالغانغۇ؟

— قادىر تۇرسۇنئايدىن كەچتى، — سالاچىلىق قىلدى مەجدىدىن ئاساسىي مەقسەتتىن چەتنەۋاتقان كونا خامانىنى سورۇشنى توختىتىش ئۈچۈن، — سىلە بىزنى غايىب خەزىنە بار تىلسىم شەھەرگە ئاپىرىپ قويماقچى ئىدىلە...

— ئەنە ئۇ، — ئىبلىشىپ قالغاندەك قۇم دۆۋىسىنى كۆرسەتتى تۇرسۇن دىۋە، — ئاشۇ دۆۋىدىن ھالقىساڭلارلا 36 دەرۋازىلىق شەھەر كۆرۈندۇ. ئەمما ئېيتىپ قوياي، مەن سىلەرنىڭ تەلىپىڭلار بويىچە باشلاپ ئەكەلدىم، شەھەرگە كىرمەيمەن.

— سىلە بىزنى چۆلدىن چىقىرىپ قويماقچىمۇ بولغان، — ئەسكەرتتى مەجدىدىن سەل ـ پەل ئەنسىرەپ.

— غايىب خەزىنە ئىزدىمىسەڭلار مەن بىلەن مېڭىڭلار، چۆلدىن چىقىرىپ قويىمەن. تىلسىم شەھەرگە كىرىمەن دېسەڭلار، ئۈچ كۈن ساقلاپ تۇراي. چىقالىساڭلار ۋەدەمگە ۋاپا قىلىپ چۆلدىن چىقىرىپ قويىمەن. تۆتىنچى كۈنىگىچە چىقمىساڭلار مەن قايتىپ كېتىمەن.

— ماقۇل! — ئالدىراپلا جاۋاب بەردى مەجدىدىن، — بىزگە يەيدىغان، ئىچىدىغاندىن ئاز ـ تولا ئىلتىپات قىلسىلا.

تۇرسۇن دىۋە ئۆزى خالىمىغان ئىشقا بۇيرۇلغاندەك كۆپ ئويلىنىپ ئاخىر تۆگىلەر قويۇۋېتىلگەن شىۋاقلىققا كەتتى.

www.uyghurkitap.com



بىردەمدىن كېيىن بىر تۇلۇم سۇ، ئىككى چاناچ قېتىق، بىر تۇگۈندە كۆمەچ ۋە سوۋۇتۇلغان گۆش ھەم كۆيدۇرۇلگەن قوي يېغى كۆتۈرۈپ كەلدى.

— يەنە ئېيتىپ قويااي، ئۈچ كۈن ئۈچ كېچە ساقلايمەن، — دېدى ئۇ كۆزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا قادىرنىڭ ئىككى قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، — تۆتىنچى كۈنىسىنى سىلەرمۇ، مەنمۇ خۇداغا ئامانەت قىلايلى. مەنمۇ قايتمىسام ئۆلىمەن...

تۇرسۇن دىۋە ئۈچ كۈن ئەمەس، تۆت كۈنمۇ ئەمەس، بەش كۈن ساقلىدى. ئۇ يەيدىغان، ئىچىدىغان نەرسىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئىككىيلەنگە بېرىۋەتكەچكە ئۈچىنچى كۈندىن تارتىپ قوپالماي يېتىپ قالغانىدى. تۆتىنچى كۈنى بىر تۆگىنىڭ بويۇن تومۇرىدىن پىچىقى بىلەن قان چىقىرىپ ئىچىپ كۈن ئۆتكۈزدى، بەشىنچى كۈنى ئىككىنچى بىر تۆگىنىڭ بويۇن تومۇرىدىكى قان بىلەن كۈننى كەچ قىلدى. ئۇ ئالتىنچى كۈننى كۈتەلمىدى. ئۆزىنى بىر تۆگىگە مەھكەم باغلىدى-دە، قايتىش سەپىرىگە ئاتلاندى.

ئەتىسى كەچتە ئۇ ئالدىدىن چىقىپ كەلگەن تۇرسۇنئايغا ئۇچراشتى. ئۇنىڭ ئاچلىق ۋە تەشنالىقتىن ئاخىرقى تىنىقلىرى قالغانىدى. ئۇ تۇرسۇنئاينىڭ بىر نېمە دېگەنلىكىنى سەزدى. لېكىن ئۇقالمىدى. تۇرسۇنئاي زاپاس يېتىلىۋالغان تۆگىسىدىكى چاناچتىن سۇ قۇيۇپ ئىچكۈزگەندىن كېيىن تۇرسۇن دىۋىگە جان كىردى:

— خېنىم مېنى تېگىشىدىن بوشىتىپ قويسىلا، ھەزرىتى ئەلىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن، — دېدى.

تۇرسۇن دىۋە تۆگىدىن سىيرىلىپ چۈشكەندىن كېيىن قۇمغا بېشىنى قويۇپ ياتتى. ئۇنىڭ كۆز قارىچۇقلىرى بارغانسېرى تارتىلىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ تۇرسۇنئاينىڭ:

— بۇ سەن ئىكەنسەن-دە، لەنىتى چىلبۆرە، مېنىڭ ئاشىقىمنى باشلاپ كەتكەن! — دېگەن مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

— خېنىم، خۇدا ھەققى، ھەزرىتى ئەلى ھەققى، مۇقەددەس چوڭ ئانىمىزنىڭ ھەققى، مەن ئۇنى ئاسراپ ئەكەلدىم. شەھەرگە كىرمەڭلار دېدىم. ئۇنىمىغانلىقتىن يەيدىغان، ئىچىدىغىنىمنى بېرىپ بەش كۈن ساقلىدىم. مەن خۇدايىم سالغان كۆيۈك ئوتىغا ئۇچرىمىغان بولسام بۇنداق قىلمايتتىم. سىلىگە ئېرىشكەن بولسام ئۇستىلىرىگە توقال... مۇقەددەس زىرىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن بۇ گېپىمگە ئىشەنسىلە...

ئۇ سۆزىنى تۈگىتەلمەي جان ئۈزدى. تۇرسۇنئاي ھۆركىرەپ يىغلىۋەتتى. ئۇنىڭ يېنىدا تۇرسۇن دىۋە ئېلىپ كېلىۋاتقان ۋە ئۆزى مىنىپ كەلگەن تۆگىلەردىن باشقا ھايات يوق ئىدى. ئۇ ئۆلگەن تۇرسۇن دىۋىنى خۇداغا تاپشۇرۇپ يۈرۈپ كەتتى.

مەجىددىن بىلەن قادىر چىقىپ كەتكەن دۆڭ ئەتراپىدا ھېچنەرسە ئۆزگەرمىگەن، ئىككى كىشىنىڭ قۇمغا پاتقان ئىزلىرىنى ئۆچۈرۈۋەتكۈدەك شامالمۇ چىقمىغانىدى. ئۇ قۇم دۆڭىدە قالغان ئىزلارنى بويلاپ ئاستا-ئاستا يۇقىرى كۆتۈرۈلدى ۋە ئاخىر دۆڭنىڭ چوققىسىغا چىقتى.

ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئۆز يۇرتىدىكى ئۆيلەردىن ئون ھەسسە، يۈز ھەسسە چىرايلىق ياسالغان ئۆيلەر نامايان بولدى. بۇ ئۆيلەر توغراق بادرىلىرىنى تىكلەپ، يول-

غۇن چىۋىقلىرىنى توقۇپ تۇتاشتۇرۇپ ياسىغان ئۆيلەر ئەمەس ئىدى. ئۇ ئۆيلەرنىڭ قۇرۇق تاملىرى ۋە ئىس چىقىشى ئۈچۈن ياسالغان ئېگىز مورىلىرى تۈپتۈز كېسەكلەردىن قوپۇرۇلغانىدى. ئۆيلەر بىلەن ئۆيلەر ئارىلىقىدا ئۆتىدىغان ئارىلىق بار ئىدى. يوللىرىمۇ تۈپتۈز ئىدى. قادىر ئېيتىپ بەرگەن شەھەرمۇ بۇنىڭغا ئوخشامدىكىن، لېكىن ئۇنى يورۇتۇپ تۇرىدىغان ئىسى يوق، دۇتى يوق چىراغلار كۆرۈنمەيدىغۇ؟ قادىر يالغان دەپ قويدىمۇ-يا؟ ياق-ياق! ئۇ دېگەن ھازىرقى يول، بۇ دېگەن خۇدانىڭ غەزىپىگە يولۇققان شەھەر.

خۇدا نېمىشقا شۇنداق چىرايلىق يوللىرى ۋە قاتار-قاتار رەتلىك ئۆيلىرى بار شەھەرلەرگە غەزەپ قىلىدۇ؟ خۇدا غايىپ قىلىۋېتىشنى ئىختىيار قىلغاندىكىن نېمىشقا بۇ شەھەرلەرنى قۇم تۇپراققا ئايلاندۇرۇۋەتمەي يەنە ساقلاپ قالىدۇ؟ ياكى بۇ ئۆيلەردىمۇ قادىرنىڭ يۇرتىدىكىدەك سۇ ئۆزى كېلىدىغان، ھەممە نەرسە كۆرۈنىدىغان بىر نەرسىلەر بارمىدۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولىدىغانلا بولسا ئادەملەر ئادەملەرنى ئۆلتۈرۈۋەتسىمۇ، قىمار ئوينىسىمۇ، بىر-بىرىنىڭ نەرسىسىنى ئېلىۋالسىمۇ، غەيۋەت-شىكايەت قىلىشسىمۇ، قىمار ئوينىسىمۇ مەيلى ئەمەسمۇ؟ ئۇلارنى كىمدۇر بىرلىرى جازاغا تارتىدىكەنغۇ؟ جازاغا تارتقاندىكىن بولمىدىمۇ؟ قادىرنىڭ بىزنىڭ يۇرتىمىزدا بىر ئەر بىر خوتۇنلا ئالىدۇ دېگىنى راستىمىكىن؟ راست بولمىسا ئۇئاشۇنداق دەرمىدى؟ بەلكى، ئۇنىڭ يۇرتىمۇ مۇشۇ شەھەرگە ئوخشايدىغاندۇ.

ئۇ جېنىنىڭ بىرىچە توۋلىدى:

— قادىر، مەن كەلدىم، سىلە مەن بىلەن كەتسىلە دېگەنلىرى ئۈچۈن مانا مەن كەلدىم. سىلە نەدە؟

ھېچقانداق جاۋاب ئاڭلانمىدى.

قىزنىڭ كۆزىگە قۇم دۆڭلىرىمۇ، قاغجىراپ كەتكەن جىرالارمۇ كۆرۈنمىدى. ئۇ تۆگىلەرنىمۇ، تۆگىلەردىكى سۇ، ئوزۇقلارنىمۇ يادىدىن چىقاردى. «قادىرمۇ ماڭا كۆيىدۇ، خۇدايىم ئەۋۋىلىسىدىلا ئىككىمىزنىڭ پېشانىسىگە بىر كۆيۈك ئوتىنى تەڭ ياققان، — دەپ ئويلىدى ئۇ چوڭ-چوڭ چامداپ خارابە شەھەرگە كېتىۋېتىپ، — ئەگەر چوڭ شەھەردە ياشىسىلا جادىگەرلەر ئازدۇرۇپ كېتىدۇ، دېيىلسە قادىر نېمىشقا ئازمىدى؟ — ئۇ قولىقىدىكى زىرە بىلەن بويىنىدىكى چاچتەڭگىنى ئېلىپ بىر تەرەپكە ئاۋايلاپ قويۇپ قويدى، — مىڭ يىل ساقلانغان بۇ تەۋەررۈكنى خۇدايىم ئەمدى باشقا تائىپىدىكى بەندىلىرىگىمۇ نېسىپ قىلغاي...»

ئۇ يەنە بىر قېتىم:

— قادىر، مەن كەلدىم، — دەپ توۋلىدى. لېكىن ئۇنىڭغا ھېچكىم جاۋاب بەرمىدى...

(تۈگىدى)

مەسئۇل مۇھەررىر روزىمەھەممەت جۇمە

مۇتەللىپ جۇماخۇن

## بالىلار شېئىرلىرى

### ھەي كېپىنەك، كېپىنەك

ھەي كېپىنەك، كېپىنەك،
ئالغىن مېنى يېتىلەپ.
ئۇچاي بىللە سەن بىلەن،
ھەتتا كۈندۈز كېچىلەپ.

سەنمۇ مەندەك ھەۋەسكار،
گۈل ئاشىقى ئىكەنسەن.
بىز ئۆستۈرگەن گۈللەرنى
بەلكىم كېلىپ كۆرگەنسەن.

تىزىۋەتتۇق رەتمۇرەت،
ئۆستۈرۈپ بىز قاچىدا.
تاڭ قالىسەن كېتەلمەي،
كېلىپ قالساڭ باغچىغا.

يۈر، بىز بىلەن يۈرگىنە،
باغچىمىزنى كۆرگىنە.
سەيلە قىلىپ، گۈل پۇراپ،
ياز پەيزىنى سۈرگىنە.

مەن بىلەن سەن دوست بولساڭ،
بىللە باراي باغلارغا.
گۈل تىرەيلى قوشۇلۇپ،
چۆل ـ جەزىرە تاغلارغا.

تولدۇرايلى ۋەتەننىڭ
قۇچىقىنى گۈللەرگە،
نېمە ئارمان، ئېيتقىنا،
يەتسەك ئاشۇ كۈنلەرگە.

### سالام، ئىشچى تاغىلار

سالام، ئىشچى تاغىلار،
سالام قىلدى بالىلار،
نۇرۇڭلاردىن يورۇغاچ،
مەكتەپ، يەسلى، باغچىلار.

سېنىڭ تۆھپەڭ ئەمەسمۇ
بويۇمدىكى كۆز مۇنچاق.
چېچىمدىكى تاغىقىم،
قولۇمدىكى ئۇز قونچاق.

ئوقۇپ بىلىم ئېلىشتا،
بولغان بىزگە چىن سىرداش.
كىتاب ـ سىياھ، ئۆچۈرگۈچ،
دەپتەر، قەلەم ـ قېرىنداش.

كۆڭۈل ئاچسام قولۇمدا،
شاھمىتىم بار، سازىم بار.
كىيىمىم پۈتۈن، كۆڭلۈم توق،
دىلدا باھار، يازىم بار.

بىزنى ئەركىن ئۆسسۈن دەپ،
تۇغدۇردۇڭلار ئاسانلىق.
دىلىڭلاردىن كۆيۈنۈپ
ئەۋلادلارغا داۋاملىق.

ئىشىڭلارغا ۋارىس بوپ،
بىزمۇ ئەلگە كۆيىمىز.
تىنىز پۈكمەستىن جاپاغا،
پەنگە يۈرۈش قىلىمىز.

روزى سايىت

## ئويلاپ بېقىڭ، مۇئەللىم

چەكمەك ئۈنى سىنىپتا

—... كىرىشۇدۇق مەكتەپكە،
ئۇششاق ياشنى تۈگىتىپ.
چىقاردىڭىز ساۋاتنى،
ئېلىپبەنى ئۆگىتىپ.

يازالايمىز ئىنشانى،
يادا بولدى تۆت ئەمەل.
چۈشۈرمەيمىز ئېغىزدىن
نامىڭىزنى ھەر مەھەل.

دەيسىز: ياخشى ئوقۇڭلار،
ئاشسۇن زېھىن كۈچۈڭلار.
بىلىم قانات ئىنسانغا،
شۇ قاناتتا ئۇچۇڭلار...

دەيسىز: ئەدەپ - ئەخلاقلىق
ئەۋلاد كېرەك زامانغا.
كىچىك چاغدىن باشلاپلا
ئاينىڭلار ئوبدانغا...

دەيسىز: ساغلام ئۆسۈڭلار
چېنىقتۇرۇپ بەدەننى.
شۇ چاغدىلا تېخىمۇ
گۈللەش مۇمكىن ۋەتەننى!

نېمە دېمەك ھەممىسى
بىزگە بالدەك ياقىدۇ.
ياققىنىدىن ھۇزۇرى
تومۇرلاردا ئاقىدۇ.

ئەمما...

ئېيتماي ئامال يوق،
تۇتۇن يۇتۇپ تويمايسىز.
خۇمارىڭىز تۇتقاندا،
بىزنى ئويلاپ قويمايسىز.

يۆگىلىدۇ تاماكا
بىر سائەتتە بەش قېتىم.
سىنىپ ئىسقا توشىدۇ
ئۇ يۆگەلسە ھەر قېتىم.

تاماكىڭىز بەك ئاچچىق،
يۆتىلىمىز تىنالماي.
قىينىلىمىز ئىس - تۈتەك
قاپلاپ، خەتنى تونالماي.

چەككەنسىرى يۆتىلىپ،
كېتىسىز، ئاھ، كۆكىرىپ.
سىنىپىمۇ بۇلغايسىز
خالىغانچە تۈكۈرۈپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تاماكا بەك زىيانلىق
دېمىگەنمۇ ئۆزىڭىز؟
ئەمدى ئەستىن چىقتىمۇ
ئاشۇ قىلغان سۆزىڭىز؟

دەڭا، سىزگە لازىمى
تۇتۇنمۇ، ساپ ھاۋامۇ؟
شۇزىيانلىق نەرسىنىڭ
ئىسى بىزگە راۋامۇ؟

ئۆيدە قالسا بالىڭىز

—... خانىم بىزنى كۆرسىز
ئۆز باغرىڭىز - بالىڭىز.
ئىقتىداردا، بىلىمدە
ئازراقمۇ يوق چالىڭىز.

دائىم كۈلۈپ سۆزلەيسىز،
قاپاق تۈرۈپ باقمايسىز.
ئۆتسە بىزدىن سەۋەنلىك
ئانىمىزغا چاقمايسىز.

بىزنىڭ خانىم بەك ياخشى
دەيمىز تەڭتۇش ئاداشقا.
بىر ئىشىڭىز پۈتلىشار
لېكىن، شۇنداق ئاتاشقا.

بىللە كىرىپ سىنىپقا
بۇۋىقىڭىز سىز بىلەن،
كۆكسىڭىزگە چاپلىشىپ،
«تەك ئوقۇيدۇ» بىز بىلەن.

قىزىق سۆزلەپ تۇرسىڭىز
لېيي فىلك تاغام ھەققىدە،
ئىڭگە... لەيدۇ بالىڭىز،
دەرس تۇختار شاققىدە.

دەيسىز: تەكرار قىلىڭلار
بۇرناكۈنكى ساۋاقنى...
ئېيتىشكە باشلايسىز
پە - پە ئېتىپ بوۋاقنى.

گاھى ئىلىپ قۇچاقا،
نۆۋەتلىشىپ باقىمىز.
خاپا قىلماڭ ئۇكام...، دەپ،
مەڭزىمىزنى ياقىمىز.

بېسىقمىسا يىغىسى،
سىرتقا چىقىپ كىرىمىز.
شۇ سەۋەبتىن ئاق قالار،
بىزنىڭ ئەقىل بېتىمىز.

تېخى يۆگەك يايىسىز،
دېرىزىگە، پارتىغا.
دەپتىرىمىز بۇزۇلار
تېگىپ سۈيدۈك لاتىغا.

سىزدىن رازى بولاتتۇق
مۇشۇ ئىشلار كەم بولسا.
بۆلۈنمىسە پىكرىڭىز،
(ئۇ بىزگىلا جەم بولسا!)

قانچە خۇشال بولاتتۇق...

-ئەجەب بەلەن ئۆتىسىز،
بىزگە ئەخلاق دەرسىنى.
بىلدۈرسىز بىر - بىرلەپ،
ئەدەبكە زىت نەرسىنى.

دەيسىز دائىم: ئەستە تۇت،
لېيي فىلك بىلەن لەي نىڭنى.
ئاشۇلاردەك چېنىقتۇر
ئىرادەڭنى، مەيلىڭنى.

كىيىنىشتە رەتلىك بول،
تۈگمە، يانچۇق ساق تۇرسۇن.
سېنى كۆرگەن كىشىلەر
بىر قاراپلا ياقتۇرسۇن.

ساغلام تەندە ساق ئەقىل،
(بۇ ھەقتە كۆپ ھېكايە)
يۇيۇن – تاران، قىل دائىم،
تازىلىققا رىئايە...

تەلىمىڭىز يۈرەكنى
ھاياجانغا سالدۇ.
ئېيتقىنىڭىز دىللاردىن
چوڭقۇر ئورۇن ئالدۇ.

دەرھال قاراپ قويىمىز
ئەگەر تۈگمە ئۈزۈلسە.
ھەم يامايمىز كىيىمنىڭ
بىرەر يېرى سۆزۈلسە.

ئۆيدىكىلەر ماختايدۇ.
ئۇقلۇق بالا بولدۇڭ، دەپ.
گەپ – سۆزۈڭمۇ جايىدا،
كۆچ – ئەقىلگە تولدۇڭ، دەپ.

ئەمما، سىزگە قارىساق،
سىياقىڭىز ئۆزگىچە.

يازدا سالۋا تەلپەكنى
چۈكۈرسىز كۆزگىچە.

ساقال – بۇرۇت قىرمايسىز
توك باسسىمۇ ئېڭەكنى.
چاچمۇ ئۆسەك گەدەندە...
دەپ يۈرمەيلى بۆلەكنى.

ئىسكەتىڭىز سىغمىغاچ
كۆزىمىزگە مۇئەللىم.
شۇنداق دەيمىز پىچىرلاپ
ئۆزىمىزگە مۇئەللىم:

... ئۇنىڭ سۆزى – ھەرىكىتى،
نېچۈن ئوخشاش – ماس ئەمەس؟
تاشلىۋېتىش ئۆزىنى
باغۋەنلەرگە خاس ئەمەس!

مۇئەللىمنىڭ ھەر ئىشى
بىزگە ئۈرنەك ئەمەسمۇ؟
(پەيدا بۇلار دوراشتىن،
ئىنتىلىشمۇ، ھەۋەسمۇ.)

ئۇ يېتەكچى، بىز شاگىرت،
ئۆگىنىمىز ئۆگەتسە.
قانچە خۇشال بولاتتۇق،
ئادىتىنى ئۆزگەرتسە؟!

ھەسەن ئىمىنۋالدى

## غۇنچىلارغا ئىلتىجا

**تۈگەت ناچار ئىللەتنى**

ئۇنى ئېلىپ بەر دەيسەن،
بۇنى ئېلىپ بەر دەيسەن.
ئىقتىسادنىڭ قەيەردىن،
كېلىشىنى بىلمەيسەن.
ھەر ئەتىگەن پۇل دەيسەن،
پۇل بەرمىسە يىغلايسەن.

www.uyghurkitap.com

داداڭ ئىشلەپ جاپادا،
پۇل تاپقاننى بىلمەيسەن.
ئىچ ئاغرىتماي داداڭغا،
كۆيۈنمەيسەن ئاناڭغا.
ئوخشاي دەمسەن ئاخىرى
مېۋىسى يوق باراڭغا.
تۈگەت ناچار ئىللەتنى،
ئۆگەن ئېسىل خىسلەتنى.
ئاتا ـ ئاناڭ رازىدۇر
بىلسەڭ قەدىر ـ قىممەتنى.

## قۇياشنىڭ جاۋابى

كەچتە ئايغا قارايمەن
تەپەككۇر قىپ ئويلىنىپ.
نېمىشقىدۇر ئاي بۈگۈن
قاپتۇ ماڭا خۇيلىنىپ.

كۆرۈنمەيدۇ تەبەسسۇم
ھىلال ئاينىڭ يۈزىدە.
ماڭا قېيداش بىلىنەر
ئۇنىڭ سوغۇق كۆزىدە.

بىلمەك بولدۇم يۇلتۇزدىن
سوراپ ئىشنىڭ سىرىنى.
ئۇمۇ سېلىپ قويمىدى
ماڭا كۆزىنىڭ قىرىنى.

تەقەززا بوپ بۇ سىرنى
سورىدىممەن قۇياشتىن.
سۆزلەپ بەردى ئۇ ماڭا
سەۋەبىنى بىر باشتىن.

دېدى: قۇياش نېمىشقا
سەييارىغا ئۇچمايسەن؟
ئىلىم ـ پەننى ئىگىلەپ
شانلىق زەپەر قۇچمايسەن.

خېلى بولدى يۇلتۇزلار
سېنى ساقلاپ كۈتكىلى.
بولمامدىكەن بۇلۇتنى
زادى بۆسۈپ ئۆتكىلى.

قارىغاندا بىزلەرنى
تولۇق بىلىپ كەتمەپسەن.
ئىلىم ـ پەننى، بۇرادەر،
ھەقىقىي دوست ئەتمەپسەن.

شۇڭا ساڭا ئاي بىلەن
يۇلتۇز تەتۈر قارايدۇ.
يەشسەڭ ئاينىڭ سىرىنى
ئاچچىقى تېز تارايدۇ.

بولسا ئىشەنچ سېنىڭدە
مەقسىتىڭگە يېتىسەن.
ئاي بىلەن ھەم يۇلتۇزنى
ھەقىقىي دوست ئېتىسەن.

## ھۆسن خەت

مىللىتىمىنىڭ تەۋەررۈك
ئىپتىخارى ھۆسن خەت.
مۆھەببىتى ـ سۆيگۈنى،
دىلخۇمارى ھۆسن خەت.

ئۈنچە ـ مارجان تىزغاندەك
يېزىلسەن ھۆسن خەت.
نەپىس گۈلدەك چىرايلىق
سىزىلسەن ھۆسن خەت.

ھۆسنىڭ بىلەن دىلدازوق
قوزغىتىسەن ھۆسن خەت.
ئەقىل ـ ئىدراك، زېھنىمنى،
ئۇرغۇتىسەن ھۆسن خەت.

يازسام سېنى ھەۋەستە،
زوقلىنىمەن ھۆسن خەت.

ئوقۇغاندا ئاجايىپ
روھلىنىمەن ھۆسن خەت.

روزىتوختى داۋۇت

## يېڭى سادا

### سەھەر ماڭسام مەكتەپكە

سەھەر ماڭسام مەكتەپكە،
ئانام كۈلۈپ قارايدۇ،
ئوبدان ئوقۇ قوزام، دەپ
باش - كۆزۈمنى سىيلايدۇ.

چىققان چېغىم تالاغا،
قۇياش نۇرغا ئورايدۇ.
چوكانتاللار باش ئېگىپ،
مەندىن ئەھۋال سورايدۇ.

شامال سۆيۈپ يۈزۈمگە،
چاچلىرىمنى تارايدۇ.
كۆك ئاسماندا تورغايلار
ئىلھام بېرىپ سايرايدۇ.

مەدەت ئېلىپ ئۇنىڭدىن،
كۆڭلۈم كۆكسۈم يايرايدۇ،
كۆز ئالدىمدا ئىقبالىم
خۇددى كۈندەك پارلايدۇ.

### بەسلىشىمەن كۈن بىلەن

تۇرسام بۈگۈن ئورنۇمدىن،
كۈن چىقىپتۇ قىزىرىپ.
يالتىراپتۇ كەڭ دالا
ئالتۇن رەڭدە بېزىلىپ.

كۈننىڭ ئۆتكۈر نۇرلىرى
چىمىلداتتى كۆزۈمنى.
بىر خىجىللىق ئاشۇ چاغ
قاپلىۋالدى يۈزۈمنى.

ئىزا تارتىپ ئۈيۈلۈپ،
قارالمىدىم كۈنگە مەن.
ئەتە سەھەر تۇرۇشتا
بەسلىشىمەن كۈن بىلەن!

### تولۇن ئاي

ئەي كۆكتىكى تولۇن ئاي،
كۈلدۈك شۇنچە خۇش چىراي،
نېمە ئانچە قارايسەن
كېچىلىرى ئۇخلىماي؟

يېنىڭدىكى يۇلتۇزلار
بالاڭمۇيا جانىجان؟
ئاڭا قاراپ ئۇخلىماي
ئولتۇرامسەن، ئانىجان؟

مېنىڭ ئانام سېنىڭدەك
ماڭا قاراپ ئولتۇرار.
ۋۇجۇدىدىن نۇر تۆكۈپ
ساڭا ئوخشاش يالتىرار.

### سەبى دىلىمنىڭ خىتابى

جېنىم دادا، جان دادا،
ئاڭلا مېنىڭ سۆزۈمنى.
توسۇۋېلىپ مەكتەپتىن،
كور قىلمىغىن كۆزۈمنى!

www.uyghurkitap.com

تىجارەتكە زورلايسەن،
باقماي ئاقچان يېشىمغا.
پۇرسەت قولدىن كەتمىسۇن،
توپا سالما ئېشىمغا!

مېنىڭ قەلبىم تەلپۈنەر
كۆپلەپ بىلىم ئېلىشقا.
بىلىم بولماي مۇمكىنمۇ،
داۋانلاردىن ئېشىشقا؟

دوستلار ماڭسا مەكتەپكە،
مەن قالىمەن تەلمۈرۈپ.
مەنمۇ قاچان يۈرەرمەن
ئاشۇلاردەك شاد كۈلۈپ؟!

ماقۇل دېگىن جان دادا،
باراي مەنمۇ مەكتەپكە!
بىلىم كېرەك كەلگۈسى
ئىشلەش ئۈچۈن ھەر سەپتە.

ئەركىن داۋۇت

## قۇشلار بىلەن قەلب رىشتىم ھەممە تۇتاش

(بالىلار تىلىدىن)

### مۇقەددىمە

باقتىم قۇشلار دۇنياسىغا
تىكىلىپ بىر پەس،
يۈرەك تارىم كەتتى تىترەپ
چېكىلىپ بىر پەس.

ئىلھامىمنى تىزگىنلىمەك
بولدى ئەجەب تەس.
چىرمىۋالدى ۋۇجۇدۇمنى
بالىلىق ھەۋەس.

قېنىم قىزىپ، تومۇرلىرىم
سوقتى ئېگىز ـ پەس.
ئىزھار قىلاي ئوي ـ پىكىرىمنى،
ئاڭلاڭ ئەمدى بەس.

### شاخ سانىغۇچ

شاخ سانىغۇچ شاختىن شاخقا
قونۇپ ئوينايدۇ،
ئۆمرىدە ئۇ بىر قېتىممۇ
شاخقا تويمايدۇ.

شادلىقىدىن شاخنى كۆيلەپ
سايراپ ھارمايدۇ.
شاخنى تاشلاپ كېتىشكە ھېچ
رايى بارمايدۇ.

شاخ ئىشقىدا جۇپ كۆزىنى
شاخقا تاشلايدۇ.
ھوشيار بولۇپ قۇرت، قوڭغۇزغا
ھۇجۇم باشلايدۇ.

شاخ سانغۇچ شاختىن شاخقا
قونۇپ ئوينايدۇ.
كېچىدىمۇ ئارام تاپماي
شاخنى ئويلايدۇ.

ئاق باش تورغاي

ئاق باش تورغاي ئەقىللىق قۇش،
پەمى بار خېلى.
بالىسىدىن خەۋەر ئېلىپ
كەتمەيدۇ نېرى.

چىقىپ قالسا سىرتقا ئەگەر
گۈل ئېلىپ كېلەر،
بۇ سوۋغىنى ئۆز جۈپتىگە
ھۆرمەتتە بېرەر.

سۆيگۈسىنى ئىزھار قىلار
ئاشۇ يوسۇندا.
خىسلىتىنى ئۆزگەرتمەستىن
بارچە سورۇندا.

ھۆپۈپ

ھۆپۈپ بەزەن قونۇپ شاخقا
سايرايدۇ ئۈزۈپ،
قانات بىلەن قۇيرۇقىنى
سۇپەتلىك تۈزۈپ.

قوغدايدۇ ئۇ مېۋىلەرنى
ئېتىزدا، باغدا.
غەيرەتلىنىپ زېرىكمەستىن
ھەرقانداق چاغدا.

شۇڭلاشقىمۇ بۇ قۇشقا كۆپ
مۇھەببىتىم بار.
ئامەت ئاڭا باشتىن ـ ئاخىر
بولسۇن نىسىپ يار.

ئاق قۇ

سۇغا كىرسە راھەتلىنىپ،
يايرايدۇ ئاق قۇ،
گۈل ـ گىياھقا چاچىدۇ ئۇ،
كۈمۈش رەڭ چاچقۇ.

كۆكتە پەرۋازقىلاردائىم
ئويىنىتىپ ئاق پەر.
پاك مۇھەببەتقا ئىنتىلىدۇ
كۆيۈپ شۇ قەدەر.

مەنزىلىدىن ۋاز كەچمەيدۇ
ئۆمرىدە پەقەت،
ئۇنىڭ بىلەن بەك يېقىملىق
بىزگە تەبىئەت.

خاتىمە

قۇشلار بىلەن قەلب رىشتىم
زەنجىردەك تۇتاش.
پەرۋاز قىلسا كۆكتە ئۇلار
لىگىشتىمەن باش.

ئۇركۇتمەيمەن باغ ۋاراندىن
ئېتىپ چالما، تاش.
مۇڭدىشىمەن قەدىناستەك،
بولۇپ چىن سىرداش،

ۋەزىپەمدۇر مېنىڭ دائىم
قۇشلارنى ئاسراش.
شەرەپلىكتۇر بۇ زېمىندا
مۇشۇنداق ياشاش.

بۇ ساندىكى شېئىرلارنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى ئەمەتجان بارى

جۇرئەت سەيپۇللا

# كىچىك «ئوغرى»

(ھېكايە)

ئون يىل بۇرۇن ... توغرا ئون يىل بۇرۇن، مەن ئۆز رايونىمىزدىكى ساقچى ئىدارىسىدە كاتىپ بولۇپ ئىشلەيتتىم. شۇ ۋاقىتتا مۇنداق بىر ئىش بولۇپ ئۆتكەنىدى.

سوغۇق ھاۋا ھەدەپ ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، مەن ئىشخانىدىكى مەشكە ئوتىنى راسا قالاپ قويۇپ، مەلۇم بىر دېلونى خاتىرىلەۋاتاتتىم. ئىشىك ئېچىلدى، سوغۇق شامال بىر ئايالنى ئېلىپ كىردى.

— ئىشىكنى يېپىڭ، سوغۇق كىرىپ كەتتى، — دېدىم مەن ئالدىمدا تۇرغان، چاچلىرىغا ئاق سانجىلغان بۇ ئايالغا قاراپ. ئايال بىر نېمە دېمەكچى بولدىيۇ، لېكىن ئارقىسىغا قاراپ سىرتتىن بىرسىنى چاقىردى. سىرتتىن 8 - 9 ياشلار ئەتراپىدىكى ۋىجىككىنە بىر كىچىك بالا، سوغۇقتىن توڭلاپ كەتكەن قوللىرىنى ھوردىغان ھالدا كىرىپ كەلدى. ئۇ نېمىدۇ بىر نېمىدىن ئەندىكىۋاتقاندەك، كۆزلىرىنى ئۇيان - بۇيانغا يۈگۈرتۈپ ئالاق - جالاق قىلاتتى.

— نېمە ئىشىڭلار بار؟ — دەپ سورىدىم مەن.

— سوجاڭ يوقمۇ؟ — دېدى ئايال، ھەم ئۇدۇلۇمدىكى بوش ئورۇندۇققا قاراپ قويدى.

— سوجاڭ بۈگۈن يىغىنغا كەتتى، ئىشىڭىز بولسا ماڭا دېسىڭىزمۇ بولىدۇ، — دېدىم ھەم قەلىمىمنى قويۇپ ئايالنى ئۇدۇلۇمدىكى ئورۇندۇققا تەكلىپ قىلدىم.

— مانى كۆرۈپ باقسىڭىز، — دېدى ئايال ئورۇندۇققا ئولتۇرۇۋېتىپ، يانچۇقىدىن بىر پارچە قەغەزنى ئېلىپ ماڭا بەردى ۋە ھېلىقى بالىنى ئولتۇرۇشقا شەرەت قىلدى. مەن ئايال سۇنغان قەغەزنى ئېچىپ ئوقۇشقا باشلىدىم.

× پەيچۇسو سوجاڭىغا:

مەكتىپىمىزنىڭ 2 - يىللىق B سىنىپ ئوقۇغۇچىسى جۇشقۇن بىر ھەپتە بۇرۇن مەلۇم قىز ساۋاقدىشىنىڭ ئۆيىگە ئۆگىنىش قىلغىلى بېرىپ، ئۈچ دانە ياقۇت كۆزلۈك ئالتۇن ئۈزۈكنى ئوغرىلىۋالغان. بۇنى ئۆزى ئىقرار قىلدى. ئەمما ئۈزۈكنى قايتۇرۇپ بەرمىدى، كېيىن يەنە قىلمىشىدىن تېنىۋالدى. شۇڭا سىلەر ياردەملىشىپ ئۈزۈكنى

تېپىشىپ بەرسەڭلار.

هۆرمەت بىلەن:

1 - باشلانغۇچ مەكتەپ

مۇدىرى ز.

1978. 12

قەغەزنى تۇتۇپ تۇرغان قولۇم ئىختىيارسىز تىترەپ كەتتى. بۇ خەتنىڭ مەزمۇنىدىن گاڭگىراپ قالغان ئىدىم، ئادەتتە بۇ ياشتىكى ئاياللار بۇ يەرگە ئۆز ئېرىدىن زارلىنىپ ئايرىلىشنى تەلەپ قىلىپ كېلەتتى. بۇ ئايالنىمۇ شۇنداقلارنىڭ بىرى بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ قالغانىدىم.

مەن ئالدىمدىكى تىترەپ تۇختىمايۋاتقان بۇ ئورۇق تەنگە سەپسالدىم. ئاشۇ ئورۇق، بۇغداي ئۆڭلۈك، ۋىجىككىنە بۇ بالا «ئوغرى» دەپ ئەيىپلىنىۋاتىدۇ. سوغۇقنىڭ تەسىرىدىنمۇ ياكى مېنىڭ كۆك رەڭلىك فورمامنىڭ سۈرىدىنمۇ، بالا تىترەپ كېتىۋاتاتتى. قىزىق، مەنمۇ تىترەپ كېتىۋاتىمەن، بالىغا ئىچىم ئاغرىشقا باشلىدى، بالا خۇددى هازىرلا بىرسى مۇشتلاپ كېتىدىغاندەك بىچارە قىياپەتتە تۇراتتى. لېكىن كەسپىم بولسا بۇ خىل هېسداشلىققا يول قويمايتتى. مەن ئەنگە ئېلىش ئۈچۈن تارتمىدىن دەپتىرىمنى چىقاردىم.

— ئىشنىڭ تەپسىلاتىنى سۆزلەڭ، — دېدىم مەن ئايالغا قاراپ. ئايال ئورۇندۇقنى سەل ئالدىغا سۈرۈپ بالىغا بىر قاردۇۋەتكەندىن كېيىن سۆز ئاچتى.

— بىز ئوقۇغۇچىلارغا ئۆيىنىڭ يېقىنلىقى ياكى مەھەللىلەر بويىچە گۇرۇپپىغا تەشكىللەپ ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرىمىز، — ئايال سۆزلەۋېتىپ بالىغا قاراپ - قاراپ قويدى، — مەن بۇ بالىنىڭ سىنىپ مەسئۇلى، بۇ بالىنى ئۆز مەھەللىسىدىكى ئىككى قىز بىلەن بىر گۇرۇپپا قىلىپ ئۆگىنىشكە تەشكىللىگەنىدىم. ئۆزى بولسا گۇرۇپپا باشلىقى. بۇرۇن ئۇ دەرستە ياخشى ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىرى بولۇپ مەكتەپ ۋە سىنىپتىكى ئىپادىسى ياخشى ئىدى، هەي ...

— سىز مەسىلىنىڭ ئۆزىنى سۆزلەڭ، — دېدىم مەن تېمىسىنىڭ چەتنەپ كېتىۋاتقانلىقىدىن خاتىرىلەشتىن توختاپ ئوقۇتقۇچىغا قارىدىم. ئوقۇتقۇچى بولسا ئۇدۇل تەرىپىدە ئولتۇرغان بالىغا بىر ئالىيىۋېتىپ يەنە گېپىنى داۋاملاشتۇردى.

— «هايۋاننىڭ ئالىسى تېشىدا، ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە» دېگەن شۇ، دە، قارىماسىز بىز ياۋاش، ياخشى، دەپ يۈرگەن بالا ئوغرى چىقىپ قالدى. بۇ ماڭا ۋە بىزنىڭ سىنىپقا نىسبەتەن بىر نومۇس ئىش. هە، هە، قايسى كۈنىتى؟ توغرا، دۈشەنبە. ئۆگىنىش قىلىش نۆۋىتى قەمەر دېگەن ساۋاقدىشىنىڭ ئۆيىگە كەلگەن. بۇ بالا چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن شۇ قىزنىڭ ئۆيىگە بارغان، ئۇ چاغدا گۈلنار دېگەن يەنە بىر ساۋاقدىشى تېخى كەلمىگەنىكەن. شۇنىڭ بىلەن قەمەر ئۇنى چاقىرغىلى چىقىپ كېتىپتۇ. ئۆيدە جۇشقۇن، هە، راست بۇ بالىنىڭ ئېتى جۇشقۇن، — دېدى ئوقۇتقۇچى ۋە بېشىنى يەردىن ئالماي ئولتۇرغان هېلىقى بالىنى كۆرسەتتى، — ئۆيدە جۇشقۇن يالغۇز قاپتىكەن. قەمەرنىڭ ئاتا - ئانىلىرى بولسا چۈشلۈك دەم ئېلىش ۋاقتى بولغانلىقىدىن ئۆيدە ئۇخلاۋاتقانىكەن. كېيىن قەمەر گۈلنار دېگەن قىزنى تاپالماي قايتىپ كەپتۇ ۋە بۇگۈنچە

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى

ئۆگىنىش قىلىماي تۇرۇشىنى ئېيتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن جۇشقۇن ئۆيىگە قايتىپتۇ. ئەتىسى قەمەرنىڭ ئاتا - ئانىسى ئۆزۈكنىڭ يېتىلگەنلىكىنى بىلىپ مەكتەپكە كەلدى. ئۆزۈكنى جۇشقۇندىن باشقا ئادەمنىڭ ئېلىشى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئېيتىپ چىڭ تۇردى.

— شۇنداق قىلىپ سىلەر بۇ بالىدىن گۇمانلاندىڭلارمۇ؟ نېمە ئاساسىڭلار بار؟

— شۇ كۈنى قەمەرنىڭ ئانىسى قولىنى يۇغاندا ئۆزۈكنى دېرىزە تەكچىسىگە قويۇپ كېيىن تاقىۋېلىشنى ئۇنتۇپ قېلىپ ئۇخلىغىلى كىرىپ كەتكەن. ئۇ يەردە جۇشقۇننىڭ دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ تۇرغانلىقىنى قەمەر سىرتتىن كىرىۋېتىپ كۆرگەنىكەن. دېمىسىمۇ سىز بالىغا ئوبدان قاراپ بېقىڭ، كۆزلىرىنىڭ ئالاق - جالاق قىلىشى، چىشلىرىنىڭ كاسىلداشلىرى، كۆزلىرىنى بىزدىن قاچۇرۇشى پەقەتلا ئوغرىغا خاس ھەرىكەت. مانا بۇلار ھەممىسى ئۇنىڭ ئوغرى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەمدۇ؟

— سىلەر بۇ بالىنىڭ ئۆزىدىن سورىدىڭلارمۇ؟ — مەن ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوغرىنىڭ «بەلگىسى» توغرىلىق سۆزلىگەنلىرىدىن، كۈلكەمنى ئاران بېسىۋېلىپ سورىدىم. ئوقۇتقۇچى خۇددى غەلىبە قىلغان ئادەمدەك مەغرۇر قىياپەتتە:

— ھەئە سورىدۇق، — دېدى.

— ئىقرار قىلدىمۇ؟

— ئىقرار قىلدى.

— سىز چىقىپ تۇرۇڭ، بالا بىلەن ئۆزۈم سۆزلىشەي، — مەن بالىنى ئالدىمدىكى ئورۇندۇققا چاقىردىم. ئوقۇتقۇچى ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆزىگە تەلمۈرۈپ تۇرغان بالىغا قاراپمۇ قويماي چىقىپ كەتتى. بۇنىڭدىن بالا تېخىمۇ ئەندىكىپ نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي ئورۇندۇقتا ئولتۇرالماي قالدى. «توۋا، — دېدىم ئىچىمدە، — بۇنداق كىچىك بالا ھېچقاچان ‹ئوغرى› دەپ ئەيىبلىنىپ بۇ يەرگە كېلىپ باقمىغان. بۇنىڭدىن چوڭراق بالىلار كەلسىمۇ ئوقۇتقۇچىلىرى ‹ئۆزىمىز تەربىيىلىۋالىمىز› دېيىشىپ بۇ يەردە پايپېتەك بولۇشۇپ كېتىدۇ. بۇ ئايال راستىنلا مۇشۇ بالىنىڭ ئوقۇتقۇچىسىمىدۇ؟» ئىشىكنىڭ جاق قىلغان ئاۋازى مېنى خىيالدىن سەگىتتى. ئايال چىقىپ كەتكەنىدى. مەن سوئالىمنى، ياق، سورىقىمنى باشلىدىم.

— ئېتىڭ نېمە؟

— جۇشقۇن.

— قانچە ياشقا كىردىڭ؟

— توققۇز ياشقا.

— نېمە ئىش قىلىسەن؟

— ھە؟!

بالىنىڭ چىرايىدىكى ئەجەبلىنىش ئىپادىسى مېنى ئوڭايسىز ھالغا چۈشۈردى.

— بولدى، بولدى، بۇنى سەندىن سورىمايلا قوياي، ئوغرىلىغان ئۆزۈكۈڭ قانچە دانە؟

— مەن ئۆزۈك ئوغرىلىمىدىم، — بالىنىڭ جاۋابى كۈتكەن يېرىمدىن چىقمىدى.

— ئەمىسە ئۇلار سېنى نېمىشقا بۇ يەرگە ئېلىپ كەلدى؟

— ...

— مەن ساڭا گەپ قىلىۋاتىمەن.

بالا پاڭىدە يىغلاپ تاشلىدى. مەن گېپىمنىڭ سەل قوپال چىقىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. نېمىلا دېگەن بىلەن ئۇ تېخى بىر كىچىك بالا ئەمەسمۇ؟

— مەن راستىنلا ئۇزۇكنى ئالمىدىم. خۇدا ھەققى، مەن ھېچنېمە ئالمىدىم، — بالا توختىماي يېشىنى سۈرتەتتى ۋە ئېسەدەيتتى.

— ئوقۇتقۇچىلىك سېنى ئىقرار قىلدى دەيدىغۇ، — دېدىم مەن.

بالا يەنە يىغلاشقا باشلىدى. مەن قول ياغلىقىمنى چىقىرىپ بالىغا تاشلاپ بەردىم. بالا قولياغلىقنى ئالماي، ھە دەپ قولى بىلەن ياشلىرىنى سۈرتەتتى. بالىنىڭ بىچارە ھالىغا قاراپ بىر تۇرۇپ ئىچىم ئاغرىسا، بىر تۇرۇپ بۇنىڭ كىچىك تۇرۇپ يالغان ئېيتىشۋاتقانلىقىدىن ئاچچىقىم كېلەتتى. «خەپ! سېنى بىر چۆچۈتۈپ قويىمسام»

— مەن بىلەن ماڭ.

— نەگە؟

— ھازىر بىلىسەن، — مەن بالىنى باشلاپ ئىشخانىدىن چىقتىم. سىرتتا ئوقۇتقۇچى ئايال ئۇستىبېشىنى ئاپئاق قار باسقان ھالدا دۇگدىيىپ تۇراتتى. مەن ئۇنى مېھمان كۈتۈش ئۆيىگە كىرگۈزۈۋېتىپ، بالىنى ئامانلىق قوغداش ئىشخانىسىغا ئېلىپ كىردىم. ئىشخانىدا بىر كادىرىمىز قولىغا كويزا سېلىنغان بىر جىنايەتچىنى سوراق قىلىۋاتاتتى.

— شۇنداق قىلىپ مېنىڭ ئالدىمدا قانچىنچى قېتىم بولۇشۇڭ؟

— ئىككىنچى قېتىم، — ياش جىنايەتچى بېشىنى يەردىن ئالماي جاۋاب بەردى، — ياق! تۆتىنچى قېتىم.

بالىنىڭ كۆزلىرى جىنايەتچىنىڭ قولىدا پارقىراپ تۇرغان كويزىغا چۈشتى — دە، چىرايى ئۆزگىرىپ كەتتى. مەن مەقسىتىمنىڭ ئەمەلگە ئاشقانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنى بۇ يەردىن ئېلىپ چىقىپ كەتتىم.

— ئەمدىغۇ، راست گەپ قىلارسەن؟

— ھەئە.

— ئۇنداق بولسا سۆزلە!

— مەن راستىنلا ئالمىدىم، — بالا شۇنچىلىك قورقۇپ كەتكەن ئىدىكى، ھەتتا ئۇنىڭ چىشىنىڭ كاسىلداشلىرىمۇ ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بالا ئۈننى چىقىرىپ يىغلاشقىمۇ پېتىنالماي ئېسەدەيتتى. بالىغا بىر ئىستاكان چاي قۇيۇپ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدۇم. ئىستاكان ئۇنىڭ تىترىگەن قوللىرىدىن يەرگە چۈشۈپ پاك! قىلغان ئاۋاز بىلەن ئەينەك پارچىلىرىنى يەرگە تېرىۋەتتى. بالىنىڭ قورقۇنچ باسقان چىرايىغا قاراپ ئىچىم سىيرىلىپ كەتتى. قىسقىسى قىلغان ئىشىمغا بەكمۇ پۇشايمان قىلدىم. بالا توختىماي تىترەيتتى. چىرايى بولسا تاتىرىپ كەتكەن بولۇپ، يۈزىدە قان دىدارى قالمىغانىدى. بەلكى بالىنىڭ مېڭىسىدە بايىقى كۆرۈنۈشلەر ئەكس ئېتىپ، ھېلىقى پارقىراپ تۇرغان كويزا ئۆز قولىغا سېلىنىشۋاتقاندەك تۇيۇلۇۋاتسا كېرەك.

ئېسىت، مەن نېمىشقىمۇ بۇ بالىنى ئاشۇ يەرگە ئەكىرگەندىمەن، قانداقلا بولمىسۇن ئۇ بىر گۆدەك بالىغۇ؟ بىرى يۈرىكىمگە بىر يوغان تاشنى قويۇپ قويغاندەك سېزىمگە كېلىپ قالدىم. بالىغا بولغان ھېسداشلىقىمنى بېسىۋالالماي بېرىپلا ئۇنى باغرىمغا بېسىپ قۇچاقلىغۇم، باشلىرىنى سىيلىغۇم كېلەتتى. ھازىر بالىغا كېرىكىمۇ دەل مۇشۇ ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئەتىمالىم، بالا دېرىزىدىن سىرتقا تەلمۈرەتتى. بەلكى ئوقۇتقۇچىسىنىڭ تېزرەك كىرىپ «قۇتقۇزۇۋېلىشىنى» كۈتۈۋاتقاندۇ. ئۇ، ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ئۆزى ئۈستىدىن ھۆكۈم ئېلان قىلىپ بولغانلىقىنى نەدىنمۇ بىلسۇن ھەم قانداقمۇ بىلەلىسۇن. بۇ ياشلاردىكى بالىلارغا نىسبەتەن ئوقۇتـ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

قۇچى — بىر خۇدا ـ دە، مەن گېپىمنى خېلىلا سىلىقلاشتۇرۇپ سۆزۈمنى داۋاملاشتۇردۇم:

— سەن ئوقۇتقۇچىڭغا مەن ئالدىم، دەپ ئېيتىپسەنغۇ؟

بالا مېنىڭ چىرايىمغا قاراپ سەل دىدىللەشتى.

— مەن سىزگە ئېيتىپ بىرەي، — دېدى بالا ئۆكسۈپ تۇرۇپ، — ئۇ كۈنى مەن قەمەرنىڭ ئۆيىدە ئۆگىنىش قىلالمىغاندىن كېيىن، چىقىپ كەتتىم. ئەتىسى مەكتەپكە بارسام، مۇئەللىم مەندىن ئۈزۈكنى سورىدى. مەن ئالمىدىم دېسەم مۇئەللىم يەنە سوراۋەردى. مەن دەسلەپكى گېپىمدە چىڭ تۇردۇم، شۇنىڭ بىلەن مۇئەللىم مېنى بىزنىڭ مۇدىرىمىزنىڭ قېشىغا ئېلىپ كىردى. مۇدىرنىڭ ئاچچىقى يامان بولغاچقا مەكتەپتە ھەممىمىز قورقاتتۇق. ئۇنىڭغىمۇ شۇ جاۋابنى بەردىم. ئۇلار ئىشەنمىدى، ھەر كۈنى نەچچە سائەتلەپ ئاشۇ ئىشخانىدا ئۆرە تۇرىمەن... ئاخىرى مۇدىر: «مەن ئالدىم دېسەڭلا ھېچ ئىش بولمايدۇ، يەنىلا ئوقۇۋېرىسەن، خاتىرجەم بولغىن، ئەگەر يەنىلا جاھىللىق قىلساڭ مەكتەپتىن قوغلايمىز» دېدى. راست گەپ قىلسام، مەن ئۈزۈكلەرنى كۆرۈپمۇ باقمىغان، لېكىن ئاشۇ كۈندىكى سوراق ۋە سوغۇق مۇئامىلىدىن بىزار بولغانىدىم. ئالدىم دېسەم ھېچنېمە بولمىسا، ئالدىم دەپلا قۇتۇلايمۇ دېدىم ـ دە، شۇنىڭ بىلەن شۇنداق دېدىم. ئۇلار ئۈزۈكنى نەگە قويغانلىقىمنى سوراشتى. مەن ئۇزۇن ئويلىنىپ ئولتۇرۇپ كەتتىم. ھېچگەپ تاپالماي ئاخىرى «بالىلار بىلەن قار ئېتىشىپ ئوينىغاندا يانچۇقىمدىن چۈشۈپ قاپتۇ» دېدىم. ئۇلار مېنىڭ دېگەن گېپىمگە ئىشەنمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۈزۈكنى تېپىپ بەر، كىمگە بەردىڭ؟ كىمگە ساتتىڭ؟ دېگەن سوئاللار يېغىپ كەتتى. مەن گەپ تاپالمىدىم. كېيىن ئۇلار بۇ يەرگە ئېلىپ كەلدى. ئاكا، مەن راستىنلا ئوغرى ئەمەس...

بالىنىڭ گېپى ئاياغلاشمايلا يىغلاپ تاشلىدى. مەن ئويلىنىپ قالدىم. بالىنىڭ گېپىمۇ ئورۇنلۇق ئىدى. ئەمما ھېسداشلىق بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ ـ دە، مەن ئوقۇتقۇچىنى چاقىردىم.

— سىز بىزنى نېمە قىلىپ بەرسۇن دەيسىز؟ — ئىشىكتىن كىرىپ كەلگەن ئوقۇتقۇچىنىڭ ئالدىمغا كېلىشىنى كۈتمەيلا سورىدىم.

— ئۈزۈكنى تېپىشقا ياردەم بەرسۇن مىكىن، دەپ كەلگەنتىم. قەمەرنىڭ ئاتا ـ ئانىسى مەكتەپكە كېلىپ داۋا قىلىۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ دۇدۇقلاپ. مەن ئىشنىڭ دەرھال ھەل بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

— ئۇنداق بولسا سىلەر كېتىپ تۇرۇڭلار، بۇ ئىشنى سوجاڭ ئۇقسۇن، ئاندىن بىر نېمە دېيىشەرمىز، لېكىن بالىنى يەنە زورلاپ قورقاتماڭلار، بۇ ئىشتىن بالىنىڭ ئۆيىدىكىلەرمۇ خەۋەر تاپسۇن، سىلەر بىر پارچە يازما دوكلات يېزىپ كېلىڭلار، — دېدىم مەن كۆزۈمگە بىردەمدىلا بۆلەكچىلا كۆرۈنۈپ قالغان ئوقۇتقۇچىغا زەردە بىلەن. قىزىق، بالىغا بولغان ھېسداشلىقىم بىر پەستىلا بۇ ئايالغا نەپرىتىمنى قوزغىغانىدى. ئۇلار كەتتى. بۇ ئىشنى زادىلا ئېسىمدىن چىقىرىۋېتەلمىدىم. ئۇلار شۇ كەتكەنچە بىرنەچچە كۈن كەلمىدى. بۇ ئىشنى بىلگەن سوجاڭمۇ «بىر كىچىك بالىنى بۇيەرگە ئېلىپ كېلىپ، قورقاتقىچە

ئوقۇتقۇچىلار ئۆزلىرى تەربىيە بىرىپ قاتىل قىلىۋالسا بولماسمىدى؟ ئاتا - ئانىلىرىمۇ ئۆزئارا كېلىشىۋالسا بولىدىغۇ. بالا ئوغرى بولغان تەقدىردىمۇ، ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرى بولغان ئادەم يېتەكلەپ كەتسە بالا تۈزۈلىدۇ ئەمەسمۇ. ئۆزلىرى ھەل قىلالايدىغان ئىشقىمۇ بىزنى ئاۋارە قىلسا، گۆدەك بالىلارنى بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىپ يۈرىكىنى زەخىملەندۈرسە، جەمئىيەت قانداق بولۇپ كېتىدۇ، بالىغا بولغان تەسىرىچۇ؟ تازىمۇ قاملاشمىغان ئىش بوپتۇ - دە.» دېدى سوجاڭ قايناپ.

شۇ ئىشلار ئۆتۈپ بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن ھېلىقى بالا ئىشخانىغا قورۇنۇپراق كىرىپ كەلدى. بالىنىڭ چىرايىدا كىچىك بالىلارغا خاس بىر خىل تەبەسسۇم جىلۋىلىنەتتى.

— ئاكا، ھېلىقى ئۆزۈكلەر قەمەرنىڭ ئۆيىدىن تېپىلىپتۇ. ئانىسى شۇ كۈنى ئۆزۈكنى ياستۇقى ئاستىغا قويۇپ ئۇنتۇلۇپ قالغانىكەن، چۈنكى ئانىسى كۈندە ئادەت بويىچە قولىنى يۇغاندا ئۆزۈكنى دېرىزە تەكچىسىگە قويۇپ قوياتتىكەن، ئۇ كۈنى ئۇ يەرگە قويماپتۇ، ئۇخلاپ ئويغىنىپ دېرىزە تەكچىسىنى ئىزدەپتۇ، كېيىن ئۇ ئۆزۈكلەر ئورۇن يىغقاندا كارىۋات ئاستىغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. تۈنۈگۈن ئۇلار كارىۋات ئاستىنى تازىلىغاندا شۇ يەردىن چىقىپتۇ، — بالا بىر تىنىق بىلەنلا بۇ خۇش خەۋەرنى سۆزلەپ تۈگەتتى.

— يەنە مۇئەللىم ئەسلى ئۆزى بىللە كەلمەكچىدى. ۋاقتى يوق ئىكەن، كېلەلمەي سىزگە مۇنۇ خەتنى ئەۋەتتى، — دېدى بىر پارچە خەتنى ماڭا سۇنۇپ. مەن خەتنى ئېلىپ ئوقۇشقا باشلىدىم. «ھۆرمەتلىك ئادىل سوجاڭ، مەن بەكمۇ خىجىللىق ئىچىدە بۇ خەتنى يېزىۋاتىمەن. مەن شۇنى چۈشىنىپ يەتتىمكى، ھەرقانداق بىر ئىشقا ھېسسىي جەھەتتىن ھۆكۈم قىلىش بەكمۇ ئەخمەقلىق ئىكەن. بولۇپمۇ مەندەك بىر ئوقۇتقۇچى بولغان كىشى تېخىمۇ شۇنداق. مەن بالىنىڭ قورقۇپ ھودۇقۇپ كېتىشلىرى ۋە كۆزلىرىدىكى ئەندىشىدىن ئۇنى ‹ئوغرى› دەپ ئويلاپتىمەن. مەن مەسىلىگە قانداق قاراشنى ئۆگەندىم. مەن ھەقىقەتەنمۇ خاتا قىلىپتىمەن.

دەپ مېھرىبان

«1978 ·12 ·1

بالىغا سەپسالدىم، ھازىر بالىنىڭ كۆزلىرى نۇرلانغان، يۈزلىرى قىزارغان ھەم روھىي ھالىتى بۇرۇنقىغا پۈتۈنلەي ئوخشىمايتتى. ئۆتكەندە خۇددى مەن «ئوغرى» بولۇپ ئەيىبلەنگەندەك ئازابلانغان ئىدىم. ئەمدى بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ يۈرىكىمدىن يوغان بىر تاشنى ئېلىپ تاشلىغاندەك يېنىكلا بولۇپ قالدىم. بالا چىقىپ كەتتى. دېرىزىدىن بالىنىڭ سىرتتا (ئانىسى بولسا كېرەك) بىر ئايالغا ئەركىلەپ ئانىسىنىڭ يېنىدا ئويناقلاپ كېتىۋاتقان تايچاقتەك كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ يۈرىكىم سۆيۈنۈپ كەتتى. جايىمغا كېلىپ يەنە ئىشىمغا كىرىشتىم. قولۇمدىكى قەلىمىم قەغەز ئۈستىدە يېنىك يورغىلايتتى ...

مەسئۇل مۇھەررىر تۇرسۇنئاي ھۈسەيىن

www.uyghurkitap.com



# دەۋرنىڭ ئاساسىي مۇقامىنى ئىپادىلەشكە ئەھمىيەت بېرەيلى

ژۇرنىلىمىز ئوبزورچىسى

ژۇرنىلىمىز ئەدەبىي ئىجادىيەتنى گۈللەندۈرۈشكە تۆھپە قوشۇۋاتقان بارلىق ئاپتورلارغا باھار بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن قىزغىن سالام يوللايدۇ ۋە ئۇلاردىن سەممىمىي ھال سورايدۇ!

ئۆتكەن بىر يىلدا يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، بىر قولدا تۇزەش، بىر قولدا ئىجادىيەتنى گۈللەندۈرۈش فاڭجېنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدە زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. ئاپتورلارنىڭ تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ، دەۋرنىڭ ئاساسىي مۇقامىنى ئىگىلەپ، رېئال تېمىلارنى، دەۋر روھىنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئورتاق تىرىشىشى ئارقىسىدا، ئەدەبىي ئىجادىيەتتە بىرمۇنچە يېڭى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. بۇ، كىشىنى خۇرسەن قىلىدۇ. بۇندىن كېيىن ئەدەبىي ئىجادىيەتنى تېخىمۇ گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن، تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، ئاساسىي مۇقامنى پۇختا ئىگىلەپ، توغرا يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇشىمىز لازىم.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ جۇڭگو ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرىنىڭ 4 ـ قۇرۇلتىيىدا سۆزلىگەن تەبرىك سۆزىدە: «بىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتىمىز سوتسىيالىستىك يېڭى ئادەملەرنى تەسۋىرلەش ۋە يېتىشتۈرۈش جەھەتتە تېخىمۇ زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ، تېخىمۇ مول مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈشى لازىم، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا ئىگىلىك ياراتقۇچىلارنىڭ ئوبرازىنى يارىتىشى، ئۇلارنىڭ ئىنقىلابىي غايە ۋە ئىلمىي پوزىتسىيىگە، ئالىيجاناب خىسلەتكە ۋە ئىجاد قىلىش ئىقتىدارىغا، كەڭ نەزەر دائىرىگە ۋە ئەمەلىيەتچىل روھقا ئىگە يېپيېڭى قىياپىتىنى ئىپادىلىشى كېرەك. بۇ يېڭى كىشىلەرنىڭ ئوبرازى ئارقىلىق كەڭ ئاممىنىڭ سوتسىيالىستىك ئاكتىپلىقىنى قوزغاپ، ئۇلارنىڭ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت تارىخىي خاراكتېرلىك ئىجادىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشىغا تۈرتكە بولۇشى كېرەك ... بىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئىتىمىز جانلىق ۋە تەسىرلىك بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق مەزمۇنغا باي ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى، كىشىلەرنىڭ تۈرلۈك ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەردىكى ماھىيىتىنى ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈشى، دەۋرنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش تەلىپىنى ۋە تارىخىي تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى ئىپادى-

بېرىشى، شۇنىڭدەك خەلقنى ئىزچىل سوتسىيالىستىك ئىدىيە بىلەن تەربىيىلەپ، ئۇلارنى پارلاق ئالغا ئىنتىلىش، جاسارەت بىلەن ئىشلەش روھىغا ئىگە قىلىش لازىم» دەپ كۆرسەتكەنىدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ بۇ سۆزىدە سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ ئاساسىي مۇقامى ۋە ئاساسىي مەقسىتى ئېنىق شەرھلەنگەن.

مەلۇمكى، دۆلەتنىڭ، خەلقنىڭ تەقدىرىدە، ئىستىقبالىغا، جانجان مەنپەئىتىگە ئالاقىدار زور ھەم مۇھىم ئىشلار دەۋرنىڭ ئاساسىي ئېقىمىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ، دەۋرنىڭ ئاساسىي مۇقامىنى ھاسىل قىلىدۇ. بىز ھازىر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش، ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئەمەلىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىمىز. خەلقىمىز بۇ ئۇلۇغ ئەمەلىيەت داۋامىدا ھەر خىل جاپا-مۇشەققەتلەرنى يېڭىپ كۆرەش قىلىپ، ئۆزلۈكسىز يېڭى نەتىجىلەرنى يارىتىۋاتىدۇ. جەمئىيەت ئىلگىرىلىمەكتە. قالاق، نامرات قىياپەت ئۆزگەرمەكتە. كىشىلەرنىڭ مەنىۋى قىياپىتى زور دەرىجىدە يېڭىلانماقتا. ھەرقايسى سەپ، ھەرقايسى ساھەلەردە يېتىشىۋاتقان سوتسىيالىستىك يېڭى ئادەملەر، ئېلىمىزنى ۋە جۇڭخۇا مىللەتلىرىنى يۈكسەك تەرەققىياتقا ئېرىشتۈرۈپ قۇدرەت تاپقۇزۇش يولىدا پىداكارانە ئەجىر سىڭدۈرۈپ، كارامەت تۆھپە يارىتىۋاتقان قەھرىمان شەخسلەر ئاز ئەمەس. بىزنىڭ ئىجادكارلىرىمىز مانا مۇشۇنداق ئۇلۇغ ئەمەلىيەتنى ئىپادىلەش ۋە مەدھىيىلەشكە، مانا مۇشۇنداق يېڭى ئادەملەر — قەھرىمان شەخسلەرنىڭ ئوبرازىنى يارىتىپ، ئۇلارنى ئىپادىلەش ۋە مەدھىيىلەشكە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك.

دەۋر يازغۇچىلارنى چاقىرماقتا. خەلق يازغۇچىلارغا يېڭى-يېڭى تەلەپلەرنى قويماقتا. شۇڭلاشقا بىز بەدىئىي ئىجادىيەتتە دەۋرنىڭ ئاساسىي مۇقامىنى پۇختا ئىگىلەپ، دەۋرنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن، ئاما ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئىجتىمائىي ئەھمىيىتى زور رېئال تېمىلارنى كۆپلەپ يېزىشىمىز ۋە بۇنىڭغا ئاساسىي زېھنىي كۈچىمىزنى قارىتىشىمىز لازىم. شىنجاڭدىن ئېيتقاندا، مىللەتلەرنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىنى ئاشۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ۋە ۋەتەن بىرلىكىنى قوغداش مۇھىم ئالاھىدىلىككە ئىگە چوڭ تېما، ئاساسىي مۇقام. بىز بۇ تېمىلارنى ئىجادىيىتىمىزنىڭ ئاساسىي مۇقامى قىلىپ چىڭ تۇتۇپ، شۇ ئارقىلىق خەلقنىڭ ئىشەنچىسىنى، غەيرىتىنى ئاشۇرۇپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەشەببۇسكارلىق ئىجادچانلىق روھىنى تېخىمۇ ئۇرغۇتۇپ، ئۇلارغا دەۋرنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش تەلىپىنى ۋە تارىخىي تەرەققىيات يۆزلىنىشىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىشىمىز لازىم.

سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئەتنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت ئومۇمىيلىققا بويسۇندۇرۇش، دەۋرنىڭ ئاساسىي ئېقىمىنى روشەن ئەكس ئەتتۈرىدىغان، دەۋر روھىغا باي، تۇرمۇش پۇرىقى كۈچلۈك مۇنەۋۋەر بەدىئىي ئەسەرلەرنى زور كۈچ بىلەن ئىجاد قىلىش ئۈچۈن، ئىجادكارلىرىمىز تۇرمۇش قايىنىمىغا، زامانىۋىلاشتۇرۇش ئەمەلىيىتىگە چوڭقۇر چۆكۈشى، تۇرمۇشنى بىلىش، تۇرمۇشنى تەھلىل قىلىش، ھادىسىدىن ئۆتۈپ شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى ئىگىلەش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشكە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشى لازىم. ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى ئىسپاتلىدىكى، رېئال تۇرمۇش ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ پۈتمەس-تۈگىمەس مەنبەئى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم

www.uyghurkitap.com

قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئەمەلىيەت ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ مۇنبەت تۇپرىقى. ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنىڭ بەدىئىي ھاياتى خەلق ئاممىسى بىلەن يېقىن ئالاقە باغلاشتا. ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتى ۋە خەلق ئاممىسى بىلەن قويۇق ئالاقە باغلاش سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ گۈللەپ روناق تېپىشىنىڭ ئاساسى. دەۋردىن، خەلق ئاممىسىدىن ئايرىلىپ قالغان ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ ئىستىقبالى بولمايدۇ.

كېيىنكى يىللاردا بىزنىڭ بىر قىسىم ئىجادكارلىرىمىز قاينام - تاشقىنلىق تۇرمۇش ئەمەلىيىتىگە چوڭقۇر چۆكۈشنى خېلىلا بوشاشتۇرۇپ قويدى. شۇڭلاشقا ئۇلار ئۆز ئەسەرلىرىدە دەۋرنىڭ ئاساسىي مۇقامىنى، رېئال تۇرمۇشىمىزدىكى غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى قايناق ھېسسىيات بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلمەي، دەۋرنىڭ تەلىپى ۋە خەلقنىڭ كۈتكەن ئۈمىدىدىن يىراقلاپ كەتتى. بۇ، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش پىكىر ئېقىمىنىڭ ئىدىيە ۋە نەزەرىيە جەھەتتىكى قالايمىقانچىلىقىنىڭ تەسىرىدە، بىر قىسىم ئاپتورلارنىڭ ئىجتىمائىي رېئاللىقتىن، ئەمەلىيەتتىن چەتنەش، دەۋر روھىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان، ئامما كۆڭۈل بۆلىدىغان ۋە تەقەززا بولۇۋاتقان جەڭگىۋار تېمىلارغا قىزىقماسلىق خاھىشىنى مەلۇم دەرىجىدە يۇقتۇرۇۋالغانلىقىنىڭ زىيانلىق ئىپادىسى. شۇڭلاشقا بىز ئاپتورلارنىڭ ماركسىزملىق ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيىسى بىلەن پۇختا قوراللىنىپ، ئىدىيە، نەزەرىيە جەھەتتىن تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ دەۋر ئالدىدىكى يۈكسەك مەسئۇلىيىتىنى ئېنىق تونۇپ يېتىشىنى، شۇنىڭدەك تۇرمۇش قاينىمىغا چۆكۈشكىمۇ، تۇرمۇشتىكى ماھىيەتلىك، ئىلغار، ئاكتىپ تەرەپلەرنى تاللاشقىمۇ ھەمدە ئۇنى بەدىئىي جەھەتتىن پىششىق تاۋلاشقىمۇ ماھىر بولۇشىنى تەشەببۇس قىلىمىز.

بىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئىتىمىز سوتسىيالىستىك يېڭى ئادەملەرنىڭ جانلىق ھەم تەسىرلىك بەدىئىي ئوبرازىنى يارىتىش ۋە رېئال، دەۋرنىڭ ئاساسىي مۇقامىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان تېمىلارنى زور كۈچ بىلەن يورۇتۇپ بېرىش ئارقىلىق دەۋرنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش تەلىپىنى ۋە تارىخىي تەرەققىيات يۆنىلىشىنى روشەن ئىپادىلەپ بېرىشى، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشى لازىم. سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ بۇ ۋەزىپىسىنى كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇنداش ھەر مىللەت ئەدەبىيات ئىجادىيەتچىلىرىنىڭ شەرەپلىك بۇرچى ۋە ئورتاق مەجبۇرىيىتى.

ۋاڭ باۋ

# تارىخىي تۇيغۇ، دوست ئەلگە مۇھەببەت

— بوغدا ئابدۇللانىڭ پاكىستان ھەققىدىكى شېئىرلىرىنى ئوقۇغاندىن كېيىن

شېئىرنىڭ مەزمۇن گۈزەللىكى كىتابخان قەلبىدە نازۇك، مۇرەككەپ تەۋرىنىش پەيدا قىلالىسا، زامان، ماكاندىن ھالقىپ كەتكەن چەكسىز ئوي-پىكىر قوزغىيالىسا، بۇ ئاشۇ شېئىرنىڭ بەدىئىي جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. «بىر شېئىردا گۈزەللىكنىڭ بولۇشلا كۇپايە قىلمايدۇ، ئۇ يەنە جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە بولۇشى، ئوقۇغۇچىلار قەلبىگە ئاپتورنىڭ ئارزۇسى بويىچە تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان بولۇشى لازىم.» شۇنداق شېئىرلا ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولالايدۇ. يېقىندا شائىر بوغدا ئابدۇللانىڭ پاكىستان ھەققىدىكى شېئىرلىرىنى ئوقۇپ، ئاشۇنداق ھېسسىياتقا كەلدىم.

پاكىستان ئۆزىگە خاس تارىخىي تەرەققىيات ئەنئەنىسىگە ئىگە مەملىكەت. ئىسلام دىنى بۇ رايونغا مىلادى 8-ئەسىرنىڭ بېشىدىلا تارقالغان. مەملىكەتتىكى 80 مىليوندىن ئارتۇق ئاھالىنىڭ 97 پىرسەنتىدىن كۆپرەكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. بۇ مەملىكەتنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە مەدەنىي قىياپىتى ۋە ئىنتايىن قويۇق دىنىي تۈسى ئۇنىڭ ھەقىقەتەن ئىسمى جىسمىغا لايىق «ئىسلام دۆلىتى» ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شائىر بوغدا ئابدۇللا كىچىكىدىنلا ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. بۇ تەسىر ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى ئىسلام مەدەنىيىتىگە دائىر تارىخىي ھېسسىياتلاردا روشەن ئەكس ئېتىدۇ. ئۇ قەدىمىي شەھەر لاھورغا كىرگەن چاغدىكى ھاياجىنىنى مۇنداق ئىپادىلەيدۇ:

لاھور، قېنى، بارمۇ خۇمدانىڭ،
سالغىن، قېنى، بولاي پارچە خىش.
شالىمارنىڭ تاملىرى ئارا
تۇردۇم رەسىم بولۇپ بىر نەقىش.

مىڭ يىللاردا سۆڭىكىم قالماس،
تاپسا ئەۋلاد روھىمنى بۇندىن.
ئىقبال بىلەن مېنىپ يانمۇيان،
خانىتەڭرىگە چىقاتتىم ئاندىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لاھور ــ جەنۇبىي ئاسىيادىكى مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە مەشھۇر قەدىمىي شەھەر، 16 - 17 - ئەسىرلەردە موغۇل ئىمپېرىيىسى بۇ شەھەرنى پايتەخت قىلغان. بۇ شەھەردىكى مەملىكەت بويىچە ئەڭ ھەيۋەتلىك بادىش مەسچىتى ۋە موغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ شالىمار چاھارباغى دۇنياغا مەشھۇر. شۇڭلاشقا بوغدا ئابدۇللا ئۇنىڭ «خۇمدانى» دا «پارچە خىش» بولۇشنى راۋا كۆرىدۇ، ھەتتا «مىڭ يىللاردا سۆڭەكى قالماس» لىققىمۇ رازى بولىدۇ. يۈرەكنىڭ قېتىدىن چىققان بۇنداق ھاياجاننى چۈشىنىش تەس ئەمەس. شائىر قەدىمكىنى ياد ئېتىش ئارقىلىق تارىخنى ئىپادىلەشتىن ئۆزىگە كۆچۈپ، ئۆز روھىنىڭ پاكىستاننىڭ يېقىنقى زاماندىكى مەشھۇر پەيلاسوپى ۋە شائىرى ئىقبال بىلەن «يانمۇيان مېڭىپ»، «خانتەڭرىگە چىقىدىغانلىقى» نى بايان قىلىدۇ. بۇ نوقۇل ھالدىكى قەدىمكىنى ئەسلەشتىن تۇغۇلغان ھېسسىياتنى ئىپادىلەش بولۇپلا قالماستىن، بەلكى تارىخىي مەسىلىلەر ئۈستىدىكى ئىزدىنىش ۋە يات ئەلنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەن ئېكىنى ئەقلىي جەھەتتىن چۈشىنىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، شۇڭا شېئىردا مەزمۇن مېغىزلىق، تارىخىي تۇيغۇ چوڭقۇر ئىپادىلەنگەن.

ئەلۋەتتە، تارىخىي تۇيغۇ دېگىنىمىز چوقۇم تارىخنى يېزىشنى شەرت قىلمايدۇ. ئاچقۇچ شائىرنىڭ توغرىدىن توغرا ئىپادىلەش بىلەنلا قانائەتلىنىپ قېلىشتىن كىشىلىك دۇنياسىنىڭ يوشۇرۇن قاتلاملىرىدىكى سىرلارنىڭ ئىچىگە چوڭقۇرلاپ كىرىپ، رېئاللىق بىلەن تومۇرداش بولغان تارىخ، مەدەنىيەت ۋە قىياپەت جەھەتتىكى مەلۇم ئامىللارنى قېزىپ چىقىپ، شۇ ئارقىلىق ئىجادىيەتتە يېڭى نەزەر دائىرە، قەدىمكى مۇھىت يۈكسەكلىكى يارىتالىغان - يارىتالمىغانلىقىدا، شائىر كاراچى كوچىسىدا كېتىۋېتىپ كۆرگەن بىر تۆگە ھەققىدە مۇنداق يازىدۇ:

بىر تۆگە كۆردۈم.
بويىنىغا ئۇنىڭ كولدۇرما ئەمەس،
كۆك مارجان ئېسىپ قويغان ئىگىسى.

بۇ مىسرالارنى ئوقۇغىنىمىزدا، ئۇنىڭ رېئال تۇرمۇشتا مەۋجۇتلۇقىنى ئاسانلا ھېس قىلالايمىز، لېكىن سەللا ئويلىنىپ كۆرسەك، بۇ مىسرالاردىن قەدىمكى تار چۆلى ۋە سىندى دەرياسى ۋادىسىغا خاس بولغان ئالاھىدە پۇراقنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى ئېنىق سېزىمىز:

چۆلنى تاشلاپ بەرسەڭ ئالدىغا،
يولدا ھەرگىز قالمايدۇ يۈكى.
خىسلەتتە بار، زۇۋاندا ھېچ يوق،
قۇيرۇقىنى قوم باسقىچە تاكى.
(«تۆگە»)

بۇ شائىرنىڭ كۆز ئالدىدىكى مەنزىرىنىڭ بەدىئىي جەھەتتىن يۇغۇرۇلۇشى ھەم شائىر تارىخىي نەزەر بىلەن تاللىۋېلىپ ئىپادىلىگەن پەلسەپىۋى پىكىرگە ئىگە شېئىرىي ئوبيېكتتىن ئىبارەت. تۆگە جەنۇبىي ئاسىيا رايونىدا «چۆل كېمىسى» دەپ تەرىپلىنىدۇ. ئۇ قەدىمكى زاماندا قۇملۇق چۆللەردىن ئىبارەت پەۋقۇلئاددە مۇھىتتا ئالاھىدە رول ئوينىغان ئىنتايىن مۇھىم قاتناش قورالى ئىدى. تۆگە پىكىر قىلىش ئىقتىدارى

بولمىغان بىرخىل هايۋان بولسىمۇ، لېكىن شائىر ئۇنى قەيسەر، چىدامىلىق، روھىي دۇنياسى گۈزەل، قۇيرۇقىنى قۇم باسقىچە ئېغىر يۈكلەرنى كۆتۈرۈپ، قىلچە قاقشىماي، زۇۋان سۈرمەي، يىراقتىن يىراققا سەپەر قىلىدىغان يۈكسەك خىسلەت ئىگىسى سۈپىتىدە تەسۋىرلەپ ھەققىي مەنىدىكى كىشىلىك تۇرمۇش ۋەئالىيجاناب پەزىلەتنى قىزغىن مەدھىيىلىگەن.

بابۇر — قەدىمكى زاماندا ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۆتكەن مەشھۇر شائىر. ئۇ ئاللىقاچان ئالەمدىن ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن بوغدا ئابدۇللا ئۇنىڭغا:

لاھۇر گۈلىدىن ياسالغان شاراب،
جانان لېۋىدەك مۇشۇ بىر جامدىن
ئوتلىغىنا، مەستۇ مۇستەغرەق
بولۇپ بارساق مەھشەرگە ئۇدۇل.

دەپ خىتاب قىلىدۇ ۋە كىشى ئويلىمىغان يەردىن شېئىرنى مۇنداق مىسرالار بىلەن ئاخىرلاشتۇرىدۇ:

ئەجەب ئەمەس «بابۇرنامە» دىن
تېرىلىپ قالساق جاھانغا بىر يول.
(«بابۇر»)

بۇ مىسرالار بۇلاق سۈيىدەك سۈزۈك ھەم قويۇق تارىخىي تۈيغۇ بىلەن يۇغۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا! بابۇرشېئىرلىرى «ئوزۇقلۇق تەركىبى» ئۆلۈكنى تىرىلدۈرەلەيدىغان ئاجايىپ خىسلەتكە ئىگە شېئىرلار سۈپىتىدە تەسۋۋۇر قىلىنغان، شۇ ئارقىلىق زىيارەتچى شائىر بوغدا ئابدۇللانىڭ كلاسسىك شائىر بابۇرغا بولغان يالقۇنلۇق ئېھتىرامى ۋە ھۆرمىتى تولۇق ئىپادىلەنگەن. يىگىرمە پىكىر يۈرگۈزۈش، ئۆزگىچە تەسەۋۋۇر قىلىش، ئالاھىدە بايقاش ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈش، پىششىقلاش نەتىجىسىدە، بۇ شېئىردا تارىخىي شەخسكە دائىر يېڭى شېئىرىي پىكىر بارلىققا كەلگەن. شۇنداق دېيىش مۇمكىنكى، شائىر بۇ شېئىرىدا ئېتىبار بىلەن ئىپادىلىگەن شېئىرىي ھېسسىيات شائىرنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ خاراكتېرىدىكى يوشۇرۇن پىكىردىن تۇغۇلغان.

پاكىستانمۇ ئۆز بېشىدىن ئېغىر كۈنلەرنى ئۆتكۈزگەن مەملىكەت، شائىر ئۇزاق داۋام قىلغان بۇ ئېغىر كۈنلەرنى سەنتۇر سازىغا يىغىنچاقلاپ، «دەردىنىڭ ئورنى بۆلەك، ئۆزى بىر، مۇمكىنمۇ ئېغىر تىنماستىن بىر - بىر» دېگەن مىسرالار بىلەن ئىپادىلىگەن. بۇ مىسرالارنى ئوقۇغاندا، ئىختىيارسىز ھالدا، بۇ دۆلەتنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ئېغىر قىسمەتلەرنى بىرخىل بەدىئىي تەسىرلىنىش ئىچىدە ھېس قىلىمىز. بۇ شېئىردا مەۋھۇم تارىخىي ئۇقۇم «سەنتۇر تارى نازىنىن قىزدەك، تىترىمەكتە ياش كەبى غىل - غىل» دېگەن سىمۋوللۇق، جانلىق سۈرەتكە ئايلانغان. گەرچە شېئىرنىڭ مۇقامى بەك قايغۇلۇق بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ دۆلەتتىكى بىر ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ روھىي ھالىتىنى خېلى چوڭقۇر قاتلىمىدىن ئېچىپ بەرگەن، شۇڭا ئۇ كىشىگە ئىنتايىن مەنىلىك تۇيۇلىدۇ.

بۇ شېئىرلاردا ئۇرغۇپ تۇرغان تارىخىي ھېسسىياتتىن شۇنى كۆرگىلى بولىدۇكى، بۇنداق ھېسسىياتنى شائىر مەقسەتلىك ھالدا ئەتەي قوشمىغان، ئۇ،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئوبيېكتىپ رېئاللىقنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىنى قازغانلىقنىڭ نەتىجىسى. مەيلى «بەخت، خۇشاللىقنىڭ سىمۋولى» بولغان «كومزەك كۆتۈرگەن قىز» بولسۇن ياكى كاراچى كوچىسىدا تىلەمچىلىك قىلىۋاتقان «تىلەمچى» بولسۇن ۋە ياكى «سىرلىق پەرەنجە» تارتىۋالغان «ئەرەب دېڭىزى» بولسۇن، ھەممىسى تارىخىي ئاڭ ۋە دىنىي تۇستىن خالى بولالمىغان. بۇ شېئىرلار ھەقىقەتەن بىر مۇسۇلمان شائىرنىڭ ۋۇجۇدىدا ساقلانغان ھايات ئىلھامى ئۇزاق تارىخقا ئىگە «ئىسلام دۆلىتى» نىڭ تاغ - دەريالىرى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى، مەشھۇر شەخسلىرى ۋە كىشىلەر مۇناسىۋەتلىرى بىلەن قوشۇلغاندىن كېيىن تۇغۇلغان يۈرەك ساداسىدىن ئىبارەت.

بوغدا ئابدۇللانىڭ پاكىستان ھەققىدىكى شېئىرلىرىدا بەدىئىي ئىپادىلەش جەھەتتىمۇ ئەھمىيەت بېرىشكە ئەرزىيدىغان جايلار بار، ئۇ بولسىمۇ، شائىر ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە دائىم ئۇچراپ تۇرىدىغان رېئالىزملىق ئەنئەنىۋى يېزىش ئۇسۇلى ئاساسىدا، مودېرنىزملىق شېئىرىي ئۇسلۇبتىن مەلۇم ۋاستىلەرنى دادىل قوبۇل قىلغان، بۇمۇ شائىرنىڭ ئىپادىلەش سەنئىتى جەھەتتە يېڭى بىر قەدەم تاشلىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. پابلونېرۇدا: «ئەگەر شائىر رېئالىزمچى بولمىسا، ئۇ ئۆلگەن شائىردۇر؛ ئەگەر شائىر پەقەت رېئالىزمچىلا بولسا، ئۇمۇ ئۆلگەن شائىردۇر. بىر شائىر ئەقىلگە مۇۋاپىق بولمىغان شېئىرلارنىلا يازسا ئۇ شېئىرلارنى پەقەت ئۆزىلا ۋە ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەرلا چۈشەنسە، بۇ بەكمۇ ئېچىنىشلىقتۇر؛ بىر شائىر ئەقىلگە پۈتۈنلەي مۇۋاپىق شېئىرلارنى يازسا، ئۇ شېئىرلارنى ھەتتا دۆتلەرمۇ چۈشىنەلىسە، بۇمۇ ئىنتايىن ئېچىنىشلىقتۇر»* دېگەن. بوغدا ئابدۇللانىڭ پاكىستان ھەققىدىكى شېئىرلىرى چۈشىنىكسىزمۇ ئەمەس، «ئەقىلگە پۈتۈنلەي مۇۋاپىق» مۇ ئەمەس. بۇ، شائىرنىڭ «پەقەت رېئالىزمچىلا» ئەمەسلىكىنى، بەلكى مودېرنىزملىق شېئىرىي ئىجادىيەتتىن ئۇزۇقلۇق تەركىبلەرنى، ئالايلۇق، رېئاللىقتىن ھالقىپ ئوبراز يارىتىش، تەسەۋۋۇردىن كەڭ پايدىلىنىش، بىشارەتنى دادىل قوللىنىش، شېئىرىي پىكىرنى شاخلاندۇرۇشقا ئىنتىلىشكە ئوخشاش تەركىبلەرنى قوبۇل قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا شېئىرلاردىكى رېئاللىق تۇيغۇسى ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆز ئالدىدا مۇئەييەن خىيالىي ھالەتتە نامايان بولۇپ، ئۇلارنىڭ قەلبىگە سىڭىپ بارىدۇ. بوغدا ئابدۇللانىڭ بۇ يېڭى ئەسەرلىرىدىكى ماھارەت ھەم جەلبكارلىق مانا مۇشۇ يەردە.

(«ھازىرقى زامان يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى تەتقىق قىلىش» ژورنىلىدىن)

قادىر ھاپىز تەرجىمىسى

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

---

*پابلونېرۇدا: «ياشىغانىدىم، ئىقرارمەن، ئەسلىمىلەر»

مەھەممەت ئىسمايىل

# دوستلۇق رىشتىسى

(زىيارەت خاتىرىسى)

1990 - يىلى 16 - نويابىر كەچ سائەت 5 دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەت باشچىلىقىدىكى ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكى ئولتۇرغان ئايروپىلان شىنجاڭ خەلقىنىڭ سالىمىنى ئېلىپ، ئۈرۈمچى ئايرودرومىدىن كۆككە ئۆرلىدى. ئايروپىلان ھاۋادىكى ئۇچۇش لىنىيىسىگە كىرگەندىن كېيىن، بېلىمىزدىكى بىخەتەرلىك تاسمىسىنى يېشىۋېتىپ، بەھۇزۇر پاراڭغا چۈشۈپ كەتتۇق. ئۆمەكتىكىلەر تولۇق تەييارلىق ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بۇ زىيارەتنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىغا تولۇق ئىشەنچ ۋە ئۈمىد باغلىغانىدى. دېمىسىمۇ بۇ ھەقتە پاراڭ بولغىلى ئىككى يىلچە بولدى. 1988 - يىلى قازاقىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى مىنىستىرلار سوۋېتىنىڭ سابىق رەئىسى نازاربايېۋ تەكلىپنامە ئەۋەتكەن، 1990 - يىلى 7 - ئايدا قازاقىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى مىنىستىرلار سوۋېتىنىڭ رەئىسى كارمانوۋ شىنجاڭدا زىيارەتتە بولغاندا رەئىس تۆمۈر داۋامەتنى قازاقىستاندا جاۋابەن زىيارەتتە بولۇشقا تەكلىپ قىلغانىدى. 1990 - يىلى 9 - ئاينىڭ 12 - كۈنى جۇڭگو - سوۋېت چېگرىسى ئالاتاۋ ئېغىزىدىكى ئاسىيا - ياۋروپا ئىككىنچى چوڭ قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكىنىڭ پۈتۈشى مۇراسىمىدا كارمانوۋ رەئىس تۆمۈر داۋامەتنى قازاقىستاندا جاۋابەن زىيارەتتە بولۇشقا يەنە بىر قېتىم تەكلىپ قىلغان ھەمدە ھەر ئىككى تەرەپ بۇ ھەقتە ۋەدىلەشكەنىدى. شۇنىدىن ئېتىبارەن ھەر ئىككى تەرەپ بىرمۇنچە تەييارلىقلارنى قىلدى. ئۆزئارا خىزمەت گۇرۇپپىلىرى ئەۋەتىپ، بولغۇسى زىيارەتنىڭ كۈنتەرتىپىنى ئورۇنلاشتۇرۇش بىلەن بىللە زىيارەت داۋامىدا قارىلىدىغان ئىقتىسادىي ھەمكارلىق، مەدەنىيەت ۋە پەن - تېخنىكا ھەمكارلىقى قاتارلىق تۈرلەر ئۈستىدە كەڭ تۈردە ئىزدەندى.

ھەممىگە مەلۇمكى، جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى — قوشنا سوتسىيالىستىك دۆلەتلەر. شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلىرى قەدىمكى يىپەك يولىدىكى يېقىن قوشنىلاردىن بولۇپ، تارىختىن بۇيان

بېرىش - كېلىش قىلىپ تۇرغان. 1980 - يىلىدىن بۇيان پارتىيىمىزنىڭ ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ ئىزچىللىشىشىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭنىڭ بۇ رايونلار بىلەن بولغان بىۋاسىتە سودا مۇناسىۋىتى ئەسلىگە كەلدى. جۇڭگو - سوۋېت چېگرىسىدىكى ئېچىۋېتىشكە تېگىشلىك ئېغىزلار ئېچىۋېتىلدى. ئىككى تەرەپ كۆپ قېتىم ئۆزئارا زىيارەت ئۆمەكلىرى ئەۋەتىپ، ئىقتىساد، سودا ۋە پەن - تېخنىكا جەھەتلەردە تۈرلۈك كېلىشىملەرنى ئىمزالىدى. ھەرقايسى تەرەپنىڭ ئەۋزەللىكى جارى قىلدۇرۇلۇپ، كەم جايلىرى تولۇقلىنىپ، ئۆزئارا پايدا يەتكۈزۈلدى. قورغاس، تۇرغات ئېغىزلىرىدىكى قاتناش راۋانلاشتى. ئۈرۈمچى - ئالمۇتا ئارىلىقىدا بىۋاسىتە ھاۋا يولى ئېچىلدى ۋە بىۋاسىتە تېلېفون ئۇلاندى. مانا بۇلار شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى بىرقانچە ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەت خەلقلىرىنىڭ دوستانە باردى - كەلدىسى ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئۆزئارا ھەمكارلىقىنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىدى. بولۇپمۇ 1989 - يىلى 5 - ئايدا گورباچېۋنىڭ جۇڭگودا زىيارەتتە بولۇشى ۋە 1990 - يىلى 4 - ئايدا زۇڭلى لى پېڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا زىيارەتتە بولۇشى ئۆتكەن ئىشلارغا خاتىمە بېرىپ، كەلگۈسىگە يول ئېچىپ، جۇڭگو - سوۋېت مۇناسىۋىتى تارىخىغا يېڭى سەھىپە بېغىشلىدى، شۇنداقلا شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى قوشنا جۇمھۇرىيەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى دوستانە قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيىگە كۆتۈردى. بۇ مۇناسىۋەتنى راۋاجلاندۇرۇش شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجى بولۇپلا قالماستىن، قېرىنداش ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇشتىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ، شىنجاڭغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، شەرق بىلەن بىرلىشىش، غەربكە چىقىرىش، ھەممە تەرەپتىن ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت ئىقتىسادىي تەرەققىيات ستراتېگىيىسىنى داۋاملىق يولغا قويۇپ، ئىقتىساد، سودا، پەن - تېخنىكا، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى ھەمكارلىق ۋە ئالماشتۇرۇشنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈشكە ئىنتايىن پايدىلىق.

بىز ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەپ، بۇ قېتىمقى زىيارىتىمىزنىڭ ئوتۇقلۇق بولۇشىغا تولۇق ئىشەنچ باغلاپ، ئۈمىدۋارلىق بىلەن قىزغىن پاراڭلىشىۋاتقىنىمىزدا، «ئاسمان پەرىسى»نىڭ «كۆپچىلىك دىققەت، ئايروپىلان ئالمۇتا ھاۋا بوشلۇقىغا كىردى» دېگەن جاراڭلىق ئاۋازى ھەممەيلەننىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى.

بىزنى ئايرودرومدا قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى مىنىستىرلار سوۋېتىنىڭ رەئىسى ق. كارمانوۋ، مۇئاۋىن رەئىسى ق. تولىسوۋ قاتارلىق ھۆكۈمەت ئەربابلىرى قىزغىن قارشى ئالدى. ساھىبخانلار قازاق مىللىتىنىڭ ئۆرپ - ئادىتى بويىچە بىزگە نان - تۇز تۇتتى، قىزلار گۈل تەقدىم قىلدى. بىز ئۇلار بىلەن قەدىناس دوستلارچە قىزغىن سالاملاشقاندىن كېيىن، قازاقىستاننىڭ رادىئو - تېلېۋىزور ۋە گېزىت - ژۇرنال مۇخبىرلىرى رەئىس تۆمۈر داۋامەتتىن: بۇ قېتىم كېلىشىڭىزدىكى مەقسەت ۋە زىيارىتىڭىزنىڭ مەزمۇنى نېمە؟ زىيارىتىڭىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىغا ئىشەنچىڭىز بارمۇ؟ دېگەندەك سوئاللارنى سورىدى. رەئىس مۇخبىرلارنىڭ سوئاللىرىغا يىغىنچاق، قىسقا ۋە ئىنتايىن مەزمۇنلۇق قىلىپ «مەن زۇڭتۇڭ

نازاربايېۋ ۋە رەئىس كارمانوۋنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن جاۋابەن زىيارەتتە بولۇش ئۈچۈن، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قازاقىستان خەلقىگە يوللىغان سەمىمىي سالىمىنى ئېلىپ، قەدىمكى يىپەك يولىدىكى ئەنئەنىۋى دوستلۇقىمىزنىڭ رىشتىسىنى قايتا باغلاش ئۈچۈن دوستلۇق ئىزھار قىلىپ كەلدىم. سوتسىيالىستىك ئىگىلىكىمىزنى ئورتاق گۈللەندۈرۈپ، ئىككى مەملىكەت ۋە ئىككى رايون خەلقىنىڭ تىنچ، ئىناق ئۆتۈشى، باياشات، بەختلىك بولۇشىنى كۆزلەپ، سىلەر بىلەن ئورتاقلاشقىلى كەلدىم. بۇ قېتىمقى زىيارىتىمىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن، مەن زور ئۈمىد بىلەن كەلدىم» دەپ جاۋاب بەردى.

بىز ئولتۇرغان «چايكا»، «ۋولگا» لار بىزنى سوۋېت قازاقىستان ئىستىپاقداش جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەركىزى — گۈزەل ئالمۇتا شەھىرىنىڭ چوڭ كوچىلىرىنى بويلاپ ئېلىپ ماڭدى. بىز ئالاتاۋ قاپتىلىغا جايلاشقان، قويۇق ئورمان ئىچىدىكى ئاپئاق قار بىلەن پۈركەنگەن ھۆكۈمەت ئالىي مېھمانخانىسىغا كېلىپ چۈشتۇق. مەن يېنىمدا كېلىۋاتقان مۇئاۋىن باش كاتىپ شونايېۋتىن: «بۇ يەرنىڭ قىشلىق مەنزىرىسى شۇنچە گۈزەل ئىكەن، يازدا قانچىلىك بولۇپ كېتەر» دەپ سورىغىنىمدا ئۇ: «توغرا ئېيتتىڭىز، ياز كۈنلىرى قازاقىستاننىڭ ئالىي رەھبەرلىرى مۇشۇ يەردە دەم ئالىدۇ. بۇ يەردە ئۇلار ئۈچۈن مەخسۇس سېلىنغان داچىلار بار. بۇساي كەڭ كەتكەن مېۋىلىك باغ» دەپ جاۋاب بەردى.

كەچلىك چايدا بىزگە كارمانوۋ، تولىسوۋ، تاشقى ئىقتىساد ئالاقە كومىتېتىنىڭ رەئىسى ئابىشوۋ، مۇئاۋىن باش كاتىپ شونايېۋ، دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكىنىڭ مۇۋەققەت مىنىستىرى سايلاۋ بادىرشا ئوغلى، پىلان كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئەسبەركەن ئابدىتايېۋ قاتارلىقلار ھەمراھ بولدى. رەئىس كارمانوۋ كۈتۈۋېلىش نۇتقى سۆزلەپ، رەئىس تۆمۈر داۋامەت ۋە ئۆمەك ئەزالىرىنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ۋە ئاخىرىدا زۇڭتۇڭ نازاربايېۋنىڭ موسكۋادىن يوللىغان سالىمىنى يەتكۈزۈپ مۇنداق دېدى: «سىلەر مېھمانخانىغا كېلىپ جايلاشقاندىن كېيىن، موسكۋادا ئالىي سوۋېت يىغىنىغا قاتنىشىۋاتقان زۇڭتۇڭ نازاربايېۋ بىلەن تېلېفوندا سۆزلەشتىم، ئۇنىڭغا رەئىس تۆمۈر ئاكىنىڭ ساق - سالامەت يېتىپ كەلگەنلىكىنى دوكلات قىلدىم. زۇڭتۇڭ رەئىس تۆمۈر ئاكىغا سالام ئېيتتى. «رەئىسنىڭ قازاقىستانغا كەلگەنلىكىنى قىزغىن قارشى ئالىمەن، ئەسلى بۈگۈن قايتىپ بېرىپ، ئۆزۈم قارشى ئېلىشىم كېرەك ئىدى، لېكىن يىغىن توگىمىدى. 19 - دېكابىر قايتىپ بېرىپ كۈتۈۋالىمەن دېدى.» رەئىس تۆمۈر داۋامەت ھەممەيلەنگە ۋەكالىتەن رەھمەت ئېيتتى ھەمدە زۇڭتۇڭغا سالام ئېيتىشنى ھاۋالە قىلدى. ئەسلى كۈنتەرتىپ بويىچە 17-نويابىردا نازاربايېۋ ئۆزى چاي بېرىپ بىزنى كۈتۈۋالماقچى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سەنئەت ئۆمىكىنىڭ كونسېرت نومۇرلىرىنى كۆرمەكچى ئىدى. شۇڭا بىز يېڭى كۈنتەرتىپكە ئاساسەن 18 - نويابىر تالدىقورغان ئوبلاستىدا زىيارەتتە بولىدىغان بولدۇق. كارمانوۋ: «ھۆرمەتلىك تۆمۈر ئاكا، سىزنىڭ بەختەرلىكىڭىز، سالامەت بولۇشىڭىز، زىيارىتىڭىزنىڭ ئوڭۇشلۇق ۋە ئۈنۈملۈك بولۇشى ئۈچۈن، قازاقىستاندا بولغان كۈنلىرىڭىزدە ئىشلىتىشىڭىزگە ئۆزۈمنىڭ مەخسۇس ئايروپىلانىمنى تەييارلاپ قويدۇم» دېدى.

17 - نويابىر ئالدى بىلەن قازاقىستان مىنىستىرلار سوۋېتى بىناسىنىڭ ئالدىدىكى كەڭ مەيدانىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان دۇنيا پرولېتارىياتىنىڭ ئۇلۇغ داھىسى لېنىننىڭ ھەيۋەتلىك ھەيكىلى ئالدىغا بېرىپ، گۈل چەمبىرەك قويدۇق ۋە سۈكۈتتە تۇرۇپ ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈردۇق. ئاندىن كېيىن ھۆكۈمەت بىناسىدا ئىككى تەرەپنىڭ 1 - قېتىملىق سۆھبىتى ئېلىپ بېرىلدى. سۆھبەتتە رەئىس كارمانوۋ قازاقىستان ئىقتىسادى جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى. ئۇ مۇنداق دېدى: «بىز بۇ يىل ئاشلىقتىن مول ھوسۇل ئالدۇق. ئادەم بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئىككى توننىدىن ئاشلىق توغرا كېلىدۇ. چارۋىچىلىقتىنمۇ مول ھوسۇل ئېلىندى. قوتاندىكى چارۋا مال 50 مىلىيون تۇياقتىن ئاشتى. شەرقىي قازاقىستاندا يۈز بەرگەن يەر تەۋرەشنىڭ زىيانلىرىنى ئاساسەن تولدۇرۇپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلقنى ئورۇنلاشتۇرۇۋالدۇق. ھازىر بىزدە خەلقنىڭ تۇرمۇشىغا كېرەكلىك ئىستېمال بۇيۇملىرى كەمچىل بولۇۋاتىدۇ. بىز بۇ جەھەتتە سىلەر بىلەن كۆپرەك ھەمكارلىشىشنى ئۈمىد قىلىمىز». رەئىس تۆمۈر داۋامەت شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقى؛ ئىقتىسادىنىڭ تەرتىپلىك، مۇقىم ۋە ماسلاشقان ھالدا تەرەققىي قىلىۋاتقانلىقى، يېزا ئىگىلىكىدىن 13 - يىلمۇ مول ھوسۇل ئالغانلىقىمىزغا دائىر ئەھۋاللارنى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى. ئىككى تەرەپ ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ۋە سودا توختاملىرى توغرىسىدىكى ئالدىن تەييارلانغان ماتېرىياللارنى قاراپ چىقتى.

18 - نويابىر ئەتىگەندە مۇئاۋىن رەئىس تولىسوۋنىڭ ھەمراھلىقىدا چېگرا شەھەر — تالدىقورغانغا باردۇق. بۇ شەھەر جۇڭگو چېگرىسىغا بەكمۇ يېقىن ئىكەن. سانائەت، يېزا ئىگىلىكى خېلى تەرەققىي قىلغان بۇ كىچىك شەھەردە 80 نەچچە مىللەت ئاھالىسى ياشايدىكەن. 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غەربىدىكى چوڭ - چوڭ زاۋۇتلار مۇشۇ يەرگە كۆچۈرۈپ كېلىنگەنىكەن. يەنە كېلىپ، بۇ يەر ھازىر قازاقىستاننىڭ قەنت - شېكەر ئىشلەپچىقىرىش بازىسى ئىكەن. شۇڭلاشقا بۇ يەردە قىزىلچا كۆپ تېرىلىدىكەن.

بىز بۇ شەھەردە بىر يېرىم كۈنلا تۇردۇق، لېكىن شۇنچىلىك قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئوبلاست رەھبەرلىرى بىلەن سۆھبەتلىشىش، سىفەن داشۆ، «22 - قۇرۇلتاي كولخوزى»، مەدەنىيەت يۇرتى قاتارلىق جايلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلىش، تالدىقورغان ئوبلاستى بىلەن شىنجاڭ ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىساد - سودا، مەدەنىيەت، پەن - تېخنىكا ۋە باشقا جەھەتلەردىكى كېلىشىملەرگە ئىمزا قويۇش قاتارلىق پائالىيەتلەرگە قاتناشتۇق. ئېكسكۇرسىيە جەريانىدا شۇنى ھېس قىلدۇقكى، بىرقانچە يىلدىن بۇيان ئىلى ئوبلاستى بىلەن تالدىقورغان ئوبلاستى خەلقى چېگرا سودىسى ئارقىلىق مال ئالماشتۇرۇش ۋە تۇغقان يوقلاش قاتارلىق مۇناسىۋەتلەر بىلەن باردى - كەلدىنى قويۇقلاشتۇرۇپ، ئۆزئارا چۈشەنچە ھاسىل قىلىپ، بار - يوقنى تەڭ كۆرىدىغان دوستلاردىن بولۇپ قالغانىكەن. بۇ شەھەردە شىنجاڭغا بارغانلار ۋە شىنجاڭدىن كەلگەنلەر كۆپ ئىكەن. ئوبلاستلىق ئالىي سوۋېتنىڭ رەئىسى تورسۇنوۋ كارمانوۋقا ھەمراھ بولۇپ شىنجاڭغا زىيارەتكە بارغانىكەن. شۇڭا ئۇ شىنجاڭدا كۆرگەنلىرىنى كۆپ سۆزلىدى. ئۇ: «بىز شىنجاڭنىڭ ئىسلاھات تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىمىز، بولۇپمۇ ئۇ يەرنىڭ يېزا - بازار كارخانىلىرىنى

باشقۇرۇش تەجرىبىسى ئۆگىنىشكە ئەرزىيدۇ. ئىسلاھاتىمىزنىڭ خۇددى سىلەرنىڭكىدەك ئۈنۈم بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز» دېدى.

19 - نويابىر چۈشتىن بۇرۇن قازاقىستان مىنىستىرلار سوۋېتىنىڭ خىزمەت بىناسىدا زۇڭتۇڭ نازارباييېۋ رەئىس تۆمۈر داۋامەت باشچىلىقىدىكى ئۆمەك ئەزالىرىنى قوبۇل قىلدى. ئەسلىدە بىر سائەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلغان سۆھبەت ئىككى تەرەپنىڭ كېلىش مەقسىتى ۋە قارشى ئېلىش مەزمۇنىدىكى قىسقىچە سۆزلەردىن كېيىنلا يېرىم سائەتكىمۇ يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئاخىرلاشتى. بىز بۇ قېتىمقى سۆھبەت كەيپىياتىنىڭ ئادەتتىكىچە بولغانلىقىدىن بىرئاز ئەپسۇسلاندۇق. نازارباييېۋ بەك ئالدىراش ئىكەن، كەيپىياتىغا قاراپ، ئۇنىڭ يۈكى ناھايىتى ئېغىر ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدۇق.

شۇ كۈنى كەچتە نازارباييېۋ، كارمانوۋلار چاي ئۆتكۈزۈپ، ئۆمەك ئەزالىرىنى كۈتۈۋالدى. چايدا نازارباييېۋ قىزغىن سۆزلىدى. قازاقلارنىڭ ئادىتى بويىچە، رەئىس تۆمۈر داۋامەتكە ئەڭ ئەزىز مېھمانغا كىيدۈرىدىغان تۆگە يۇڭىدىن توقۇلغان توننى كىيدۈردى. رەئىس تۆمۈر داۋامەت قازاقىستان مىنىستىرلار سوۋېتىگە بوغدا كۆلىنىڭ مەنزىرىسى چۈشۈرۈلگەن سائەتلىك ئەينەك جاھازا تەقدىم قىلىۋېتىپ: «بىزنىڭ دوستلۇقىمىز مانا مۇشۇ تىيانشان تېغىدەك مەڭگۈ قەد كۆتۈرۈپ تۇرسۇن. مانا بۇ ياپيېشىل قارىغايدەك مەڭگۈ كۆكىرىپ تۇرسۇن، بوغدا كۆلىنىڭ سۈپسۈزۈك سۈيىدەك پاكىز ۋە تىنىق بولسۇن» دېدى. ئۇ يەنە ئەينەك جاھازىغا بېكىتىلگەن سائەتنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «بىزنىڭ دوستلۇق تارىخىمىز ئەنە شۇ سائەتتەك توختىماي داۋام قىلسۇن» دېدى. ساھىبخانىلار قىزغىن چاۋاك چېلىشىپ، سوۋغاتنى قوبۇل قىلىشتى. چايدىن كېيىن ھەر ئىككى تەرەپ رەھبەرلىرى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى سەنئەت ئۆمىكى ئورۇندىغان نومۇرلارنى كۆردى. ئويۇن ئاخىرلاشقاندا، نازارباييېۋ سەنئەت ئۆمىكىگە گۈل چەمبىرەك تەقدىم قىلدى.

بىز مېھمانخانىغا كېلىپ، زۇڭتۇڭ نازارباييېۋنىڭ ئۇ يەرگە بىزدىن بۇرۇن بېرىپ چاي راسلىتىپ تۇرغانلىقىنى بىلدۇق. ئۇ رەئىس تۆمۈر داۋامەتكە: «تۆمۈر ئاكا، سىز بىلەن يەنە بىرئاز بىللە بولۇش ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلدىم. بىللە ئولتۇرۇپ چاي ئىچىشسەك» دېدى. رەئىس بۇ تەكلىپنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى. چاي ئۇزۇن داۋام قىلدى. ئۇلار ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن كەڭ-كۇشادە، سەممىمىي ۋە ئەركىن پاراڭلاشتى. نازارباييېۋ ھەر ئىككى تەرەپنىڭ دوستلۇق، ھەمكارلىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىدىن مەمنۇن ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ: «بۇنداق دوستلۇق، ھەمكارلىق ۋە قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىنىڭ ياخشى بولۇشى ئۈچۈن، ھازىر تېخىمۇ ياخشى شارائىت يارىتىلدى. تۆمۈريول بىزنى ئۆزئارا باغلىدى، چېگرا سودىسى يىلدىن يىلغا راۋاج تاپتى، خەلقىمىزنىڭ باردى-كەلدىسى قويۇقلاشتى. مۇنداق ئىناق قوشنىدارچىلىقنىڭ ئۇزۇن داۋام قىلىشى ئۈچۈن، بىز ئىككى تەرەپ مۇقىملىققا موھتاج، بىز شىنجاڭغا نىسبەتەن ھېچقانداق غەيرىي ئوي-خىياللاردا بولمايمىز» دېدى. ئۇ دوستلۇق ئۈچۈن قەدەھ كۆتۈرۈشكە كۆپ قېتىم تەكلىپ قىلدى. ئوچۇق-يورۇق سۆھبەتلەر ئارقىلىق نازارباييېۋغا قارىتا دەسلەپتە شەكىللەنگەن

www.uyghurkitap.com

قاراشلىرىمىز ئاستا ـ ئاستا ئۆزگىرىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى بىرقەدەر توغرا چۈشەنچە ئىگىلىدى.

20 ـ نويابىر يەنە كارمانوۋنىڭ مەخسۇس ئايروپىلانى بىلەن تولىسوۋ، ئىبىتوۋ، سايلاۋ، بادىرشالارنىڭ ھەمراھلىقىدا قازاقىستاننىڭ جەنۇبىدىكى تاراس دەرياسى بويىدىكى جامبۇل ئوبلاستىدا بولدۇق. بۇ يەردە 80 نەچچە مىللەتتىن تەركىب تاپقان 1 مىليوندىن ئارتۇق ئاھالە ياشايدىكەن. 13 ـ ئەسىردىن بۇرۇن تاراس شەھىرى دەپ ئاتالغان بۇ شەھەر يىپەك يولىنىڭ تۈگۈنىگە ئايلانغان، جۇڭگو ھەم ھىندىستان بىلەن قويۇق سودا ئالاقىسى ئورناتقان، 13 ـ ئەسىردە چىڭگىزخاننىڭ قاتتىق ھۇجۇمىغا ئۇچراپ ۋەيران بولغان. 18 ـ ئەسىردىن باشلاپ قايتا ئەسلىگە كېلىپ، «ئەۋلىيا ئاتا» دەپ ئاتالغان. 1938 ـ يىلى ئۇنىڭغا «جامبۇل» دەپ نام بېرىلگەن. ھازىر بۇ يەر قازاقىستاننىڭ سانائەت مەركىزى بولۇپ، ئاساسلىقى، خىمىيىۋى ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىدىكەن. قاراتاغدا فوسفور رۇدىسى مەنبەسى ناھايىتى مول بولغاچقا، بۇ يەردە ئۈچ چوڭ خىمىيىۋى ئوغۇت زاۋۇتى بار ئىكەن. يەنە بىرسىمۇ قۇرۇلۇۋېتىپتۇ. بۇ زاۋۇتلار يىلىغا بىر مىليون توننىدىن كۆپرەك ھەر خىل ئوغۇت، ئاساسلىقى، فوسفورلۇق ئوغۇت ۋە چارۋىلار ئۈچۈن يەم ـ خەشەك ئىشلەپچىقىرىدىكەن. ئوبلاستلىق ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى چېرنوۋ بىزگە ئەھۋال تونۇشتۇرۇپ: «ئوبلاستىمىزنى دۇنيادىكى نۇرغۇن مەملىكەتلەرنىڭ، بولۇپمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خىمىيىۋى ئوغۇت سودىسىنىڭ مەركىزى دېيىشكە بولىدۇ. بىز سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ كۆپلىگەن ئوبلاستلىرىنى تەمىنلىگەنىدىن سىرت يەنە چاۋشيەن، ياپونىيە ۋە شياڭگاڭ ئارقىلىق ئامېرىكا قاتارلىق ئەللەرگىمۇ ئوغۇت ئېكسپورت قىلىمىز. جۇڭگوغىمۇ مۇشۇ يەردىن ئوغۇت چىقىرىمىز. شىنجاڭغا 1988 ـ يىلىدىن باشلاپ ھەر يىلى 20 مىڭ توننىدىن فوسفورلۇق ئوغۇت چىقىرىۋاتىمىز. يەنە كېلەر يىلى 20 مىڭ توننا فوسفورلۇق ئوغۇت ئېكسپورت قىلىش سودا توختامى تۈزۈلدى. بىز شىنجاڭدىن كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى، كىيىم ـ كېچەك، چايدان، دورا قاتارلىق مەھسۇلاتلارنى ئالدۇق. بىزنى ئېھتىياجلىق تاۋارلار بىلەن تەمىنلىگەنلىكى ئۈچۈن، شىنجاڭغا ئوغۇتنى خەلقئارا باھادىن تۆۋەن بەردۇق. ھازىر بىزنىڭ شىنجاڭ بىلەن بولغان سودىمىز 5 مىليون 500 مىڭ فرانكقا يەتتى» دېدى. رەئىس تۆمۈر داۋامەت: «بىزگە تېخىمۇ كۆپ فوسفورلۇق ئوغۇت كېرەك. سىلەر بىلەن ئىقتىسادىي جەھەتتە ھەمكارلىشايلى، سىلەرگە نېمە لازىم بولسا، بېرىشكە بىز تەييار» دېدى. مۇئاۋىن رەئىس تولىسوۋ: «شىنجاڭ بىزنىڭ ئەڭ يېقىن قوشنىمىز. شىنجاڭدا بىزگە كېرەكلىك تاۋارلار ئىنتايىن كۆپ، بىز سىلەر بىلەن كۆپرەك ھەمكارلىشىشنى خالايمىز. 1991 ـ يىلى شىنجاڭغا ئېكسپورت قىلىنىدىغان خىمىيىۋى ئوغۇت مىقدارىنى 40 مىڭ توننىغا كۆپەيتىشكىمۇ بولىدۇ» دېدى.

بىز جامبۇل ئوبلاستى جامبۇل رايونىنىڭ «ئۆكتەبىر» خۇيزۇلار كولخوزىدا ئېكسكۇرسىيىدە بولدۇق. بۇ كولخوزدا 7 مىڭ ئاھالە بولۇپ، ھەممىسى دېگۈدەك خۇيزۇلار ئىكەن. ئۇلار بۇنىڭدىن 110 يىل ئىلگىرى جۇڭگودىن بارغانلار ئىكەن. شۇڭا بىزنى خۇددى يوقلاپ كەلگەن تۇغقانلىرىنى كۈتكەندەك قىزغىن كۈتۈۋالدى. بىزنى جۇڭگوچە تائاملار بىلەن مېھمان قىلدى.

22 ـ نويابىر ئالمۇتىدا قازاقىستان ئۇنىۋېرسىتېتىدا زىيارەتتە بولدۇق. 1934 ـ يىلى قۇرۇلغان بۇ ئۇنىۋېرسىتېتتا ھازىر 22 فاكۇلتېت بولۇپ، ئۇنىڭدا 13 مىڭ ئوقۇغۇچى ئوقۇيدىكەن. بۇ ئۇنىۋېرسىتېت سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى 6 چوڭ بىلىم يۇرتىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدىكەن. ئۇنىۋېرسىتېتتا مىڭ ئوقۇغۇچىغا 100 دىن پروفېسسور، 12 دىن ئاكادېمىك توغرا كېلىدىكەن. 41 دۆلەتتىن كەلگەن ئوقۇغۇچى ئوقۇيدىغان بۇ ئۇنىۋېرسىتېت ئامېرىكا ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورنىتىپتۇ، ئۇلار ئۆزئارا ئوقۇغۇچى، ئوقۇتقۇچى ۋە تەتقىقاتچىلارنى ئالماشتۇرۇپ تۇرىدىكەن، ئۇلار ئامېرىكا ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن پەن ـ تېخنىكا بىرلەشمە ھەمكارلىق كارخانىسى قۇرۇپتۇ. مەكتەپ رەھبەرلىرى بىزنى بىئولوگىيە فاكۇلتېتىنىڭ ئۆلگە تەجرىبىخانىسىغا، سىنىپلارغا ۋە ئاشخانىلارغا باشلاپ ئېكسكۇرسىيە قىلدۇردى. ئۇلار بىزدىن ئوقۇتۇش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇشنى بولۇپمۇ خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشىغا ياردەم قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

23 ـ نويابىر ئالمۇتا «دوستلۇق» سارىيىدا ئىككى تەرەپنىڭ ئاخىرقى سۆھبىتى ئېلىپ بېرىلدى. بۇ ھەقتە قازاقىستان «يېڭى ھايات» گېزىتىنىڭ 27 ـ نويابىر 139 ـ سانىغا «جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەت باشچىلىقىدىكى ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ قازاقىستانغا قىلغان رەسمىي جاۋابەن سەپىرى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. جۇمھۇرىيەتتە ئۇنىڭغا نىسبەتەن چوڭ قىزىقىش بولدى. ھۆكۈمەت ۋە ئىقتىساد ـ سودا ئۆمەكلىرىنىڭ مۇزاكىرىلىرى چوڭ ۋەقە بولدى. چۈنكى بۇ، قازاقىستان بىلەن جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى خەلقلىرىنىڭ باراۋەرلىك ئاساسىدا ئۇزاق مۇددەتلىك ئىناق قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىشىغا مۇستەھكەم ئاساس سالدى. بىر نەچچە ھۆججەتنىڭ ئىمزالىنىشى زىيارەت داۋامىدىكى سۆھبەتلەرنىڭ يەكۇنى بولدى» دېگەن خەۋەر بېسىلدى. بۇ قېتىمقى سۆھبەتتە كارمانوۋ بىلەن رەئىس تۆمۈر داۋامەت «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بىلەن قازاقىستان سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىقتىساد، پەن ـ تېخنىكا ۋە مەدەنىيەت ھەمكارلىقىنى راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدىكى كېلىشىمى» ھەم «جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى قازاقىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتىگە قىلغان زىيارىتىنىڭ مۇھىم خاتىرىسى» گە، مۇئاۋىن رەئىس جىن يۈنخۇي بىلەن قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى مىنىستىرلار سوۋېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى تولىسوۋ «جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىقتىساد، پەن ـ تېخنىكا، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردە ئۇزاققىچە ھەمكارلىشىش توغرىسىدىكى ئومۇمىي پروگراممىسى» غا، تالدىقورغان ئوبلاستلىق ئالىي سوۋېتىنىڭ رەئىسى، ئوبلاستلىق پارتىيە كومىتېتىنىڭ 1 ـ سېكرېتارى تورسىنوۋ بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ باشلىقى ئەسقەت بۇ قوشنا چېگرا رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىساد، پەن ـ تېخنىكا ۋە مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى كېلىشىملەرگە ئىمزا قويدى. ئىككى تەرەپ پوچتا ـ تېلېگراف ئورۇنلىرىنىڭ مەسئۇللىرى كارمانوۋ بىلەن رەئىس تۆمۈر داۋامەتكە ئالمۇتا ــ ئۈرۈمچى ئوتتۇرىسىدا ئورنىتىلغان

www.uyghurkitap.com



خەلقىئارا ئالاقە لىنىيىسى بويىچە 15 - نويابىر ئۆتكۈزۈلگەن بىۋاسىتە تېلېفون بىلەن سۆزلىشىش توغرىسىدىكى خاتىرە گۇۋاھنامىلىرىنى تاپشۇردى.

سوۋېت ئىتتىپاقى قازاقىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى بىلەن ئىمزالىغان ئىقتىساد، پەن - تېخنىكا، مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئۇزاق مۇددەتلىك ئومۇمىي پروگراممىدا ئېلېكتىر ئېنېرگىيىسى، يېنىك سانائەت، گېئولوگىيە، مېتاللۇرگىيە، پوچتا - تېلېگراف، قاتناش، توقۇمىچىلىق، ماشىنىسازلىق، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، يېزا ئىگىلىك، مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە، پەن - تېخنىكا، تەنتەربىيە، رادىئو، ساياھەت ئىشلىرى، تاشقى سودا قاتارلىق ساھەلەر بويىچە جەمئىي 83 تۈردە توختام تۈزۈلدى. قازاقىستان بىلەن ئىمزالانغان سودا كېلىشىمىنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 170 مىليون شۋېتسىيە فرانكىدىن ئاشىدۇ (700 مىليون يۈەندىن كۆپرەك خەلق پۇلىغا تەڭ كېلىدۇ). ئىمپورت تاۋارلىرى ئاساسەن شاركىسىمان تۆمۈر رۇدىسى، پولات ماتېرىياللىرى، خىمىيىۋى ئوغۇت، چېگىت، تېۋىت قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئېكسپورت تاۋارلىرى ئاساسەن شېكەر، گۆش، كۈندىلىك ئىستېمال بۇيۇملىرى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

سۆھبەت يىغىنىدا ئىككى تەرەپ ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ئىسلاھاتىغا ئالاقىدار ئەھۋاللارنى بىر - بىرسىگە ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى. رەئىس تۆمۈر داۋامەت شىنجاڭنىڭ ئەۋزەل تەرەپلىرىنى ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى يوشۇرۇن كۈچىنى گەۋدىلىك تونۇشتۇردى.

بىز زىيارەت داۋامىدا قازاقىستاندىكى دوستلارغا پارتىيىمىزنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا، ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇپ ئېرىشكەن زور مۇۋەپپەقىيەتلىرىمىزنى تونۇشتۇردۇق، شۇنىڭدەك شىنجاڭدا پارتىيىمىزنىڭ مىللىي سىياسىتى ۋە دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش داۋامىدا ھەر مىللەت خەلقى ئورتاق تىرىشىپ، ئورتاق بېيىش يولىدا مېڭىۋاتقانلىقىمىزنى شەرھلىدۇق.

رەئىس تۆمۈر داۋامەتنىڭ بارغانلا يەردە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىنى بويلاپ قولغا كەلتۈرۈلگەن ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەر، ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقى، دوست ئەل خەلقلىرى بىلەن بولغان قويۇق مۇناسىۋەت توغرىسىدىكى سۆزلىرى بىزگە باشتىن - ئاياغ ھەمراھ بولغان مۇئاۋىن رەئىس تولىسوۋنىڭ قىزغىن ھىمايىسىگە ۋە قوللاپ قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشتى. ئۇ بىز بارغانلىكى يەرلەردىكى سۆھبەتلەردە «مەن تۆمۈر ئاكامنىڭ ماركسىزم — لېنىنىزم، سوتسىيالىزم توغرىسىدىكى بايانلىرىغا قوشۇلىمەن، تۆمۈر ئاكىنىڭ بىلىم سەۋىيىسى يۇقىرى، ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كاتتا شائىرى، ئۇ ئاددىي - ساددا، ئاق كۆڭۈل، چىقىشقاق ئادەم ئىكەن. ئۇ قازاقىستاندىكى زىيارىتى داۋامىدا ئىككى ئەل ۋە ئىككى رايون خەلقلىرىنىڭ دوستلۇقى ھەققىدە ئۆزىنىڭ سەمىمىي ئۈمىدلىرىنى كۆپ قېتىم ئىزھار قىلدى. ئۇنىڭ سۆزلىرى بىزگە بەكمۇ ياقتى. مەن قازاقىستاندىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ۋەكالىتەن تۆمۈر ئاكىغا رەھمەت ئېيتىمەن»

دېدى. 60 ياشلارغا يېقىنلىشىپ قالغان تولىسوۋنىڭ چاچلىرى ئاپئاق ئاقارغان بولسىمۇ،
ئۇ ناھايىتى ساغلام، تېتىك، خۇش چاقچاق ئادەم ئىكەن. ئۇ كانىياك ھارىقىنى ياقتۇرىدىـ
كەن. ئۇ ھەر قېتىمقى تاماق، زىياپەتلەردە كۆپ قېتىم قەدەھ كۆتۈرۈپ، رەئىسكە، بىزگە
سالامەتلىك، مۇۋەپپەقىيەت تىلەپ، چاقچاق قىلىپ ۋە قىزىق ھېكايىلەرنى ئېيتىپ كۈلـ
دۈرۈپ، كۆپچىلىكنىڭ كەيپىنى كۆتۈرۈپ تۇردى. ئۇنىڭ ئوبرازى تا ھازىرغىچە كۆز
ئالدىمىزدىن كەتمەيدۇ. ئۇ بىزگە ھەقىقەتەنمۇ ئەڭ يېقىن دوست بولۇپ قالغانىدى.

ئىككى تەرەپ ئىمزا قويغان ھۆججەتلەرنىڭ ئىجرا قىلىنىشى 90 ـ يىللاردا ھەر
ئىككى تەرەپنىڭ ئىقتىساد، پەن ـ تېخنىكا، مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى
سۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى 21 ـ ئەسىردە ئىككى تەرەپنىڭ دوستانە ھەمكارلىق ئالاقىسىنى
داۋاملىق راۋاجلاندۇرۇشقا تېخىمۇ كەڭ يول ئاچقۇسى. بۇ، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئۆزىگە
خاس ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈكىنى ۋە غايەت زور يوشۇرۇن كۈچىنى تولۇق جارى قىلدۇـ
رۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە ئىككى تەرەپ خەلقلىرىنىڭ كۈنسايىن
ئېشىپ بېرىۋاتقان ماددىي ھەم مەنىۋى تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقا پايدىلىق. سۆھـ
بەت ئاخىرىدا كارمانوۋ: «جۇڭگو ـ سوۋېت خەلقلىرىنىڭ دوستلۇقى مۇستەھكەم ئاساسقا
ئىگە. بىزنىڭ ئىلگىرىكى خىزمەت ئۇسۇللىرىمىز ئاقمايدىغان بولۇپ قالدى. بىز جۇڭگوـ
نىڭ تەجرىبىسىنى ئەينەك قىلماقتىمىز. بىز جۇڭگونىڭ ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش،
يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش، يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنى قۇرۇش تەجرىبىلىرىگە تولىمۇ
قىزىقىمىز، شىنجاڭ بىلەن قازاقىستاننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات جەريانىدا نۇرغۇن ئوخشاش
جايلىرى، ئۆز ئالدىغا ئالاھىدىلىكلىرى ۋە ئۈستۈنلۈكى بار. يەنە كېلىپ، بىر ـ بىرىنى
تولۇقلاش ئىمكانىيىتى ناھايىتى كەڭ. بىز بۇ قېتىم ئىككى تەرەپ مۇناسىۋەتنىڭ تەرەقـ
قىيات ئىستىقبالى ۋە ئىككى تەرەپ قىزىقىدىغان مەسىلىلەر توغرىسىدا كەڭ تۈردە پىكىر
ئالماشتۇردۇق. بىزنىڭ سۆھبىتىمىز ئەمەلىي ۋە ئۈنۈملۈك سۆھبەت بولدى، ئۆزئارا تېـ
خىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىش ھاسىل قىلدۇق. ئەنئەنىۋى دوستلۇق ئىلگىرى سۈرۈلدى.
شىنجاڭ ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن كۆپ قېتىملىق سۆھبەت داـ
ۋامىدا ئىككى مەملىكەت، جۈملىدىن ئىككى رايون خەلقلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى دوستلۇقىنى
ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە تېخىمۇ چوڭقۇر دوستلۇق ئورنىتىش توغرىسىدا كۆپ سۆزلەشـ
تۇق ھەمدە دوستلۇقىمىز كۈچلۈك ئاساسلارغا ئىگە بولدى. ھۆرمەتلىك تۆمۈر ئاكا، سىزـ
نىڭ بىرقانچە قېتىملىق سۆزىڭىزنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇشال بولدۇم. سىز دوستلۇقنى
ئەڭ كۆپ سۆزلىدىڭىز. قازاقىستان خەلقى سىزگە رەھمەت ئېيتىدۇ. سىلەر قازاقىستاندا
ناھايىتى ياخشى تەسىر قالدۇردۇڭلار. خەلقىمىز ھەر كۈنى گېزىت، رادىئو ـ
تېلېۋىزورلاردىن پائالىيىتىڭلار توغرىسىدىكى خەۋەرلەرنى ئاڭلاپ ۋە
كۆرۈپ تۇردى. بۇلار خەلقىمىزنى خۇشال قىلدى، ئىلھاملاندۇردى، زىيارىتىڭلار مۇۋەپـ
پەقىيەتلىك بولدى. بۈگۈن نازاربايېۋ جەنۇبىي چاۋشيەنگە مېڭىش ئالدىدا سىلەرگە
سالام ئېيتتى. بىزنىڭ تەشكىلىي تۈزۈمىمىزدە ئۆزگىرىش بولدى. بۇرۇنقى مىنىستىرلار
سوۋېتى ئەمەلدىن قالدى. زۇڭتۇڭ رەھبەرلىكىدە ئىچكى كابىنېت قۇرۇلۇپ، مەن زۇڭلى

www.uyghurkitap.com

بولدۇم. گەرچە بىزدە مۇنداق ئۆزگىرىشلەر بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى بۇرۇنقى ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ۋە سودا كېلىشىملىرى يەنىلا كۈچكە ئىگە بولىدۇ» دېدى. رەئىس تۆمۈر داۋامەت كارمانوۋنىڭ زۇڭلى بولغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلىدى، زۇڭتۇڭ نازارباييېۋنى مۇۋاپىق پەيتتە شىنجاڭدا زىيارەتتە بولۇشقا تەكلىپ قىلدى.

ھۆججەتلەر ئىمزالىنىپ بولغاندىن كېيىن، رەئىس تۆمۈر داۋامەت مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئۆتكۈزدى. رەئىس ئالدى بىلەن مۇخبىرلارغا ئۆزىنىڭ قازاقىستاندا قىزغىن قارشى ئېلىنغانلىقى، قازاقىستان رەھبەرلىرى، ئوبلاست، شەھەر باشلىقلىرى، ئىشچىلار، كولخوزچىلار، زىيالىيلار، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار، ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر، دوختۇرلار بىلەن كەڭ ئۇچراشقانلىقى ۋە ئۇلار بىلەن بولغان ئۆزئارا چۈشەنچىنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇرلاشقانلىقى، ئومۇمەن زىيارىتىنىڭ كۆڭۈللۈك ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقىنى، بۇ قېتىمقى زىيارەتتىن مەمنۇن بولغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتتى ھەمدە ئۇلارغا شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي تونۇشتۇردى. مۇخبىرلار كەينى - كەينىدىن سوئال قويدى. رەئىس ھەر بىر سوئالغا قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بەردى. «كوممۇنىزم تۇغى» نىڭ مۇخبىرى رەئىستىن: «قازاقىستاندا بولغان كۈنلىرىڭىزدە سىزنى تەسىرلەندۈرگەن ۋە سىز ئەڭ قىزىققان ئىشلار نېمە؟» دەپ سورىدى. رەئىس: «مېنى ئىككى مەسىلە تەسىرلەندۈردى ۋە قىزىقتۇردى. بىرى، دوستلۇق، بىز قوشنىلارنىڭ تارىختىن بۇيانقى ئەنئەنىۋى دوستلۇقى ھېلىمۇ كىشىلەر قەلبىدە شۇنداق ساقلىنىپ كېلىۋېتىپتۇ. خەلق دوستلۇققا موھتاج. خەلق دوستلۇقنى تېخىمۇ كۈچەيتىشنى ئارزۇ قىلىدىكەن. ئومۇمەن جۇڭگو - سوۋېت خەلقلىرىنىڭ دوستلۇقى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى خەلقىنىڭ 70 يىلدىن بۇيان قولغا كەلتۈرگەن سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىزدە بىرقەدەر چوڭقۇر تەسىرات قالدۇردى؛ يەنە بىرسى، قازاقىستاننىڭ سانائەت ئاساسى كۈچلۈك ئىكەن. بىزگە كېرەكلىك مەھسۇلاتلار، بولۇپمۇ خىمىيىۋى ئوغۇتى مول ئىكەن. ئۆزئارا ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، كەم جايلارنى تولۇقلاشنىڭ يوشۇرۇن كۈچى زور ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يەتتىم. بۇ مېنى تولىمۇ قىزىقتۇردى. بۇ قېتىمقى زىيارەت ئارقىلىق تارىختا بىر مەزگىل ئۈزۈلۈپ قالغان مۇناسىۋەت ئەسلىگە كەلدى. دوستلۇق رىشتىسى قايتا باغلاندى. بۇ خەلقىمىز ئۈچۈن قىلىنغان خاسىيەتلىك چوڭ ئىش. بۇ تارىخى بۇرچىنىڭ ئادا بولغانلىقىغا ئىنتايىن خۇشالمەن» دەپ جاۋاب بەردى. ئاخىرىدا رەئىس تۆمۈر داۋامەت مۇخبىرلاردىن ئۆزىنىڭ قازاقىستاندىكى ھەر مىللەت خەلقىگە چوڭقۇر سالىمى ۋە مىننەتدارلىقىنى ئاخبارات ۋاسىتىلىرى ئارقىلىق يەتكۈزۈپ قويۇشنى ئۈمىد قىلدى.

شۇ كۈنى كەچتە ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكى ۋە ئىقتىساد - سودا ئۆمىكىدىكى بىر قىسىم يولداشلار سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزبېكىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەركىزى تاشكەنتكە قاراپ يولغا چىقتۇق. كارمانوۋ بىزنى ئۆزىنىڭ مەخسۇس ئايروپىلانى بىلەن ئۇزىتىپ قويدى.

دوستلۇق خاتىرىسىدىن يېڭى بىر بەت ئېچىلدى. كەچ سائەت 8 دە تاشكەنت

شەھەرگە يېتىپ كەلدۇق. ئايروپىلان شەھەر بوشلۇقىغا كىرگەندە، ئىككى مىليون ئاھالىنى قوينىغا ئالغان بۇ شەھەر سان ـ ساناقسىز ئېلېكتىر چىراغلىرى بىلەن چاقناپ تۇراتتى. ئايروپىلان پەسلىگەنسېرى شەھەرنىڭ كەڭ، ئازادە يوللىرى، يوللاردىن راۋان ئۆتۈشۈۋاتقان ماشىنا ـ تراموۋايلار، ئېگىز ـ ئېگىز بىنالار ئېنىق كۆرۈنۈشكە باشلىدى. بۇ ئاۋات شەھەرنىڭ كەچلىك مەنزىرىسى بىزنى تولىمۇ ھاياجانلاندۇردى. ھەممىمىز خۇشال ـ خۇرام، جۇشقۇن كەيپىياتتا ئايروپىلاندىن چۈشتۇق. ئايرودورومدا بىزنى مۇئاۋىن زۇڭتۇڭ ئۇشكۇرۇللا مىرسايىتوۋ، دىپلوماتىيە مىنىستىرى ئەزىزوۋ، تاشقى سودا كومىتېتىنىڭ رەئىسى ماخموتوۋ ئەنۋەر ۋە ھەرقايسى مىنىستىرلىكلەرنىڭ مىنىستىرلىرى قىزغىن قارشى ئالدى.

ئەتىسى — 24 ـ نويابىر چۈشتىن بۇرۇن زۇڭتۇڭ ئابدۇراخمانوۋىچ ئىسلام كېرىموۋ ۋەكىللەر ئۆمىكىنى قوبۇل قىلدى. كۆرۈشۈش قىزغىن ۋە سەمىمىي بولدى. رەئىس تۆمۈر داۋامەت بىلەن زۇڭتۇڭ كېرىموۋ خۇددى قەدىناس دوستلاردەك قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى ھەمدە زۇڭتۇڭنىڭ تەكلىپى بىلەن ئۇلار ئىككىسى ئايرىم رەسىمگە چۈشتى. سۆھبەت جەريانىدا زۇڭتۇڭ كېرىموۋ ئۆزبېكىستاننىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى، بولۇپمۇ بىز بىلەن بولغان ئەنئەنىۋى دوستلۇق ھەققىدە كۆپ توختالدى. ئۇ مۇنداق دېدى: بىز سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋەتمەكچى. قوشنىلار بىلەن ئىقتىسادىي ھەمكارلىقنى يولغا قويىمىز. تېخنىك خادىملارنى كىرگۈزىمىز. كارخانىلارنى قۇرۇپ، خام ئەشيالارنى پىششىقلاپ ئىشلەيمىز. بىز جۇڭگونىڭ تېخنىكا ئىسلاھاتىغا قىزىقىمىز. بىزنىڭ بىر قىسىم رەھبەرلىرىمىز جۇڭگوغا باردى. سىلەرنىڭ يېزا ـ بازار كارخانىلىرىغا بەكمۇ قىزىقتۇق. بىز جۇڭگودەك قالالىساق، تەرەققىياتىمىز تېزلىشەتتى. ئۆزبېكىستاندا ئادەم كۆپ، يەر ئاز، ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 2 مىليون 400 مىڭ گېكتار بولۇپ، كىشى بېشىغا 0.12 گېكتاردىن توغرا كېلىدۇ. يەنە بىر مىليون گېكتار بوز يەر ئېچىشقا توغرا كەلسىمۇ، لېكىن سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلغىلى بولمايدۇ. بۇ جەھەتتە سىلەر بىلەن ئوخشىشىپ كېتىمىز. يېزا ئىگىلىك مەسىلىسىنى سىلەر ياخشى ھەل قىلدىڭلار. سىلەرنىڭ ئىسلاھاتىڭلارنى ئۈلگە قىلىمىز. ئۆتكەن يىلى يەرنى، مەھسۇلاتنى دېھقانلارغا كۆتۈرە بەردۇق. بۇ يىل شەھەردىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر، ئوقۇغۇچىلار، ھەربىيلەر يېزىلارغا پاختا يىغىشقا چىقمىغان ئەھۋالدىمۇ دېھقانلار پاختىنى ئۆزلىرى يىغىۋالدى. دېھقانلارنىڭ ئاكتىپلىقى زور دەرىجىدە ئاشتى. بىزنىڭ ئوخشىشىپ كېتىدىغان تەرەپلىرىمىز كۆپ، كۆپ تەرەپلەردە ھەمكارلاشساق بولىدۇ. بىزنىڭ دوستلۇقىمىز قېرىنداشلارچە دوستلۇق. ئۇ ئەنئەنىۋى تارىخىي ئاساسقا ئىگە. ئۆزبېكىستاندا قەشقەر قاتارلىق جايلاردىن كەلگەنلەر كۆپ. ئۆزبېكىستاندا ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزى قۇرۇلدى. تاشكەنتتە كۆپلىگەن ئۇيغۇر زىيالىيلىرى، يازغۇچى ـ شائىرلار، كومپوزىتورلار، سەنئەتكارلار بار. مېنىڭمۇ ئۇيغۇر قېرىنداشلاردىن نۇرغۇن دوستلىرىم بار، ئۇلار بىلەن ئىناق، ياخشى ئۆتۈۋاتىمىز. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىمۇ ياخشى. بىرقانچە يىلدىن بۇيان ئۆز ـ ئارا بېرىش ـ كېلىش بولۇۋاتىدۇ. سودا ئىشلىرى يىلدىن يىلغا كۆپىيىۋاتىدۇ. بۇنى

تېخىمۇ كېڭەيتىش كېرەك. خەلقىمىز سىلەرنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ. سىلەر كېلىپ ھەممەيلەن خۇشال بولدى. ئۆزبېكىستان بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ھەر جەھەتتىن مۇناسىۋەت ئورنىتىشتا ئۇزاقنى ئويلىشى كېرەك. دوستلۇق پەقەت بىز ئۈچۈنلا ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى، كەلگۈسى ئەۋلادلار ئۈچۈن ياخشى ئاساس سېلىپ بېرىشى كېرەك. خەلقلىرىمىز بىز ئىككى تەرەپنىڭ ئەۋلادلار ئۈچۈن خاسىيەتلىك بۇ ئىشىنى ئورتاقلىشىپ ياخشى ئىشلىشىمىزنى ئۈمىد قىلىدۇ». رەئىس تۆمۈر داۋامەتمۇ بۇ قېتىمقى زىيارەتنىڭ مەقسىتى، ئىككى دۆلەت ئالىي رەھبەرلىرى بەلگىلەپ بەرگەن چوڭ پرىنسىپ ئاساسىدا دوستانە ئالاقىنى كۈچەيتىش ۋە شىنجاڭنىڭ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى تەرەققىياتى توغرىسىدا تەپسىلىي توختالدى.

سۆھبەت جەريانىدا ئىككى تەرەپنىڭ كەمتەر، ئاق كۆڭۈل، سەممىي بولۇشتەك ئېسىل پەزىلىتى بىزنى تولىمۇ تەسىرلەندۈردى. شۇ كۈنى ئۆتكۈزۈلگەن تۈنجى قېتىملىق سۆھبەت ئارقىلىق ئۆزبېكىستان بىلەن ھازىر ۋە كەلگۈسىدە نۇرغۇن جەھەتلەردە ھەمكارلىشىشنىڭ يوشۇرۇن كۈچى بارلىقىنى ھېس قىلدۇق. ئۇلار خەلق تۇرمۇشىغا كېرەكلىك بۇيۇملارغا خېلى كۆپ مۇھتاج ئىكەن. بولۇپمۇ ھازىر دۇچ كېلىۋاتقان قېيىنچىلىقنى يېڭىش ئۈچۈن، ئۇن، گۈرۈچ، شېكەر، گۆش قاتارلىقلارغا تولىمۇ ئېھتىياجلىق ئىكەن.

شۇ كۈنى كەچتە جۇمھۇرىيەتنىڭ مۇئاۋىن زۇڭتۇڭى ئۇشكۇرۇللا مىرسايىتوۋ ھەم ۋەزىرلەر مەھكىمىسىنىڭ ئەمەلدارلىرى رەئىس تۆمۈر داۋامەت شەرىپىگە چاي بەردى. چايدا مىرسايىتوۋ قىزغىنلىق بىلەن ئىنتايىن ئوبرازلىق قىلىپ: «مەن ئالدى بىلەن رەئىس تۆمۈر ئاكىنىڭ كېلەر يىلى مۇۋاپىق پەيتتە جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا زىيارەتتە بولۇشۇم توغرىسىدىكى تەكلىپىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىمەن. ھۆرمەتلىك رەئىس تۆمۈر ئاكا، سىزنىڭ جۇمھۇرىيىتىمىزگە زىيارەتكە كېلىشىڭىز بىلەن ئەنئەنىۋى دوستلۇق تارىخىدىن پۈتۈلگەن يىپەك يولى خاتىرىسىدىن يېڭى بىر بەت ئېچىلدى. دوستلۇق گۈللىرى پورەكلەپ، دوستلۇق ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇلدى. سىز جۇمھۇرىيىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەڭ قەدىرلىك مېھمىنى بولىسىز. بۈگۈن بۇ يەردە جۇمھۇرىيەتنىڭ ئۈچ چوڭ رەھبىرى بىرلىكتە سىزنى ۋە سىز باشلىغان ئۆمەكنى كۈتۈپ ئولتۇرۇپتىمىز. مۇنداق ئەھۋال بۇنىڭدىن بۇرۇن بولۇپ باقمىغان» دېدى.

ئۆزبېكىستاندا بولغان زىيارەتنىڭ بىرىنچى كۈنىدىلا بولۇپ ئۆتكەن بۇ ۋەقەلەر بىزنى تولىمۇ تەسىرلەندۈردى. كېلىش بىلەن تەڭلا ئالىي ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇپ، شۇنداق يۇقىرى دەرىجىدە قارشى ئېلىنىشىمىز بىزنىڭ زىيارەتكە كېلىشتىن بۇرۇنقى تەسەۋۋۇرىمىزدىنمۇ ئېشىپ كەتتى. رەئىس تۆمۈر داۋامەت بۇنداق ئالىي ھۆرمەت ئۈچۈن، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى نامىدىن رەھمەت ئېيتتى.

قەدىمىي يىپەك يولىنىڭ سودا، مەدەنىيەت تۈگۈنى بولۇش بىلەن نامى چىققان پەرغانە ۋادىسى ئۆزبېكىستان، تاجىكىستان، قىرغىزىستاننىڭ بىر قىسىم جايلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن. بۇ ۋادىدا پەرغانە، ئەنجان، سەمەرقەنت، نامەنگەن، ئوش، لېنىنئاباد قاتارلىق شەھەرلەر بار ئىكەن. بۇ ۋادىنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپى قازاقىستان

بىلەن چېگرىلىنىدىكەن. شەرق تەرىپى جۇڭگو چېگرىسىغا سوزۇلغان بولۇپ، تارىختا پەرغانىلىقلار شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ جەنۇبىدىكى قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ قاتارلىق جايلار بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەن.

بىز 25 - نويابىر تاڭ سەھەردە قەدىمكى يىپەك يولىدىكى شىنجاڭدىن ئۆتكەندىن كېيىنكى ئۆتەڭ — پەرغانە ۋادىسىدىكى ئەڭ يېقىن چوڭ ئۆتەڭ ئەنجانغا كەلدۇق. ئەنجان شەھىرىدە ئۇيغۇرلار كۆپ ئىكەن. تارىختا بۇ شەھەردە 16 قەشقەر دېگى بولۇپ، قەشقەر قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن سودىگەرلەر مۇشۇ دەڭلەردە تۇرىدىكەن. كېيىنچە بۇ دەڭلەرنىڭ بىرسىمۇ قالماپتۇ. يېقىندا بۇ شەھەردە ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزى قۇرۇلۇپ، ھۆكۈمەت ئۇلارغا «قەشقەر سارىيى» سېلىش ئۈچۈن بەش گېكتار يەر ۋە قۇرۇلۇش خىراجىتى ئاجرىتىپ بېرىپتۇ. ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى ھەسەن ئاخۇن بىزگە ئەھۋال تونۇشتۇرۇپ: «بىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىز قەشقەردىن. ئىلگىرى سودا، مەدەنىيەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، مۇشۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان. ھازىر ئۇيۇشمىمىزنىڭ 500 ئەزاسى بار. بۇ ئۇيۇشما بارغانسېرى كېڭىيىۋاتىدۇ، قەشقەر بىلەن باردى - كەلدى مۇناسىۋىتىمىز قويۇق. قەشقەردىن ۋەكىللەر ئۆمىكى كەلگەندە، بۇنىڭدىن كېيىنكى مۇناسىۋەت توغرىسىدا كۆپ سۆزلەشتۇق. ئۇلار ‹قەشقەر سارىيى› نىڭ قۇرۇلۇشىغا تېخنىك خادىملىرىنى ئەۋەتىپ، قۇرۇلۇشنى لايىھىلەپ سېلىشىپ بەرمەكچى» دېدى. ئەنجاندا شىنجاڭنىڭ يەر - جاي ناملىرى بېرىلگەن پەيزىۋات يېزىسى، يوپۇرغا يېزىسى دېگەنگە ئوخشاش ئۇيغۇر يېزىلىرى بار ئىكەن. ئۇلار ئاساسەن كېۋەز، قوغۇن - تاۋۇز تېرىش ۋە باغۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن.

ئەنجان شەھىرىدە قول ھۈنەرۋەنچىلىك خېلىلا تەرەققىي قىپتۇ. بىز ئېكسكۇرسىيە قىلغان قول سانائەت كارخانىسىدا 2 مىڭ خىزمەتچى ئىشلەيدىكەن. ئۇلارنىڭ 80% ى ئىشنى كۆتۈرە ئېلىپ، ئائىلىسىدە ئىشلەيدىكەن. مەھسۇلاتلارنىڭ ھەممىسى قول بىلەن ئىشلىنىدىكەن. كارخانىنىڭ كەشتىچىلىك بۆلۈمىگە كىرگىنىمىزدە، نۇرغۇن ئاياللار قېلىن كۆرپىلەرنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، دوپپا ۋە تۈرلۈك كەشتىلەرنى تىكىۋاتقان ئىكەن. بىزگە ھەمراھ بولۇپ بارغان زۇڭتۇڭ ۋەزىرلەر مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى ئەركىنجان بىزنى تونۇشتۇرۇپ: «بۇلار جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن كەلگەن مېھمانلار» دېۋىدى، ئۇلار بۇ رايوننىڭ قەيەر ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرالماي قېلىشتى. ئەنجان ئوبلاستىنىڭ باشلىقى قەيۇمجان بىزنى قايتا تونۇشتۇرۇپ: «بۇ مېھمانلار قەشقەردىن كەپتۇ» دېۋىدى، ھەممىسى ئورۇنلىرىدىن مىدىرلاپ، بىزگە ئالاھىدە سالام بېرىشتى. ئۇلارنىڭ بىرسى رەئىس تۆمۈر داۋامەتنى كۆرسىتىپ: «بۇياق قەشقەرنىڭ ۋالىيسىمۇ؟» دەپ سورىدى. ئۇ يەرلەردە ناھىيىنى رايون دەيدىكەن. شۇڭا خەلق ئىچىدە «ئاپتونوم رايون» دېسە، بىر ناھىيىچىلىك جاي ئوخشايدۇ دېگەن خاتا ئۇقۇم پەيدا بولۇپ قالىدىكەن. قەشقەر ئۇلارغا تولىمۇ تونۇش ئىكەن، ئۇلار بىزگە: «قەشقەرنىڭ قول ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرىغا قىزىقىمىز. كارخانىمىز قەشقەردىكى قول ھۈنەر گۈزەل سەنئەت كارخانىسى بىلەن ئالاقىلاشماقچى بولۇۋاتىدۇ» دېيىشتى.

رەئىس تۆمۈر داۋامەت ئىشچىلاردىن سەمىمىي ھال سورىدى، ئۇلارنىڭ ئىش شارائىتى، ئىش ھەققى ۋە ئائىلە تۇرمۇش ئەھۋالىنى سۈرۈشتۈردى. كارخانىنىڭ ئايال مۇدىرى بىزگە: «ئۆزبېكىستاندا ئۆزبېك، ئۇيغۇر مىللەتلىرىنىڭ بۇنداق ئەنئەنىۋى قول ھۈنەر سەنئىتى ئۇزۇن يىللار كۆمۈلۈپ قالغانىدى. بىرقانچە يىلدىن بۇيان ئېلىپ بېرىلغان ئىسلاھات داۋامىدا بىز بۇ بايلىقنى قېزىپ، ئەسلىگە كەلتۈردۇق. كارخانىمىز قۇرۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي، بىز ئىشلەپچىقارغان بۇيۇملار ناھايىتى تېزلا بازار تاپتى. ھازىر كارخانىمىزدا قول ئەمگىكى بىلەن ئىشلىنىدىغان گۈزەل سەنئەت بۇيۇملىرىدىن 90 نەچچە خىلى بار. بۇ مەھسۇلاتلارنىڭ بازىرى ئىتتىك، پايدا نىسبىتى يۇقىرى» دېدى. كارخانىدىكى ئىشچىلارنىڭ ئىش ھەققى كۆتۈرە ئالغان ۋەزىپىسىنىڭ ئورۇندىلىشىغا ۋە ئىش سۈپىتىگە قاراپ بەلگىلىنىدىكەن. ئۇلارنىڭ ئالدى 500، ئادەتتىكىلىرى 140 رۇبلىدىن يۇقىرى مائاش ئالىدىكەن. بىز ئۇلار ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلارنىڭ ئۈلگىلىرىنى كۆردۇق. ئەر - ئاياللارنىڭ تۈرلۈك دوپپىلىرى، تۇماقلار، رەشمىلىيە ئىشلىگەن پەردىلەر، كانىۋا كۆكلەك ھەم ياغلىقلار تولىمۇ نەپىس ئىشلىنىپتۇ. ئۇلارنىڭ نۇرغۇن مەھسۇلاتلىرى تاشكەنت، موسكۋا، لېنىنگرادتا ۋە خەلقئارا كۆرگەزمىلەرگە كۆرگەزمە قىلىنىپتۇ ھەم مۇكاپاتلىنىپتۇ. بابۇرنىڭ كەشتىلەنگەن باش سۈرىتى پارىژدا ئېچىلغان خەلقئارا گۈزەل سەنئەت كۆرگەزمىسىدە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشىپ، 20 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى قىممىتىدە باھالىنىپتۇ. بىز بۇ كارخانىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىۋاتقىنىمىزدا، ئۆزىمىزنى خۇددى قەشقەر شەھىرىدىكى قول ھۈنەر گۈزەل سەنئەت كارخانىسىدا تۇرغاندەك ھېس قىلدۇق.

رەئىس تۆمۈر داۋامەت ئۇلارغا: «سىلەرنىڭ ھۈنىرىڭلارنى كۆرۈپ بەكمۇ تەسىرلەندۇق. بۇ بىز ئۇيغۇر، ئۆزبېك مىللەتلىرىدىكى ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت، بۇنداق مەدەنىيەتنىڭ تارىخىي ئاساسى بار. بىزنىڭ دوستلۇقىمىز شۇ ئاساستا ئەسلىگە كەلدى. بۇنىڭدىن كېيىن ئۆز ئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنىڭ ئىستىقبالى پارلاق. بىز ئىككى تەرەپ يېپقىن قوشنا، بۇنىڭدىن كېيىن قويۇق ئارىلىشىپ، مەدەنىيىتىمىزنى ئورتاق گۈللەندۈرەيلى، سىلەر سوتسىيالىزمنىڭ كۆپ ئىشلىگەن كۆپ يەيدۇ، ئىشلىمىگەن چىشلىمەيدۇ، دېگەن ئەمگەك پىرىنسىپىدىن بەھرىمەن بولۇپ، ئۆزۈڭلارنىڭ ماھارىتىنى نامايان قىلىپسىلەر، مەن سىلەرنىڭ ۋە ئائىلەڭلەرنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ مۇنداق ئەۋزەل تۈزۈمى ئاستىدا تېخىمۇ بەختلىك بولۇشىنى تىلەيمەن» دېدى.

بىز ئەنجاندىكى زىيارەت جەريانىدا پەرغانە ۋادىسىدىكى قارا دەرياسىنىڭ پەرغانە توسمىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. بۇ توسما 1939 - يىلى پۈتۈن پەرغانە ۋادىسىدىكى خەلقلەرنىڭ خالىسانە ئەمگىكى بىلەن ياسالغان بولۇپ، 2 مىليارد كۇب مېتىر سۇيى بار ئىكەن. بۇ ئامبارنىڭ سۈيىدىن پۈتۈن پەرغانە ۋادىسىدىكى شەھەرلەر تەمىنلەنگەندىن باشقا تاجىكىستان ۋە قىرغىزىستانلارمۇ بەھرىمەن بولىدىكەن. قارا دەريا مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن تىزگىنلىنىپ، ئاپەتنىڭ ئالدى ئېلىنىپتۇ. بۇ سۇ ئامبىرىغا سېلىنغان ئېلېكتىر ئىستانسىسى 1 مىليون 800 مىڭ كىلوۋات توك چىقىرىپ، پۈتۈن ۋادىنى يورۇتىدىكەن.

بىز 26 - نويابىر سەمەرقەنت شەھىرىدە بولدۇق. بۇ شەھەر ئەينى زامانلاردا يىپەك

يىولىنىڭ مەدەنىيەت مەركىزى ھەم سودا مەركىزى بولغان. 1399 - يىلى تۆمۈرخان ھىندىستاندىن بۇ يەرگە كېلىپ تۇرغانىكەن. ئۇنىڭ شۇ مەزگىلدە قالدۇرغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا دائىر ناھايىتى جىق ئاسار - ئەتىقىلەر بۇ يەردە تا ھازىرغىچە مۇكەممەل ساقلىنىۋېتىپتۇ. 1404 - يىلى ھىندىستان ئۇستىلىرىغا سالدۇرغان بىبى خانىم قەۋرىسى ناھايىتى ھەيۋەتلىك بولۇپ، قەبرە سەيناسىغا 30 كىلوگىراملىق ئالتۇن قۇرئان قويىدىغان مەرمەر تاش جاھازا ياسالغان (بۇ ئالتۇن قۇرئان ئۇزۇن يىللار لېنىنگراد مۇزېيىغا قويۇلۇپ، ھازىر تاشكەنتتە ساقلىنىۋېتىپتۇ) ئۆز ۋاقتىدا ئەلىشىر ناۋايى ئوقۇغان مەدرىسىمۇ مۇشۇ يەردە ئىكەن. يول باشلىغۇچى بىزگە: «1991 - يىلى ئەلىشىر ناۋايى دۇنياغا كەلگەنلىكىنىڭ 550 يىللىقىنى مۇشۇ يەردە خاتىرىلىمەكچىمىز» دېدى. بۇ شەھەردە يەنە ئاتاقلىق ئاسترونوم تۆمۈرخانىنىڭ ئوغلى قاراتاي ئۇلۇغبېكنىڭ قەبرىسى ۋە ئۇنىڭ رەسەتخانىسىمۇ بار ئىكەن. تونۇشتۇرغۇچى بىزگە ئۇنى «ئاتاقلىق شائىر، ئۇ ‹يۈسۈپ - زىلەيخا› داستانىنى يازغان» دەپ تونۇشتۇردى. بۇ شەھەردە تېخىمۇ ھەيۋەتلىك قەد كۆتۈرۈپ تۇرغىنى تۆمۈرخان ئۆز ۋاقتىدا ياساتقان رىگىستان، يەنى تۆمۈر پادىشاھ مەيدانى بولۇپ، بۇ مەيدانغا تارىختا چوڭ مەدرىس، مەدەنىيەت، سودا مەركىزى ۋە كارۋان سارايلىرى جايلاشقانىكەن. ئۇلۇغبېك بۇ مەيداننى مەدەنىيەت مەركىزى قىلغان، 1417 - يىلى ئۇلۇغبېك بۇ مەيدانغا كاتتا بىر مەدرىس سالدۇرۇپ، 2 كىلوگىرام ئالتۇننى مەدرىسنىڭ ئىچىدىكى نەقىشكە ئىشلەتكەن. تاجىكلارنىڭ ئۇلۇغ شائىرى جامى مۇشۇ مەدرىستە ئوقۇغان. ئۇلۇغبېك بۇ مەدرىستە يەنە باشقا پەنلەرنى ئوقۇتۇشنىمۇ يولغا قويغان (بۇ مەدرىس كۆپ قېتىم رېمونت قىلىنغان بولسىمۇ، ئەسلىنى ساقلاپ قالغان. تۆمۈرخانىنىڭ قەبرىسى ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان مۇكەممەل ساقلىنىپ، شۇ تارىخىي دەۋردىكى بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ گۈزەل ئالاھىدىلىكى بىلەن كۆزگە تاشلىنىپ تۇرۇپتۇ. تۆمۈرخان ھايات ۋاقتىدا ئۆزى ئۈچۈن سالدۇرغان بۇ قەبرىنىڭ ئۆز ۋاقتىدا ئىشلەنگەن نەقىشلىرى ھېلىمۇ ئۆز پېتى تۇرۇپتۇ.

سەمەرقەنتتە دېھقانلار بازىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. بىز بازارنىڭ تازا قاينىغان ۋاقتىدا بېرىپتۇق. بازارغا كىرگەن قوغۇن - تاۋۇزلار ناھايىتى چوڭ ھەم تاتلىق ئىكەن. لېكىن ئۇلارنىڭ سورتى بىزنىڭ 50 - يىللاردىكى كونا سورتلاردىن ئىكەن. ئۇلار قوغۇننى قومۇش تورغا باغلاپ، دانىلاپ ساتىدىكەن، 7 - 8 كىلوگىرام كەلگۈدەك قوغۇننى 4 - 5 سوم دەپ تۇرىدىكەن، كېلىشىم باھا بولغاچقا، ئۇنى 3 سومغا ئالغىلى بولىدىكەن. بىزنى ئالاھىدە قىزىقتۇرغىنى سۈت مەھسۇلاتلىرى بازىرى بولدى. ئۇ يەردە سۈت مەھسۇلاتلىرىدىن قايماق، سېرىق ماي، خام قايماق، ئىرىمچىك، سۈزمە، قۇرۇت ۋە قېتىق قاتارلىقلار بار ئىكەن. باھاسىمۇ ئەرزان ئىكەن. ئۇلار ھەر قېتىملىق تاماقىدا سۈت مەھسۇلاتلىرىنى كۆپ ئىستېمال قىلىدىكەن. بىز ئايلىنىپ نان بازىرىغا كەلگەندە، نان يېقىۋاتقان ئاياللار بىزنى نان يېيىشكە تەكلىپ قىلدى. بىر ئايال ناۋاي: «تونۇر بېشىدا ئىسسىق نان يېسە قېرىمايدۇ دېگەن گەپ بار. ئىسسىق نان يەڭلار» دەپ نان ئۇشاتتى. بىز مەززىلىك پىشقان نانغا ئېغىز تەگدۇق، ئۇلار نانني ئۇدۇللۇق يېقىپ، ئۇدۇللۇق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ساتىدىكەن. نان تولىمۇ سۈپەتلىك يېقىلىدىكەن.

بىز ئۇلار بىلەن خوشلاشقاندا، بىر ئايال رەئىس تۆمۈر داۋامەتكە قىپقىزىل پىشقان شېرمان ناندىن بەشنى سۇنۇپ: «نان دۇنيادا ھەممىدىن ئۇلۇغ. شۇڭا سىزدەك قىممەتلىك دوستلارغا نان سوۋغا قىلىمەن» دېدى. رەئىس ھەشقاللا ئېيتىپ، سوۋغاتنى قوبۇل قىلدى ۋە ئۇلارغىمۇ خاتىرە بۇيۇملىرى بەردى.

سەمەرقەنت شەھىرى ئۆزبېكىستاننىڭ قاراكۆل قويى يېتىشتۈرىدىغان بازىسى ئىكەن. ئۆزبېكىستاندا 2 مىليون تۇياقتىن ئارتۇق قاراكۆل قويىدىن بولۇپ، سەمەرقەنت ئۇنىڭ مۇھىم تەتقىقات مەركىزى جايلاشقان جاي ئىكەن. كارخانا باشلىقى بىزگە: «ئۆزبېكىستاننىڭ پاختا، يىپەك، ئالتۇن قاتارلىق ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەڭ تۇرىدىغان قارا كۆل قوزا تېرىسى مەھسۇلاتىمۇ ئۇنىڭ چوڭ ئەۋزەللىكى، بىزدىن چىقىدىغان قاراكۆل قوزا تېرىسى ئون نەچچە خىلغا يېتىدۇ. تەتقىقات مەركىزىمىز بۇ مەھسۇلاتنى يېتىشتۈرۈشتە نۇرغۇن ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللاندى. بىز تۇغۇلغان قوزىنى ئىككى كۈندىن كېيىنلا سويىمىز ياكى تۇغۇلۇشتىن 7 — 10 كۈن بۇرۇن قورساقنى يېرىپ ئالىمىز. ئۇنىڭ تېرىسى تېخىمۇ سۈپەتلىك ھەم قىممەتلىك بولىدۇ» دېدى. ئۆزبېكىستان بويىچە بۇخارا شەھىرىدە قوزا تېرىسىنى پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى بار ئىكەن، بىز 27 ـ نويابىر كۈنى خۇشال ـ خۇراملىق بىلەن تاشكەنتكە قايتتۇق.

28 ـ نويابىر رەئىس تۆمۈر داۋامەت ئۆزبېكىستان رەھبەرلىرىگە مىننەتدارلىق زىياپىتى بەردى. زىياپەتكە مىرسايىتوۋ ۋە زۇكتۇڭ ۋەزىرلەر مەھكىمىسىنىڭ مەسئۇللىرى ھەمدە ئالاقىدار دائىرىلەرنىڭ مەسئۇللىرى قاتناشتى. زىياپەتتە رەئىس تۆمۈر داۋامەت ئۆزبېكىستاندىكى زىيارىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقى، ئۆزبېكىستان زۇكتۇڭى كېرىمۇۋ، مۇئاۋىن زۇكتۇڭ مىرسايىتوۋ قاتارلىق رەھبەرلەرنىڭ ھەم ئۆزبېكىستاندىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆزىنى ۋە ئۆزى بىلەن بىللە كەلگەن ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى يولداشلارنى قىزغىن قارشى ئالغانلىقىغا كۆپ رەھمەت ئېيتتى. زىياپەتتە بىز مېھمانلارنى شىنجاڭدىن ئېلىپ بارغان تۈرلۈك ئىچىملىك، مېۋە ـ چېۋە، قەنت ـ گېزەك، پېچىنە، پىرەنىك قاتارلىقلار بىلەن قىزغىن كۈتتۇۋالدۇق. مېھمانلار داستىخاندىكى مول نېمەتلەرگە ئېغىز تېگىپ، تولىمۇ خۇشال بولۇشتى. زىياپەتتە رەئىس تۆمۈر داۋامەت مۇئاۋىن زۇكتۇڭ مىرسايىتوۋ بىلەن ئازادە پاراڭلاشتى. ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرسىنىڭ خىزمىتىگە ئۇتۇق ۋە بىر ـ بىرسىگە سالامەتلىك تىلەپ كۆتۈرۈشۋاتقان قەدەھلىرى سورۇننىڭ كەيپىنى تېخىمۇ كۆتۈرۈۋەتتى. بىز كېلىشتىن بۇرۇن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىقتىسادـ سودا ئۆمىكىنىڭ ئالدىن تەييارلىغان ئىقتىساد ـ سودا كېلىشىملىرى تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن ئانچە كۆڭۈلدىكىدەك بولمىغانىدى. ئىككى تەرەپ ئالىي رەھبەرلىرىنىڭ بىر سورۇندا ئولتۇرۇپ سەمىمىي سۆزلىشىشى ئارقىلىق ئىلگىرى كېلىشەلمىگەن نۇرغۇن قىيىن ئىشلار ئادەتتىكى ئىشلارغا ئايلىنىپ قالدى. رەئىس تۆمۈر داۋامەت مىرسايىتوۋقا: «بىز ئىككىمىز ئوبدان ھەمكارلىشايلى. ھازىر سىلەرنىڭ خەلق تۇرمۇشنى ئورۇنلاشتۇرۇشلاردا مەلۇم قىيىنچىلىقلار بار ئىكەن. بىز ياردەم بېرىشكە تەييار. سىزگە نېمە لازىم بولسا دەۋېرىڭ،

ئۆزىمىزدە بارلىقىنى ئايىمايمەن، يوقلىرىنى مەملىكىتىمىزنىڭ باشقا ئۆلكىلىرىدىن ھەل قىلىپ بېرىشكىمۇ تەييارمەن» دېدى. مىرسايىتوۋ: «بىزمۇ سىلەرگە لازىملىق نەرسىلەرنى ئىمكان قەدەر ھەل قىلىپ بېرەيلى. بەزى نەرسىلەرنى سىرتقا بېرىشنى توختىتىپ، سىلەرگە بېرىشكە رازىمىز. قارىغاندا سىلەرگە بېرىلگەن خىمىيىۋى ئوغۇت ئازراق بولۇپ قاپتۇ، بۇنى 20 مىڭ تونىغا كۆپەيتەيلى. يەنە سىلەرگە پاختا بېرىشنىمۇ ئورۇنلاشتۇرايلى» دېدى. ئىككى رايون ئالىي رەھبەرلىرىنىڭ بۇ سۆھبىتى ئىقتىساد ـ سودا ئۆمىكىنىڭ خىزمىتىدە زور بۇرۇلۇش ھاسىل قىلدى. ئەسلىدە 10 مىليون فرانك چامىسىدا ھاسىل قىلىنغان سودا كېلىشىمى خىمىيىۋى ئوغۇت ۋە پاختا سودىسى مۇناسىۋىتى بىلەن نەچچە ھەسسىلەپ ئاشقۇسى.

بىز قايتىدىغان كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ئىككى تەرەپ كېلىشىمگە ئىمزا قويۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. تەييارلىق پۇختا ئىشلەنگەچكە، ئىككى تەرەپ 10 مىنۇت ئىچىدىلا خۇشال ـ خۇرام كەيپىياتتا كېلىشىمگە ئىمزا قويۇشتى. رەئىس تۆمۈر داۋامەت گېزىت، رادىئو ـ تېلېۋىزىيە مۇخبىرلىرىغا:

«مېنىڭ زىيارىتىم تولىمۇ كۆڭۈللۈك ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. مەن كېتىش ئالدىدا سىلەر ئارقىلىق ئۆزبېكىستان خەلقىگە رەھمەت ئېيتىمەن ۋە سەمىمىي سالام يوللايمەن» دېدى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ چايدان سانائەت شىركىتى بىلەن ئۆزبېكىستان ئىستىپاقداش جۇمھۇرىيىتى 6 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ قۇرغان (بۇنىڭ ئىچىدە 2 مىليون 200 مىڭ يۈەننى جۇڭگو شىنجاڭ تەرەپ سالغان) تاشكەنت خەلقئارا چايدان ھەسسىدارلىق شىركىتى ئىشقا كىرىشكەن يېرىم يىل جەريانىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان يۇقىرى ئۈنۈم ھاسىل قىلغان. بۇ كارخانىنىڭ ئۈسكۈنە ۋە تېخنىك خادىملىرىنى شىنجاڭ چايدان سانائەت شىركىتى تەمىنلىگەن. كارخانا ئىشقا كىرىشكەندىن بۇيان 700 مىڭ دانە سۈپەتلىك چايدان ئىشلەپچىقىرىپ، 5 مىليون 300 مىڭ رۇبلى ساپ پايدا ياراتقان. بۇنىڭدىن جۇڭگو شىنجاڭ تەرەپ 1 مىليون رۇبلى ۋە 60 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى ساپ پايدا ئالغان. بۇ شىركەتنىڭ شىنجاڭ تەرەپتىن تەيىنلەنگەن مەسئۇلى يولداش ئەركىن (ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى) بىزگە ئەھۋال تونۇشتۇرۇپ: «يىل ئاخىرىغىچە يەنە ئىككى ئاي بار. بىز يەنە 600 مىڭ چايدان ئىشلەپچىقىرالايمىز. شۇنىڭ بىلەن بۇ شىركەتكە سېلىنغان پۈتۈن مەبلەغ تۆلىنىپ، يەنە بىر قىسىم پايدا ئېشىپ قالىدۇ. 1991 ـ يىلى مىليون دانە چايدان ئىشلەپچىقىرىپ، 10 مىليون رۇبلى نەق پايدا ئېلىشنى پىلانلاۋاتىمىز. بۇنى ئورۇنداش تامامەن مۇمكىن» دېدى. بىز سېخلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. زاۋۇت دەرۋازىسىغا «شىنجاڭدىن كەلگەن مېھمانلارنى قارشى ئالىمىز» دېگەن خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە چوڭ خەتلىك پىلاكات ئېسىلىپتۇ. بىزنى بىر قىسىم خەنزۇ، ئۇيغۇر، ئۆزبېك، رۇس قاتارلىق ھەرمىللەت ئىشچىلىرى قىزغىن قارشى ئالدى. بىز تۈنىكىچىلىك سېخى، سىرچىلىق سېخى ۋە قۇراشتۇرۇش سېخلىرىنى ئارىلاپ، چايداننىڭ ياسىلىش جەريانىنى كۆرۈپ چىقتۇق. بۇ زاۋۇت ئىنتايىن چوڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتىپى www.uyghurkitap.com

بولۇپ، ئۇسكۈنىلەر رەتلىك جايلاشتۇرۇلغان. ئىشچىلار ناھايىتى پاكىز ۋە ئازادە شارائىتتا ئىشلەۋېتىپتۇ. ئىش ھالقىلىرىنىڭ ھەر بىرىدە جۇڭگولۇق خەنزۇ، ئۇيغۇر ئەر ـ ئايال تېخنىك ئىشچىلار بار ئىكەن. ئۇلار تېخنىكا جەھەتتە سوۋېتلىك ئۆزبېك، رۇس ئىشچىلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىدىكەن. بىز ئەڭ ئاخىرقى قاچىلاش بۆلۈمىگە بارغاندا، ئىشچىلار ھەر خىل گۈزەل كۆرۈنۈشلەرنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن چايدانلارنى ساندۇقلارغا قاچىلاپ پېچەتلەۋاتقان ئىكەن. بۇ چايدانلار ئۆزبېكىستاننىڭ ھەرقايسى ئوبلاست، ۋىلايەتلىرىگە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ باشقا جۇمھۇرىيەتلىرىگە، ھەتتا چەت ئەللەرگە يوللىنىدىكەن. بۇ شىركەت چايداننىڭ ئەينىكىنى شىنجاڭدىن ئالغاندىن باشقا قالغانلىرىنى ئۆزى ئىشلەپچىقىرىدىكەن. بىز ئېكسكۇرسىيە جەريانىدا شىنجاڭدىن بارغان تېخنىك خادىملار ۋە ئىشچىلاردىن ھال سورىدۇق. ئۇلار يىلدا بىر قېتىم ئالمىشىپ تۇرىدىكەن. ئۇلار تاشكەنتلىكلەر بىلەن ئىچقويۇن ـ تاشقويۇن بولۇپ ناھايىتى يېقىن ئۆتۈۋېتىپتۇ. بىز ئۇلارنىڭ رۇس تىلى ئۆگىنىش ئەھۋالىنى ئۇقۇشساق، ئۆزى بىلەن بىللە ئىشلەيدىغان ھەمراھلىرى بىلەن ئۆز كەسپىگە دائىر سۆزلەرنى سۆزلىشەلەيدىغان بولۇپ قاپتۇ.

27 ـ نويابىر ئۆزبېكىستان ئالىي سوۋېتىنىڭ رەئىسى ناجىمۇۋ رەئىس تۆمۈر داۋامەتنى ۋە ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى باشقا ئەزالارنى قوبۇل قىلغاندا، چايدان زاۋۇتىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ: «بىز ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ كارخانا قۇرغاندا، بىر ـ بىرىمىزگە پايدا يەتكۈزىدىغان ھەم خەلق خۇش بولىدىغان كارخانىلارنى كۆپلەپ قۇرساق. سىلەر قۇرۇپ بەرگەن چايدان زاۋۇتى خەلقىمىزنى خۇش قىلدى. خەلقىمىز سىلەرگە رەھمەت ئېيتىدۇ» دېدى. مۇئاۋىن زۇڭتۇڭ مىرسايىتوۋ ئىككى تەرەپنىڭ 2 ـ قېتىملىق سۆھبىتىدە: «سىلەر قۇرۇپ بەرگەن چايدان زاۋۇتىنى ئۆزبېكىستان خەلقى ‹تۇنجى باھار قارلىغىچى› دەپ ئاتايدۇ. چۈنكى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان ئىككى تەرەپنىڭ ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ئىشلىرىدا ئۈنۈمى ئەڭ زور بولغان ھەمدە خەلقىمىز خۇشال بولغان تۇنجى ياخشى ئىش ئاشۇنىڭدىن ئىبارەت. ئۆزبېكىستاندا بۇ مەھسۇلات ھەممە ئائىلىلەردە ئومۇملىشىۋاتىدۇ. ئۇ، خەلقىمىزنىڭ ئەڭ ئېھتىياجلىق، ھەممىدىن ئامراق تۇرمۇش بۇيۇمىغا ئايلىنىپ قالدى. ئۇلار ھەر قېتىم ئۇنى قولىغا ئالغاندا سىلەرنى ئەسلەيدۇ، سىلەرگە رەھمەت ئېيتىدۇ» دېدى. رەئىس تۆمۈر داۋامەت: «خەلققە پايدىلىق ئىشلارنى ئۆزئارا كۆپرەك قىلايلى، بۇنىڭدىن خەلقلىرىمىز بەھرىمەن بولسۇن» دېدى. مىرسايىتوۋ: «شۇنداق، بىزمۇ شىنجاڭدا خۇددى شۇنداق بىر كارخانا قۇرساق، ئۇنىڭ مەھسۇلاتىغا شىنجاڭ خەلقىمۇ ئەڭ ئامراق بولۇپ قالسا، ئۇلارمۇ بىز ئىشلەپچىقارغان بۇيۇملارنى ھەر قېتىم ئىشلەتكەندە، بىزنى ئەسلەپ تۇرسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى» دېدى.

دوستلۇقنىڭ سىمۋولى بولۇپ قالغان بۇ «باھار قارلىغىچى» دوستلۇق رىشتىسىنى ئېلىپ، ئۆزبېكىستاندىلا ئەمەس، بەلكى قازاقىستان ۋە باشقا جۇمھۇرىيەتلەردىمۇ پەرۋاز قىلماقتا. قازاقىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئالمۇتا شەھىرىدىكى «ئاق بۇلاق» چايدان زاۋۇتىمۇ بىرنەچچە ئايدىن بۇيان ئىشقا كىرىشىپ، مەھسۇلاتلىرىنى بازارغا

سىلىشقا باشلاپتۇ. ئۇنىڭ چايدانلىرىمۇ رەڭگارەڭ، ناھايىتى سىپتا ۋە پۇختا ئىشلەنىپتۇ. بۇ ئىككى جايدىكى بىرلەشمە كارخانا سىناق قىلىپ قۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇنىڭ تەسىرى سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەڭ تارقىلىپ، ئۇنىڭ مەھسۇلاتلىرى ھەممەيلەن ھەۋەس قىلىدىغان، ھەممەيلەن ياخشى كۆرىدىغان، تالىشىپ سېتىۋالىدىغان مەھسۇلاتلاردىن بولۇپ قاپتۇ. سوۋېت تەرەپنىڭ بۇ كارخانىلارغا بولغان باھاسى ناھايىتى يۇقىرى ئىكەن. ئاڭلىشىمىزچە، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى باشقا ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەرمۇ كەينى - كەينىدىن شىنجاڭ چايدان سانائەت كارخانىسىنىڭ شۇ جايلاردا بىرلەشمە كارخانا قۇرۇشىنى تەلەپ قىلىۋېتىپتۇ. يېقىندا موسكۋا، ئىركۇتسكى قاتارلىق شەھەرلەر شىنجاڭ چايدان سانائەت كارخانىسى بىلەن ئايرىم - ئايرىم ھالدا بىرلەشمە كارخانا قۇرۇش توختاملىرىنى تۈزۈشكەن.

29 - نويابىر چۈشتىن كېيىن ئۆزبېكىستاندىكى زىيارىتىمىزنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئۆزبېكىستان خەلقىنىڭ سالىمىنى ئېلىپ، ئالمۇتىغا قاراپ يولغا چىقتۇق. ئۆزبېكىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئۇشكۇرۇللا مىرسايىتوۋ باشلىق رەھبەرلىرى ئايرودرومغا چىقىپ، بىزنى قىزغىن ئۇزىتىپ قويدى.

قازاقىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەركىزى ئالمۇتىدا تولسوۋ قاتارلىق رەھبەرلەر بىزنى خۇددى يېڭى كەلگەن ۋاقتىمىزدىكىدەكلا يەنە بىر قېتىم قىزغىن قارشى ئالدى. بىز يەنىلا بۇرۇن چۈشكەن مېھمانخانىغا جايلاشتۇق. ئەتىسى كەچ سائەت 5 كە قەدەر كارمانوۋ، تولسوۋلارنىڭ ھەمراھلىقىدا ئالمۇتىدىكى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش مۇۋەپپەقىيەتلىرى كۆرگەزمىسى ۋە داۋالاش - دىئاگنوز تەتقىقات مەركىزى قاتارلىق جايلاردا ئېكسكۇرسىيىدە بولدۇق. زۇڭلى كارمانوۋ شۇ كۈنلەردە زۇكام بولۇپ قىزىتمىسى 38°C قا چىققان بولسىمۇ، يەنىلا بىز بىلەن باشتىن - ئاياغ بىللە بولۇپ، رەئىس تۆمۈر داۋامەت بىلەن مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىقتىساد - سودا، پەن - تېخنىكا ۋە مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى دوستلۇق، ھەمكارلىق ئىشلىرى توغرىسىدا تەپسىلىي پاراڭلاشتى ۋە ھەر ئىككى تەرەپ بۇ جەھەتتىكى كېلىشىملەرنى مۇقىم ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىرادىلىرىنى بىلدۈرۈشتى.

بىز زۇڭلى كارمانوۋ تەييارلىغان خوشلىشىش زىياپىتىدىن كېيىن، ئالمۇتا ئايرودرومىغا قاراپ مېڭىپ كەتتۇق. ئايرودرومدا قازاقىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتىنىڭ گېزىت، رادىئو - تېلېۋىزىيە مۇخبىرلىرى رەئىس تۆمۈر داۋامەتنى زىيارەت قىلدى. زۇڭلى كارمانوۋ مۇخبىرنىڭ قولىدىكى مىكروفوننى ئېلىپ، تېلېۋىزور ئاپپاراتى ئالدىدا: «رەئىس تۆمۈر ئاكا، زىيارىتىڭىزنى ئاخىرلاشتۇرۇپ كېتىش ئالدىدا تۇرسىز، سىز كەلگەن ۋاقىتتا دەل مۇشۇ ئايرودرومدا ‹مەن بۇ قېتىم زور ئۈمىد بىلەن كەلدىم› دېگەن ئىدىڭىز، سىزنىڭ ئۈمىدىڭىز ئەمەلگە ئاشتىمۇ - يوق؟» دەپ سورىدى. رەئىس تۆمۈر داۋامەت: «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قازاقىستان، ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيەتلىرىدە بولغان زىيارىتىم مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى، بەلكى مەن تەسەۋۋۇر قىلغاندىكىدىنمۇ ياخشى بولدى. ئىككى جۇمھۇرىيەت رەھبەرلىرى ۋە خەلقلىرى مېنى ۋە مېنىڭ ھەمراھلىرىمنى

uyghurkitap.com

قىزغىن قارشى ئالدى، قوشنىدارچىلىق ۋە دوستلۇقنى يەتكۈزدى. سىلەرگە ۋە سىلەر ئارقىلىق ھەر مىللەت خەلقىگە يەنە بىر قېتىم چىن قەلبىمىزدىن رەھمەت ئېيتىمەن» دېدى. بىز ئۇلار بىلەن قىزغىن خوشلىشىپ، جۇڭگو شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ خەلقئارا ئايروپىلانىغا ئولتۇرۇپ ئۈرۈمچىگە قاراپ يولغا چىقتۇق.

بىز ئۈرۈمچىگە كەلگىچە بولغان بىر سائەت 25 مىنۇت ئىچىدە خۇشاللىق بىلەن ئۆتكەن 15 كۈنلۈك زىيارەت تەسىراتلىرىمىزنى سۆزلەشتۇق. بۇ قېتىمقى زىيارەت بىزدە ھەققەتەنمۇ ئاجايىپ چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرغانىدى. بىزنىڭ ئەڭ چوڭ تەسىراتىمىز خۇددى رەئىس تۆمۈر داۋامەتنىڭ ئالمۇتىدا مۇخبىرلارنىڭ سوئالىغا بەرگەن جاۋابىدا ئېيتقىنىدەك، دوستلۇق بۇ قېتىمقى زىيارەتنىڭ مۇھىم تېمىسى ۋە ئاساسلىق مەزمۇنى بولدى. زىيارەت داۋامىدا قوشنىلار ئارا دوستلۇق ئەڭ كۆپ سۆزلەندى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قازاقىستان، ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيەتلىرىدە بىزنىڭ قەدىمىمىز يەتكەنلىكى جايلاردا، مەيلى يۇقىرى قاتلامدا بولسۇن، مەيلى خەلق ئىچىدە بولسۇن، ھەممەيلەن بىزنى خۇش چىراي بىلەن قارشى ئالدى. ھەممىلا يەردە بىزگە گۈل تەقدىم قىلىشتى. نان ـ تۇز تۇتتى. قازاق ئاقىنلىرى دومبىرا چېلىپ، بىزنى ئۆلەڭگە قېتىپ كۈيلىدى. ئۇيغۇر شائىرلىرى بىزگە ئاتاپ شېئىر ئوقۇدى. ئۆزبېك خەلقى نەگىلا بارساق ساز چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ قارشى ئالدى. رەئىس تۆمۈر داۋامەتكە تون كىيدۈردى. بىز ھەر كۈنلۈك زىيارەت پائالىيەتلىرىمىزنى گېزىتلەردىن، رادىئو ـ تېلېۋىزورلاردىن كۆرۈپ تۇردۇق. بۇ خەۋەرلەر شۇ مەزگىلدىكى تەشۋىقاتتا ئاساسلىق ئورۇننى ئىگىلىدى. بىز بارغانلا يەرلەردە نۇرغۇن سوۋېتلىك دوستلار ۋە ئۆز ۋاقتىدا تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلى شىنجاڭدىن ئۇ يەرلەرگە بېرىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان جۇڭگولۇق مۇھاجىرلار بىزنى ئىزدەپ، بىز بىلەن پاراڭ سېلىشتى. ئۇلار شىنجاڭنىڭ بىرنەچچە يىلدىن بۇيانقى تەرەققىياتى، خەلق تۇرمۇشىنىڭ كۆپ ياخشىلانغانلىقى، بازارلارنىڭ ئاۋاتلىقى، مىللەتلەرنىڭ ئىناق ـ ئىتتىپاق ئۆتۈۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرلەرنى ئاڭلاپ خۇشال بولۇشتى. جامبۇل ئوبلاستىدا ياشاۋاتقان مۇھاجىر رابىيە مەھەممەت 50 ـ يىللاردا شىنجاڭ داشۆنىڭ سەنئەت فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن، 60 ـ يىللاردا سوۋېتكە چىقىپ ئورۇنلاشقان ئىكەن. بىز جامبۇلدا بولغان كۈنلەردە ئۇ تەرجىمان بولۇپ، باشتىن ـ ئاخىر بىز بىلەن بىللە بولدى. ئۇ جامبۇل ئوبلاستلىق ھۆكۈمەت ئۆتكۈزگەن قارشى ئېلىش چېيىدا ئۆزى ئىجاد قىلغان «ۋەتەننى سېغىندىم» ناملىق ناخشىنى راۋابقا تەڭكەش قىلىپ ئېيتىپ بەردى. ئۇ ناخشىنىڭ دۇنيادا ئانا تۇپراقتىن ئايرىلىش ھەممىدىن قاتتىق ئىكەن، دېگەن مەزمۇنلىرىنى ئېيتىۋاتقىنىدا، كۆز چاناقلىرى ياشقا تولۇپ، ئاۋازى تىترەپ، ناخشىنى داۋاملاشتۇرالماي قالدى. بىزمۇ ئۇنىڭ ۋەتەنگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىدىن تەسىرلەندۇق. بىز بىلەن ئۇچراشقان سوۋېتلىك دوستلار بولسۇن ياكى مۇھاجىرلار بولسۇن، ھەممىسى بىردەك جۇڭگونى ماختاشتى. ئۇلار جۇڭگونىڭ ئىسلاھاتى ياخشى، ئىشلەپچىقارغان تاۋارلىرى ئېسىل، دېيىشىدىكەن. ئۆزبېكىستاندا ھۆكۈمەتنىڭ بىر ئەمەلدارى بىزگە: «بىزنىڭ بازارلىرىمىزدا شىنجاڭنىڭ گۆشلىرى سېتىلىۋا-

تىدۇ. كۆزدە شىنجاڭدىن ياڭيۇ ئېلىپ كېلىنىپ ئىشچى - خىزمەتچىلەر تەمىنلەنىدى. خەلقىمىز بۇنىڭدىن خۇش بولدى. سىلەرگە رەھمەت ئېيتىتى. يەنە بىر جەھەتتىن، بىز بۇنىڭغا ھەيران قالدۇق. جۇڭگو ھۆكۈمىتى 1 مىليارتىن ئارتۇق خەلقىنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇپ، ئۆزى ئېشىنىپ بىزگە يېمەكلىك بېرىۋاتىدۇ. ئەسلى بىز سىلەرگە ياردەم قىلساق مەنتىقىگە ئۇيغۇن بولاتتى. بۇنىڭدىن خىجىلمىز» دېدى.

قازاقىستاندا ياكى ئۆزبېكىستاندا بولسۇن، پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ئۆز سۆزلىرىدە جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىسلاھاتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ۋە جۇڭگو خەلقى بىلەن بولغان دوستلۇقىنىڭ ئەسلىگە كەلگەنلىكىنى مەدھىيىلىدى. زوڭتۇڭ نازاربايېۋ: «سوۋېت خەلقى شەرقتە ئۇلۇغ جۇڭگو خەلقى بارلىقىنى ئەزەلدىن ئۇنتۇپ قالغىنى يوق. بىز شىنجاڭ بىلەن قوشنا، چوقۇم ئىناق ئۆتۈشىمىز كېرەك» دېدى. زوڭتۇڭ كېرىموۋ بىر قېتىملىق تېلېۋىزور سۆھبىتىدە ياشلارغا: «بىز جۇڭگودىن ئۆگىنىشىمىز كېرەك. كۆپ يىللاردىن بۇيان جۇڭگو ياشلارنى چەت ئەللەرگە كۆپلەپ چىقىرىپ ئوقۇتتى. ھازىر ئۇلار كاتتا مۇتەخەسسىلەردىن بولۇپ يېتىشىپ، ۋەتىنىگە قايتىپ چوڭ - چوڭ ئىشلارنى قىلماقتا. بىزنىڭ ياشلىرىمىزمۇ شۇنداق قىلىشى كېرەك» دېدى.

ئومۇمەن بىز سوۋېتتە بولغان كۈنلىرىمىزدە ھەر قاتلامدىن «جۇڭگو ياخشى»، «شىنجاڭ ياخشى»، «جۇڭگونىڭ ئىسلاھاتى، جۇڭگونىڭ مىللىي سىياسىتى ئۈنۈملۈك بولدى» دېگەن سۆزلەرنى دائىم ئاڭلاپ تۇردۇق. جۇڭگونى تىللاپ يۈرگەنلەرنى ئۇچراتمىدۇق. قازاقىستاندا بىر ئىناۋەتلىك جامائەت ئەربابى بىزگە: «ھازىر ئىككى ئەل ۋە ئىككى رايوننىڭ دوستلۇق كەيپىياتى ھەممىنى بېسىپ چۈشتى. سىلەرگە باشقىچە قارايدىغانلارنى خەلقىمىز ياقتۇرمايدىغان بولۇپ قالدى. بۇرۇن توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراغلاردا ۋە ھەر خىل جامائەت سورۇنلىرىدا ئاغزىغا كەلگەننى دەپ جۆيلۈيدىغانلار بار ئىدى. سىلەر كەلگەندىن بۇيان ئۇلار خەلقنىڭ دوستلۇق ساداسى ئىچىدە كوچىدا ئۇر - ئۇرغا قالغان چاشقاندەك كىرىدىغان تۆشۈك تاپالماي قېلىشتى» دېدى.

زىيارەت جەريانىدىكى تەسىراتلىرىمىز ئۈستىدىكى قىزغىن پاراڭلىرىمىز تېخى تۈگىمەيلا غەلىبە خۇشاللىقى بىلەن تولغان ئايروپىلان ئۈرۈمچى ئايرودرومىغا قوندى.

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

مەتتوھمىن ھوشۇر

# «مۇساپىرلار قاۋۇقى» دا

(ھېكايە)

بىزنىڭ بۇ شەھەرنىڭ ئادەملىرى «شائىر» دېگەن گەپنى ناھايىتى كەڭ مەنىدە چۈشىنىدۇ. ئۇلارنىڭ نەزەرىدە شېئىر يازىدىغانلارلا ئەمەس، رومان يازىدىغان چوڭ يازغۇچىلاردىن تارتىپ گېزىتلەرگە پارچە-پۇرات خەۋەرلەرنى يېزىپ تۇرىدىغان كىشىلەرگىچە ھەممىسىلا شائىر. شەھەردە «قەلەمكەشلەر جەمئىيىتى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر تەشكىلاتمۇ بار، ئادەتتىكى ئادەملەر ئۇنى «شائىرلار ئىدارىسى» دەيدۇ. يېقىندا مېنىڭ بىر-ئىككى پارچە ھېكايەم ئېلان قىلىنىۋىدى، ئاغىنىلىرىم مېنىمۇ شائىر دېيىشىدىغان بولدى.

شامىل ئىسىملىك بىر ئاغىنەم بار، مانا شۇنى شائىر دېسە بولىدۇ. ئۇ «قەلەمكەشلەر جەمئىيىتى»نىڭ غوللۇق ئەزالىرىنىڭ بىرى. ئۇنىڭ شېئىرلىرى رايونىمىزدىكى چوڭ-كىچىك گېزىت-ژۇرناللارنىڭ ھەممىسىدە ئېلان قىلىنىپ تۇرىدۇ. تولىراق ئۇ «پالانى بولاي»، «پۇستانى بولاي» دېگەن ماۋزۇلاردىكى شېئىرلارنى يېزىشقا ئامراق. «شامال بولاي» دېگەن شېئىرىدا ئۇ ئۆز يارىنى گۈلگە ئوخشىتىپ، شامال بولۇپ مەشۇقىنىڭ جامالىنى سۆيۈپ ئۆتمەكچى بولغان. «يامغۇر بولاي» دېگەن شېئىرىدا ئۇ تامچە بولۇپ سۇغا تەشنا زېمىنغا تۆكۈلىدىغانلىقىنى ئىپادىلىگەن. «كۆمۈر بولاي» دېگەن شېئىرىدا ئادەملەرنىڭ قەلبىنى ئىللىتىش ئۈچۈن كۆيۈپ تۈگەشكە رازىلىقىنى بىلدۈرگەن. «ئاي بولاي» دېگەن شېئىرىدا قاراڭغۇ كېچىلەرنى يورۇتۇپ، جىمى ئاشىق-مەشۇقلارنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىگە گۇۋاھ بولماقچى بولغان... ۋاي، ۋۇي! ئۇنىڭ مۇنداق ئاي بولاي، كۈن بولاي، دېڭىز بولاي، دەريا بولاي...دېگەندەك شېئىرلىرى ناھايىتىمۇ كۆپ. مەن ئۇنىڭ مۇشۇنداق سانسىز بولايلارنى ئويلاپ تاپالايدىغان، شېئىردىي تەپەككۇرغا باي كالLISغا قايىل. يېقىندا ئۇنىڭ بىر شېئىرلار توپلىمى نەشىر قىلىندى. كىتابنىڭ ئىسمىمۇ «بولاي»، بۇ كىتابتىن شەھىرىمىزنىڭ كىتابخانىسىغا 100 پارچىدەك كەلگەنىكەن، ئۇنىڭ يېرىمىنى شامىل ئۆزى سېتىۋېلىپ، مۇبارەك ئىمزاسىنى قويۇپ، ئۇرۇق-تۇغقان، ئەل-ئاغىنىلىرىنىڭ ھەممىسىگە تەقدىم قىلدى. شۇ قاتاردا مانىمۇ بۇ كىتابتىن بىرسى تەگدى.

بىر كۈنى، ئاغىنەمنىڭ ھېلىقى كىتابىنى ۋاراقلىغاچ، يېقىندىن يازماقچى بولۇۋاتقان بىر ھېكايەمنىڭ قۇرۇلمىسى ئۈستىدە خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتىم.

— بەللى، بەللى!...— دېگىنىچە شائىر ئاغىنەم شامىل ئۆزى كىرىپ كەلدى،— مۇشۇنداق ئۆيىنى بىقىپ ئولتۇرۇۋېرەمسەن؟ يۈرە!

— نەگە!— دەپ ھەيران بولۇپ ئۇنىڭغا قارىدىم.

— تۇرمۇش ئۆگىنىمىز، سەنمۇ شائىرلار قاتارىغا ئۆتۈپ قالدىڭ، مۇنداق تۆت تامغا قاراپ ئولتۇرغان بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ.

— گېپىڭمۇ توغرا، نەگە بارىمىز!

— توپتوغرا مۇساپىرلار قاۋىقىغىلا بارايلى...

— نەگە دېدىڭ؟!

— مۇساپىرلار قاۋىقىغا، مۇساپىرلار قاۋىقىنى بىلمەمسەن؟

— مۇساپىرلار قاۋىقى دېگىنىڭ قانداق يەر ئۇ؟

— قانداق يەر بولاتتى، ئۆتكەن-كەچكەنلەر كىرىپ ھاراق ئىچىدىغان بىر قاۋاق.

— قاۋاقلىقىمۇ ئىسمىدىن چىقىپ تۇرۇپتۇ، نېمىشقا ئۇنى مۇساپىرلار قاۋىقى دەيدۇ.

— ھە... بارغاندا كۆرىسەن. ئۇ يەرگە شەھەرنىڭ ھەممە ئىچەرمەنلىرى دېگۈدەك بارىدۇ. تۆت سەر ھاراقنى قۇيدۇرۇپ قويۇپ كەچكىرگىچە ئولتۇرساڭمۇ ھېچكىم قوغلىمايدۇ. شۇلارنىڭ قاتارىدا بىر جىڭ ھاراقنى تىكلەپ قويۇپ، ئازراق زاكۇسكا ئېلىپ، ھاراق ئىچكەن بولۇپ ئەتراپتىكى پاراڭغا قۇلاق سېلىپ ئولتۇرىمىز. ئاڭلىمىغاننى ئاڭلاپ، كۆرمىگەننى كۆرىسەن. ئۇ يەرگە يىغىلىدىغان ئادەملەرنىڭ ھەر بىرىنىڭ كەچۈرمىشىنى يازساڭ بىر كىتاب بولىدۇ... رۇسلارنىڭ گوگول دېگەن يازغۇچىسىنى بىلىسەنغۇ؟ ئۇ رېۋىزور دېگەن ھېلىقى قىزىق كومېدىيىسىنى شۇنداق بىر قاۋاقتا ئولتۇرۇپ يېزىپتىكەن. ئاڭلىغان بولغىيدىڭ؟ زۇنۇن قادىرمۇ ئەسەرلىرىدىكى پېرسوناژلىرىغا گەپ تاپالمىسا ئاشۇنداق پۇقرالارنىڭ ئارىسىغا بېرىپ پاراڭ تىڭشايتتىكەن... ھېلىقى بىر چەتئەل يازغۇچىسىنىڭ ئىسمى نېمىدا! مۇپاسسانمۇ، بالزاكمۇ؟... ھە، مانا شۇلارمۇ ئامېرىكىنىڭ ۋاراڭ-چۇرۇڭلۇق رېستورانلىرىغا كىرىۋېلىپ بىر بۇلۇڭدا ئولتۇرۇپ ئەسەر يازاتتىكەن...

مېنىڭ بۇ ئاغىنەمنىڭ گەپ قىلغاندا مۇشۇنداق پو ئاتىدىغان ئادىتى بار، بولۇپمۇ ھاراق ئىچىۋالغاندا ئۇنىڭ ئاغزىدىن يالغان گەپ دېگەن پىلىمۇتنىڭ ئوقىدەك تىزىلىپ چىقىدۇ. مەن ئۇنىڭ سۆزىگە تۈزىتىش بېرىپ قويدۇم.

— بالزاك، مۇپاسسان دېگەنلەر ئامېرىكىدا ئەمەس، فرانسىيىدە ئۆتكەن يازغۇچىلار.

— بىلىمەن، بىلىمەن، چەتئەل يازغۇچىلىرىنىڭ بارمايدىغان يېرى باردەمسەن. ھېلى قارىساڭ پارىژدا، بىردەمدە قارىساڭ، لوندوندا؛ ئەتىسىگىنى ياۋروپادا كۆرسەڭ، كەچلىكى ئامېرىكىدا... يازىدىغان ئادەم ئۆيىدىن چىقماي تورۇسقا قاراپ ھاڭۋېقىپ ئولتۇرىدىغان ئىش مانا بىزنىڭ مۇشۇ يەردىلا بار. ماڭە كەتتۇق. بۈگۈنكى چىقىمىڭ مەندىن بولسۇن!

شۇنداق قىلىپ ئاغىنەمنىڭ زورى بىلەن مۇساپىرلار قاۋىقىغا قاراپ مېڭىپ كەتتۇق. شەھىرىمىزدە مۇشۇنداق بىر قاۋاقنىڭ بارلىقىنى راستىنلا بىلمەيدىكەنمەن. بۇ قاۋاق بازار ئىچىدىكى بىر ئارقا كوچىدا بولغاچقىمۇ كۆزگە ئانچە چېلىقمايدىكەن. قاۋاق قىلىنغان ئورۇن ئەينى يىللاردىكى بىرەر چوڭ سودىگەرنىڭ مال قويىدىغان ئىسكىلاتى بولسا كېرەك، دۇكاننىڭ ئىشىك

دېرىزىلىرى مەزمۇت، ياغاچلىرى پۇختا،
ئىچىمۇ خېلىلا كەڭ ئىكەن. كېيىنكى چاغ-
لاردا شېغىل تۆكۈلۈۋېرىپ يول ئېگىزلەپ
كەتكەچكە دۇكان ئازگاللدا قاپتۇ. مۇساپىر-
لار قاۋىقىنىڭ خوجايىنى خېلى دىتى بار
ئادەم بولسا كېرەك، دۇكانىنىڭ كوچا تە-
رەپتىكى قىسمىنى قېلىن تاختايلار بىلەن
بوغۇپ ئايرىم بىر مال قويىدىغان ئورۇن
قىلىۋاپتۇ. مال جازىلىرىغا ھەر خىل ئىچىملىك-
لەر، تاماكا، پىششىق تۇخۇم، چىلىغان سەي،
ئەرزان كەمپۈت، قاق، قۇرۇت، مايلىق پۇرچاق
دېگەندەك نەرسىلەرنى تىزىۋېتىپتۇ. دۇكا-
نىنىڭ ئىچى تەرىپىگە قوپال ياغاچلاردىن
ئۇزۇن ئۇستەل، ئورۇندۇقلارنى ياساپ قو-
يۇپتۇ. ۋاقتى كەلگەندە خوجايىن دۇكاننىڭ
تىجارەت قىلىدىغان تەرىپىنى مەھكەم ئېتى-
ۋېلىپ، دۇكاننى ئوچۇق قويۇپ كەتسىمۇ،
ئۇنىڭ ئىچىدە مەستلەر كۆتۈرۈپ كەتكۈ-
دەك مۇھىم بىر نەرسە قالمىغۇدەك.

كۈن تېخى يورۇق بولغاچقىمىكىن،
پوكەي ئالدىدا ئۆرە تۇرۇپ ئىككى - تۆت
سەر قېقىۋېلىپ چىقىپ كېتىدىغانلارنى
ھېسابقا ئالمىغاندا، دۇكان ئىچىدە ئادەممۇ
كۆپ ئەمەس ئىكەن. بىز كىرگەندە ئۈچ-
تۆتەيلەن ھېلىقى قوپال ئۇزۇن ئۇستەلنى چۆ-
رىدەپ ئولتۇرۇپتۇ. ھاراق ساتىدىغان يەردە
ياش، قاۋۇل بىرەيلەن سودا قىلىپ تۇرۇپتۇ.
ئۇنىڭ بەستىگە باقماي ئاۋازىنىڭ ئىنچىكە،
گەپ - سۆزلىرىنىڭ سىيلىق - يۇمشاقلىقىغا
قاراپ «چىرقۇم كىچىكىدە مۇمىسىنىڭ قولىدا
چوڭ بولغان ئادەم بولسا كېرەك» دەپ
ئويلىدىم. بەزى مومىسى بېقىپ چوڭ قىل-
غان ئادەملەردە مۇشۇنداق ياش قورامىغا
ماس كەلمەيدىغان سىپايىي مىجەز پەيدا
بولۇپ قالىدۇ.

— خوش، ھەرقايسىلىرىنىڭ كۆڭلى
نېمىنى تارتىدىكىن؟ — دېدى ئۇ ئالدىدىكى
بىر خېرىدارنى يولغا سېلىۋەتكەندىن كې-
يىن بىزگە قاراپ. — قىزىلغا ئاقنى ئارىلاش-
تۇرۇپ ئىككى سەردىن قۇيۇپ بېرەيمۇ؟

ئۇنىڭ بۇ گېپىدىن بىزنى بەك ئاچ-
چىق ھاراقنىمۇ كۆتۈرەلمەيدىغان، ئەبجەش
ھاراق ئىچىدىغان ئادەملەر دەپ پەرەز
قىلغانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

— ياق، ئاۋۇ ئاق ھاراقتىن بىر بو-
تۇلكا! — دېدى شامىل.

بىر بوتۇلكا ھاراق بىلەن تۆت تۇ-
خۇم، ئىككى تال قۇرۇتنى ئېلىپ، ئۇستەل-
نىڭ بىر تەرىپىگە كېلىپ چۆكتۇق. ئاغى-
نەم يانچۇقىدىن چىرايلىق قەلەمتىراشنى
ئېلىپ قۇرۇتلارنى پارچىلىدى. مەن بوتۇل-
كىنىڭ مىتال ئېغىزىنى ئۇستەلنىڭ گىرۋى-
كىگە چىشلەشتۇرۇپ، ئالقان بىلەن بىرنى
ئۇرۇپ ئاچتىم. ئەمدىلا بىر رومكىدىن ئىچىپ،
ئاغزىمىزغا بىر تالدىن قۇرت پارچىسىنى
تاشلاپ تۇراتتۇق، بىردىنلا:

— ئاغىنىلەر، ماڭىمۇ بىر رومكا قۇ-
يۇۋېتىڭلار، — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

«بۇ ھاراق قەلەندەرى كىمدۇ؟»
دەپ ئويلاپ بېشىمنى كۆتۈردۈم. ئالدىمدا
رەتلىك كىيىنگەن، ساقال - بۇرۇتلىرىنى
پاكىز قىردۇرغان بىر كىشى قاراپ تۇراتتى.
ئۇنىڭ «تەييارغا ھەييار» كازاپلىقى چى-
رايىدىنلا چىقىپ تۇراتتى. بىر رومكا ھا-
راقنى قۇيۇپ دوققىدە قويۇپ قويدۇم. ئۇ ھاراق-
نى ئالدىغا تارتىپ، تۇخۇمغا قارىدى. تۇخۇملارنى
بىر - بىرلەپ قولىغا ئېلىپ، چىشىغا توكۇلدىتىپ
ئۇرۇپ كۆرۈپ باقتى - دە، ئارىسىدىن بىر-
نى تاللىۋېلىپ بىزگە قاراپ:

— قانداق، ماۋۇ بىرگە تۇرامسىلەر،

ئۇچكىنمۇ؟ ـ دېدى.

بۇ تەكەللۇپسىز «مېھمان» نىڭ قىلىقلىرىغا ھەيران بولۇپ، كۆزۈمنىڭ قۇيرۇقىدا شامىلغا قاراپ قويدۇم. شامىل بۇ ئويۇنغا دەرھال قىزىقتى ـ دە:

— بولدى، مەن ئۇچكە تۇردۇم، — دېدى.

ئۇلار «سىز تۇتۇڭ»، «سىز تۇتۇڭ» دەپ بىردەم تالاشقاندىن كېيىن، شامىل تۇتۇپ بەردى. ھاراق قەلەندەرى ئېبىگەشكىنىچە شامىلنىڭ قولىدىكى تۇخۇملارغا پەم بىلەن ئۇرۇشقا باشلىدى. ئۈچ تۇخۇمنىڭ ھەممىسى چېقىلىپ، قەلەندەر نىڭ قولىدىكى تۇخۇم ساق قالدى.

«ھاھ ... ھاھ ... ھاھ!» دەپ ھۇزۇرلىنىپ كۈلۈپ كەتتى قەلەندەر.

— قالتىس تۇخۇمۋازكەنسىز جۇمۇ! — دېدى شامىل.

— مۇنداق ھۈنەرلەرگە بىز ئۇستا، ئۇتۇۋالغاندىن كېيىن بىرەر تۇخۇم بېرەرسىلەر؟

قەلەندەر قولىدىكى ساق تۇخۇمنى ئۈستەلگە قويۇپ، چېقىقتىن بىرنى ئېلىپ ئاقلىدى. رومكىدىكى ھاراقنى كۆتۈرۈۋېتىپ، تۇخۇمنى پۈتۈنلا ئاغزىغا ئاتتى ـ دە، قولىنى «رەھمەت» دېگەن مەنىدە كۆتۈرۈپ قويۇپ، نېرىدا ھاراق ئىچىۋاتقانلار تەرەپكە ماڭدى. شامىل ئىككىمىز بىر ـ بىرىمىزگە قاراشتۇق.

— «يۈزۈمنىڭ قېلىنلىقى، جېنىمنىڭ راھىتى» دەپ ئويلايدىغان نېمىكەندە بۇ.

— سەن ئۇنى تونۇمامسەن؟

— كىم ئۇ؟

— ھېيتەك قاۋان دېگەن نوچى شۇ، ھۆرت ـ پۆرت دېگەننى باش بىلەنلا سالىدۇ.

مەن جىممىدە بولۇپ قالدىم. يەنە بىر رومكىدىن ھاراق ئىچىپ تۇراتتۇق، باياتىنبېرى ئۇدۇلىمىزدا مۆگدەپ ئولتۇرغان بىرسى كۆزىنى يوغان ئېچىپ بىزگە قارىدى ـ دە:

— ئۇكىلىرىم، ھارىقىڭلاردىن ماڭىمۇ ئازراق قۇيۇۋېتىڭلار، — دېدى.

سەپسېلىپ قاراپ ئۇنىڭ يېشى خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغان ئادەملىكىنى بايقىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىدىكى كىيىملىرىمۇ ناھايىتى ناچار ئىدى. «تۇرقى مۇنداق بولغان بىلەن، بۇمۇ پالان ـ پۇستان دېگەنلەرنى باش بىلەن سالىدىغان بىرسى بولۇپ قالمىسۇن!» دەپ ئويلىدىم ـ دە، ئۈنچىقماي تولدۇرۇپ بىر رومكا ھاراق قۇيۇپ سۇندۇم.

— ئاز ئىچىڭلار ئۇكىلىرىم، ئاز ئىچىڭلار! — دېدى ئۇ ھاراقنى قولىغا ئېلىپ، — مانا ياش ۋاقتىمدا مەنمۇ «كىم سەن؟» دېسە، «مەن!» دەپ مەيدەمگە ئۇرۇپ يۈرىدىغانلاردىن ئىدىم، ئىچىپ ـ ئىچىپ مۇشۇ كۈنگە قالدىم. «سۈيى يوق يەردىن قاچ، پۇلى يوق ئەردىن ...» دېگەن گەپ بار. خوتۇنۇممۇ مەندەك پۇلى يوق ئەرنى تاشلاپ كەتتى. بىر ئوبدان خىزمەتتىكى بالىلىرىم، كېلىنلىرىم بار، يېنىدا تۇرالمايمەن. مۇشۇ ھاراقكەشلىكىم بىلەن ھەممىنى تويغازدىم. بەزىدە ئۆزۈممۇ: «زادى نېمە بولغان ئادەممەن ـ ھە!» دەپ ئويلاپ قالىمەن، يەنە ئىچمىسەم تۇرالمايمەن. ھاراقنى ئىچىپ ـ ئىچىپ مەست بولۇپ، كەچتە بېرىپ گۇپلا چۈشۈپ ئۇخلاپ قالىمەن. ئەتىسى ئويغىنىپ: خۇدايا شۈكرى، مەن تېخى تىرىككەنمەن ـ ھە! — دەيمەن، يەنە قاۋاققا قاراپ ماڭىمەن ...

ئۇ رومكىدىكى ھاراقنى ئالدىرىماي تامشىپ يۇتۇپ، ئاغزىنى ئالقىنى بىلەن

www.uyghurkitap.com

ئېرتتى ـ دە، رومكىنى قايتۇرۇپ بەردى. «زاكوسكا يەڭ!» دەپ بىر تۇخۇمنى تەڭلىگەن قولۇم هاۋادىلا ئېسىلىپ قالدى. ئۇ بېشىنى ئۇستەلگە قويۇپلا ئۇيقۇغا كەتكەنىدى.

— مانا تۇرمۇش! — دېدى شامىل قۇلىقىمغا پىچىرلاپ.

يەنە بىر ـ ئىككى رومكىدىن ئىچىشتۇق. شۇ ئەسنادا يېشى توختىغان بىر كىشى يېرىم بوتۇلكىدەك هاراقنى كۆتۈرۈپ، بېشىنى ئۇستەلگە قويۇپ ئۇخلاۋاتقان هېلىقى ئىچەرمەننىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— پاھ، ھەسەنباي ئۇيقۇغا تېگىپتۇ ـ دە! — دېدى ئۇ يېنىدىكى ئادەمگە قاراپ، — قوپە! مېنىڭ هارىقىمدىن بىرەر رومكا ئىچىپ قويمامسەن.

ئۇخلاۋاتقان كىشى بېشىنى كۆتۈرۈپ، يېڭى كەلگەن مېهمان سۇنغان هاراقنى «رەھمەت» دەپ ئېلىپ، يەنە ئالدىرىماي يۇتتى ـ دە، بېشىنى ئۇستەلگە قويدى.

— ياخشى ئادەم، — دېدى يېڭى كەلگەن كىشى ھەسەنباينى بىزگە تونۇشتۇرۇپ، — كاتتا بىر باينىڭ ئوغلى ئىدى. ئۆمرى ئويناپلا ئۆتۈپ كەتتى ـ دە بىچارىنىڭ، مانا، ئاخىرىدا ھەممىدىن ئايرىلىپ، ئىچمىسە تۇرالمايدىغان كۈنگە قالدى. قېنى، هارىقىمغا ئېغىز تەگمەمسىلەر.

— خوش، رەھمەت، — دېيىشتۇق.

— ھەي، بۇ هاراق دېگەن نېمىنىغۇ مەنمۇ تاشلىۋەتكەن، — دەپ گەپ باشلىدى هېلىقى كىشى قولىدىكى هارىقنى كۆتۈرۈۋېتىپ، — يېقىندا بىر ئىشتىن رەنجىپ قېلىپ يەنە ئىچىپ سالدىم. نېمىدىن رەنجىدىڭ، دېمەمسىلەر، مەن ئۇزۇن يىلدىن بېرى ئۆي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ئۆيىدە ئولتۇراتتىم. بىر كۈنى ئولتۇرسام، ئۆي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ئادەملىرى كېلىپ: «ئاكا، سىز بۇ ئۆيدىن كۆچۈپ بەرسىڭىز» دەيدۇ. «نېمىشقا» دېسەم، «ئاۋۇ ئۆيدىكى قوشنىڭىزنى بىلىسىزغۇ؟» دەيدۇ. ماڭا قوشنا بولۇپ ئولتۇرىدىغان بىر ياش بالا بولىدىغان، «ھە بىلىمەن. يېمەكلىكلەر گۇڭسىسىدا ئىشلەيدىغان ماۋۇ بىر تام قوشنامىمۇ؟» دېدىم. ئۇلار: «ھە، شۇ قوشنىڭىز هازىر بۆلۈم باشلىقى بولۇپ ئۆستى. ئولتۇرۇۋاتقان ئۆيى كىچىك بولۇپ قاپتۇ، سىز ئولتۇرۇۋاتقان بۇ ئۆينى قوشۇپ، كېڭەيتىپ رېمونت قىلىپ، شۇ يىگىتكە بەرمەكچىمىز» دەيدۇ. ئاچچىقىم كەلدى: «ھوي مەنمۇ چۇ، ئارمىيە يېڭى كەلگەن چاغلاردا مەھەللىدە ئاكتىپ بولۇپ ئىشلىگەن؛ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدا 20 — 30 ئادەمگە باش بولۇپ گومىنداڭچىلار بىلەن سوقۇشۇپ يېڭى ھۆكۈمەت ئۈچۈن قان ئاققۇزغان. ئەمدىزە، تېخى مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا يىرتىق ئىشتان كىيىپ يۈرگەن نېمىلەرگە ئۆيۈمنى بوشىتىپ بېرىپ، كۆدە ـ كۆرپەمنى كۆتۈرۈپ نەدە سەرسان بولۇپ يۈرگۈدەكمەن. بېرىپ باشلىقىڭغا ئېيتىش، كۆچمەيمەن، قولىدىن كەلگىنىنى قىلسۇن!» دېدىم. مېنىڭغۇ ئۆيدىن كۆچۈرۈۋېتەلمىدى، شۇنداق بولسىمۇ، ئاچچىقىمدا كونا پەلتويىمنى سېتىپ، پۇلىغا هاراق ئىچىپ يۈردۈم.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىختىيارسىز كۈلۈۋەتتۇق.

— ئاكا، نېمە ئىش قىلىسىز؟ — دەپ سورىدىم.

— كۆزەتچىلىك قىلىمەن، — دېدى ئۇ، — بىزدەك ياشتا چوڭ بولۇپ قالغان ئادەمگە كۆزەتچىلىكتىن باشقا نېمە ئىش بار، دەيسىلەر. شۇنىڭغىمۇ ئاران ئېرىشتىم،

نەدە كۆزەتچىلىك قىلسام، ئىككى ـ ئۈچ
ئاي ئۆتمەيلا بوشىتىۋېتىپ، شۇ يەرنىڭ
كادىرىدىن بىرسى ئۇرۇق ـ تۇغقىنىنى ئەكە-
لىپ ئورۇنلاشتۇرۇۋالدۇ. ئۆتكەندە بىر ئو-
رۇنغا كۆزەتچىلىك قىلىپ 500 يۈەن
قەرزدار بولۇپ قېلىۋىدىم، قەرزنى ئۈزۈ-
ۋەتسۇن، دەپ خېلى ئۇزاق ئىشلىتىپ قال-
دى.«ھە، ئىشنىڭ يولى مۇنداقكەن ـ دە!»
دېدىم. ھازىرقى كۆزەتچىلىك قىلىۋاتقان
ئورنۇمغا 2000 يۈەندەك قەرزدار بولدۇم.
خۇدا بۇيرىسا، ئەمدى ئۇ يەرگە چىڭگىپلا
كەتتۇق دەڭلا ... قېنى كەلمەمسىلەر ...

ئۇ مۇغەمبەرلەرچە كۆز قىسىپ قويۇپ،
قولىدىكى ھاراقنى كۆتۈرۈۋەتتى. شامىل
«مانا تۇرمۇش!» دېگەندەك مەنىدە ماڭا
لاپ قىلىپ قاردى ـ دە، قويۇن دەپتىرىنى
ئېلىپ كىتىرلىتىپ بىر نېمىلەرنى خاتىرى-
لەشكە باشلىدى.

قاراڭغۇ چۈشكەنسېرى مۇمىسى باق-
قان خوجايىنىنىڭ سودىسى قىزىغىلى تۇر-
دى. كونا مەستلەرگە يېڭى كىرگەن مەست-
لەر قېتىلىپ، دۇكانىنىڭ ئىچى ۋاڭ ـ چۇڭغا
تولدى. كەيپچىلىكتە خېرىدارلار تونۇش-
سۇن ـ تونۇشمىسۇن بىر ـ بىرىگە قاراپ
كۆلۈمسىرەپ ھاراق سۇنۇشاتتى. دولىلىرىغا
قېقىشىپ ئەھۋال سورىشاتتى، قايسىبىرلىرى
بىزگىمۇ ئۇلپەتچىلىك كۆرسىتىپ ھاراق
تەڭلەيتتى. ئاز ـ ئازدىن ئىچىپ بىزمۇ ھې-
لىقى بىر بوتۇلكىنى قۇرۇغداپ قويغانى-
دۇق. شامىل يەنە ھاراق ئەكىلىش ئۈچۈن
تەمشەلگەن بولسىمۇ، مەن ئۇنى تۇتۇۋالدىم،
ئۇمۇ ئەتراپتىكىلەرنىڭ ھارىقىغا شېرىك
بولۇپ ئوبدانلا مەست بولغانىدى. بۇ يەر-
دىن ئالدىراپ كەتكىسىمۇ يوقتەك قىلاتتى.
ئەمدى ئۇ تۇرمۇش ئۆگىنىشنى، خاتىرە
يېزىشنى ئۇنتۇپ، ئۆزىنىڭ گېپىگە چۈش-
كەندى.

— قارا، قارا! — دەپ مېنى نوقۇيتتى
ئۇ، — ئاۋۇ رومكا تۇتۇپ تۇرغان ئادەمنى
كۆردۈڭمۇ؟ ئۇ چوقۇم يا تامچى، يا تۆ-
مۈرچى. ئاۋازىنىڭ بازغان ئۇرغاندەك گۈل-
دۈرلەپ چىقىۋاتقىنىنى ئاڭلىدىڭمۇ؟ ... ماۋۇ
ئادەمنىڭ يۈز ـ كۆزلىرىدىكى قورۇقلارغا
سەپسالدىڭمۇ؟ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا نۇرغۇن
ئاچچىق كەچۈرمىشلەرنىڭ يىغىندىسى بار...
مۇنۇ قولىنى كۆكسىدىن چۈشەرمەي جىمى
ئادەمگە قاراپ ھىجىيىپ تۇرغان كاززاپقا
قارا، ھەقچان ئۇ يېنىدا ئولتۇرغان ئاۋۇ
بىچارىنىڭ پۇلىنى ئالداپ خەجلەيدۇ ... يا
قۇدرەت! باياتىنبېرى بېشىنى ئۈستەلدىن
كۆتۈرمەي مۈگدەۋاتقان ھەسەنباينى كۆرۈ-
ۋاتامسەن؟ ئەمدى ئۇ سەگىپ، باشقىدىنلا تېتىك-
لىشىپ كېتىپتۇ ... قانداق، مېنىڭ دېگىنىمدەك-
مىكەن؟ ئۆگىنىمەن دېگەن ئادەمگە بۇ يەردە
تۇرمۇش دېگىنىڭ ئېشىپ ـ تېشىپ تۇردۇ.
بولۇپمۇ سەندەك ھېكايە يازىدىغان ئادەم
كۈندە كەلسە بولىدۇ بۇ يەرگە! ... ھاراق
ئەكىلەي دېسەم ئۇنىمايۋاتىسەن، قورساقمۇ
ئېچىپ قالدى، بولمىسا سېنى يەنە بىر
يەرگە باشلاپ باراي ... ياق، ياق، قاۋاق
ئەمەس، كۆڭۈلدىكىدەك بىز ياش چوكاننىڭ
ئۆيى. قورقما، ئۆزى تۇل، پۇللۇق خوتۇن.
يەمسەن، ئىچەمسەن، ھەممە نەرسە تەييار.
ئۇ يەردىكى تۇرمۇش دېگەن يەنە باشقا
گەپتە، چىشۇقتەك بەل، تولغان ساغرا،
ئاپئاق كۆكرەك، مانا، ناز، خۇلق، ئادەم
كۆتۈش دېگەنلەرنى شۇلاردىن سورا ...

شامىلنىڭ ئاغزىدىن ئەمدى تېتىقسىز
گەپلەر چىققىلى تۇردى. كەتمىسەك بولماي-
دىغانلىقىنى پەملەپ قالدىم. يەنە ئازراقلا

www.uyghurkitap.com

ئولتۇرساق، خەقنىڭ ئۈيۈنى كۆرىمىز دەپ كېلىپ ئۆزىمىز ئويۇن قويۇپ بېرىدىغاندەك قىلاتتۇق ... دەل شۇ چاغدا، قولتۇقىغا نەقىشلىك دۇتار قىستۇرۇۋالغان بىرەيلەنگە يەنە ئىككى ـ ئۈچ خېرىدار ئەگىشىپ دۇكانغا كىرىپ كەلدى. ئولتۇرغانلار: ۋاھ، مانا ياسىن دۇتارمۇ كېلىپ قالدى.تازا بىر ساز ئاڭلايدىغان بولدۇق ـ تە، دېيىشىپ چۇقۇرۇشۇپ كەتتى.

ياسىن دۇتار قولتۇقىدىكى دۇتارنى تامنىڭ بۇلۇڭىغا تىكلەپ قويۇپ، شامىلنىڭ يېنىدىكى بوش ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كىرگەنلەر تۆت ـ بەش بوتۇلكا هاراق، خاسىڭ، مايلىق پورچاق دېگەندەك زاكوسكىلارنى ئەكىلىپ ئۇستەلنىڭ ئوتتۇرىسىغا يايدى. بىرسى هاراقنىڭ ئاغزىنى گۇپپىدە ئېچىپ: قېنى ئاغىنىلەر، هەممەيلەن مۇشۇ ئوتتۇرىغا قارايلى، دەپ هاراق قويۇشنى باشلىۋەتتى. ئەمدى يېرىم تونگە سوزۇلىدىغان كاتتا بىر ئولتۇرۇشنىڭ بولىدىغانلىقى جەزملىشىپ قالغانىدى. مەن كەتسەك بولاتتى، دەپ شەرەت قىلىپ شامىلنىڭ يېڭىنى تارتىپ قويدۇم. لېكىن ئۇ ماڭا قارىمۇ قويماي: بۈگۈن قانغۇچە بىر ئوينىۋالىدىغان بولدۇق ـ تە، دەپ ئۇستەلگە بىرنى شاپىلاقلىدى ـ دە، ئورنىدىن قوپۇپ سوزۇلۇپ تۇرۇپ، بايا كىرگەنلەر بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، باشقىدىنلا جانلىنىپ كەتتى. يېڭى مېھمانلارنىڭ بىرى شامىلنىڭ قولىنى سىقىپ تۇرۇپ تۈيۈقسىزلا:

ــ هوي قاراڭلار، ماۋۇ شامىل شائىر ئەمەسمۇ! ــ دەپ ۋارقىرىۋەتتى، ــ قېنى ئولتۇرۇڭ، ئولتۇرۇڭ!

«شائىر» دېگەن سۆز ئاڭلىنىش بىلەنلا ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ بېسىقىپ هەممىنىڭ كۆزى شامىلغا قادالدى. شامىل خۇددى ئۆزىنىڭ كىملىكىنى ئەمدى چۈشىنىۋاتقاندەك ئۆزىگە سالاپەت بېرىپ، قولى يەتكەن ئەتراپتىكى هەممەيلەن بىلەن قايتا كۆرۈشۈپ چىقتى.

ــ مانا، ماۋۇ مېنىڭ ئاغىنەم بولىدۇ،ــ دېدى ئۇ كۆپچىلىككە مېنى تونۇشتۇرۇپ،ــ يازغۇچى، يازغۇچى دېسەم نېمە قىلىدىغان ئادەمكىن دەپ قالماڭلار، هېكايە يازىدىغان شائىر.

ياھ! كۆپنىڭ هۆرمەت نەزەرى ماگىمۇ تىكىلدى.

ــ سىلەرنىڭمۇ قەدىمىڭلار بۇ يەرلەرگە يېتىدىكەن ـ هە؟ هېلىقى ئولتۇرۇشتىكى ئىش ئېسىمدىن چىقمايدۇ ـ دە، ــ دېدى بايىقى شامىلنى تونۇۋالغان كىشى ئۇنىڭغا قاراپ، ــ ۋاتىلداپ سورۇنى بېشىغا كىيگەن ۋاهاپ كاسىنى:

هەي ۋاهاپ،
هەي، هەي ۋاهاپ،
ئولتۇرۇشنى بۇزدۇڭ ئىتتەك قاۋاپ.

دەپ قالتىس رەسۋا قىلغانتىڭىز.

ــ هە، ئۇ شۇنداقلا بىر كېلىپ قالغان ئىلهام دەڭا ...

ــ «بولاي» دېگەن كىتابىڭىزنى ئوقۇدۇم، قالتىس يېزىپسىزە! ...

كىتابىنىڭ گېپى چىقىۋىدى، باشقىلار تېخىمۇ جىمىپ كەتتى. پوكەيدىن بېشىنى چىقىرىپ قاراپ تۇرغان مومىسى باقىقان خوجايىنىنىڭ چىرايىمۇ شادلىققا چۆمدى، كىتاب يازغان ئادەملەرنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇرۇشى مۇساپىرلار قاۋىقى ئۈچۈنمۇ بىر شەرەپ ـ تە! ... ئۇ ئۆزىگە خاس سىپايى هەرىكەتلەر بىلەن پوكەيدىن ئاتلاپ چىقىپ شامىل بىلەن ئىككىمىزنىڭ

ئالدىغا كېلىپ كۆرۈشتى.
— بىزنىڭ بۇ دۇكىنىمىزنىڭ شارائىتى ناچار، خاپا بولۇشمىغايلا، مانا ماۋۇ دەستىخىنىڭلارغا ئاتىغىنىم بولسۇن، — دېدى - دە، 20 – 30 تۇخۇمنى ئەكىلىپ ئۈستەلگە قاتار تىمزىۋېتىپ كەتتى.

شۇنىڭ بىلەن هاراق ئىچىش باشلىنىپ كەتتى. لېكىن كىشلەر ئىختىيارىي پاراڭ قىلىشتىن سەل قورۇنۇپ، شامىلنىڭ ئاغزىغا قاراپ قېلىشتى.

— ئۇزۇن بولدى كۆرۈنمىدىڭىز، چوڭراق بىر نېمە يېزىۋاتامسىز يا... ھۆكۈمەت شائىرلارنى شەھەرمۇ شەھەر ئايلاندۇردى، دەپ ئاڭلىۋىدىم، يىراقراق بىر يەرلەردە ساياھەتتە بولدىڭىزمۇ؟

— هە، — دېدى شامىل بىر رومكا هاراقنى شاقىدە ئېلىپ ئىچىۋېتىپ، — ئىچكى ئۆلكىلەرنى ئايلىنىپ كەلدىم.

«ئىم!» دەپ قالدىم. ئەمدى ئاغىنەمنىڭ راست - يالغانىنى قېتىپ پو ئاتىدىغان كېسىلى قوزغالغانىدى.

— نەلەرنى ئايلاندىڭىز؟

— گۇاڭجۇ، خاڭجۇ، بېيجىڭ، شاڭخەي دېگەندەك ھەممە چوڭ شەھەرلەردە بولدۇم.

شامىلنىڭ 2 - 3 يىلنىڭ ئالدىدا تونۇش شوپۇرغا يالۋۇرۇپ يۈرۈپ، قارا ماشىنىغا ئولتۇرۇپ ئۈرۈمچىگە بىر بېرىپ كەلگىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇنىڭ «چوڭ شەھەرلەرنى كۆردۈم» دېگىنى قىپقىزىل يالغانىدى. قېرىشقاندەك ھېلىقى ئاغىنىمۇ كوچىلاپ سوراۋەرگىلى تۇردى.

— ۋاھ، قالتىس يەرلەر، دەپ ئاڭلىۋىدۇق، ئايروپىلان بىلەن باردىڭىزمۇ، پويىزدىمۇ؟

— هازىرقى ۋاقىتتا پويىز دېگىنىڭلار بىر كۆتەك هارۋىدەكلا نەرسە بولۇپ قالدى. ئايروپىلان بىلەن ئۇچتۇم.

— ۋاھ، هۇزۇر قىپسىز - دە!

ئولتۇرغانلار تاماقلىرىنى چېكىپ كېتىشتى.

— هۇزۇرى شۇ! — دەپ تەستىقلىدى شامىل، باشقىلاردىن ئاڭلىۋالغانلىرى بويىچە ئايروپىلاننىڭ ئىچىنى تەسۋىرلەپ، — ئازادە، لۆم - لۆم ئورۇندۇقتا خىيال سۈرۈپ ئۈگدەپ ياتىدىغان گەپ، تازا مەڭزىگە ئەركەك چىۋىنمۇ قونمىغان چىرايلىق قىزلار «نېمە يەيسىز، نېمە ئىچىسىز؟» دەپ سوراپ تۇرىدۇ. ئايروپىلان موللاق ئاتىدىغان يەرگە كەلگەندە «بەللىرىگە تاسمىنى باغلىۋېلىشسىلا» دەيدۇ. «ماڭاۋاي كىراغا نەچچە يۈز يۇەن پۇلنى ئالغاندىن كېيىن، ئۆزۈڭ كېلىپ باغلاپ قويمامسەن!» دەپ قورساقىنى چىقىرىپ، كرېسلودا يانتۇ يېتىپ بېرىدىغان گەپ. هېلىقى ئايدەك خېنىملار بېلىمىزنى قۇچاقلاپ، تاسمىسىنى ئۆزى باغلاپ قويىدۇ. شۇنداق قىلىپ نەچچە كۈنلۈك يولغا بىر - ئىككى سائەتتىلا يېتىپ بارىدىغان گەپ...

ئاڭلاۋاتقانلار «قالتىس گەپكەن - هە!» دېيىشىپ گۇدۇڭلىشىپ كەتتى. شامىلنىڭ ئاتقان پولىرىدىن خىجىل بولۇپ ئولتۇرالماي قالدىم. پېشىنى تارتىپ - تارتىپ قويىسامۇ، ئۇنىڭ شۇ تۇرقىدا ماڭا قارايدىغان كۆزى يوق ئىدى. يەنە بىرەيلەن:

— ئۇكام، شاڭخەي دېگەننى ناھايىتى ئادەم جىق شەھەر دەيدىغۇ؟ — دەپ سوراپ قالدى.

— ئۇنى بىر دېمەڭ، — دېدى شامىل، — ئادەمنىڭ تولىلىقىدىن ئىچىڭىز ئېلىشىدۇ. كوچىسىدا كېتىپ بېرىپ ئىتتىك ئارقىڭىزغا

بۇرۇلىدىغان بولسىڭىز چوقۇم ئىككى - ئۈچ ئادەمگە ئۇسۇۋالىسىز. يەكشەنبە كۈنىدىكى قىستا - قىستاڭچىلىقتا كۈنىگە نەچچە ئون ئادەم دەسسىلىپلا يىقىلىدىكەن. بىر تەرەپتىن يىقىلىپ تۇرىدىكەن، بىر تەرەپتىن، يىقىلغانلارنى دوختۇرلار ئارىغا كىرىپ زەمبىلگە سېلىپ توشۇپ تۇرىدىكەن.

— يائاللا، پىلانلىق تۇغۇتلار، دېگەن گەپمۇ توغرا جۇمۇ!

— گۇاڭجۇدا شىنجاڭدىن بېرىپ ئوقەت قىلىۋاتقانلار خېلى بار دەيدۇ، كۆرگەنسىز؟

— كۆردۈم ... — دېدى شامىل يەنە بىر رومكا هاراقنى غۇرتۇلدىتىپ ئىچىپتۇرۇپ.

— بەزى ياش باللارنى شۇ يەردىمۇ جېدەل - ماجىرا چىقىرىپ تۇرىدۇ دەيدىغۇ؟

— مانا شۇ گەپ ئەمەسمۇ، تۇرمۇش ئۆگىنەي دەپ ئۇلارغا بىر ئاز ۋاقىت ئارىلىشىپ يۈردۈم. كۆپىنچىسى ياش باللار ئىكەن. تەرەپ بولۇشۇپ بىر - بىرى بىلەن سوقۇشۇپ ئوينايدىكەن. كۆرگەنلەر ھېچۋاقىتتا ئۇنى پالانچاخۇن، پوكۇنچاخۇن دېمەيدۇ - دە، «شىنجاڭلىقلار» دەيدۇ، ھەممىمىزنىڭ نامىغا سەت.

— شۇنداق بولماي! — دەپ كۆپچىلىك بۇ گەپنى تەستىقلاشتى.

— بىر نەچچە خوجايىنلارنى تونۇۋېلىپ «ئاغىنىلەر مۇشۇ قىلىقىڭلار قاملاشماپتۇ» دەپ نەسىھەتمۇ قىلدىم، يەنە ئادەم دېگەن غەلىتە نېمىدە، جېدەل بولغان جايدا تۇرۇپ قالسىڭىز، قېنىڭىز قىزىپ، ئىختىيارسىزلا جېدەلگە ئارىلىشىپ قالىدىكەنسىز. بىر كۈنى كەچتە بىرقانچەيلەن رېستۇراندىن يېنىپ مېھمانخانىغا قايتىپ كېتىۋاتاتتۇق، «كەلدى، كەلدى!» دېيىشىپ كەتتى. «نېمە كەلدى؟» دېسەم، «پوكۇنى قوشۇننىڭ ئادەملىرى كېلىۋاتىدۇ، ئەمدى بىر قەپەس مۇشتلاش بولىدىغان بولدى» دېدى، راست دېگەندەك، گەپ ئاخىرلاشمايلا ئىككى تەرەپ تار كوچىدا تۇتىشىپ ئۇپۇر - تۇپۇر بولۇشۇپ كەتتى. مەن نېمە قىلارىمنى بىلمەي تۇرغان ئورنۇمدا تۇرۇپلا قاپتىمەن، بىر چاغدا يېنىمدا بىر قارا كۆلەڭگە پەيدا بولغاندەك قىلدى. شۇنداق قارىشىمغا قولاق تۈۋۈمگە «قارس!» قىلىپ بىرنى سالماسما، يۈزۈمنى سىلىسام بەش قولنىڭ ئىزى مانامەن دەپلا چىقىپتۇ. ئاچچىقىمدا ھېلىقىنى ياقىسىدىن قاماپلا تۇتۇپ بېقىنىغا نەچچىنى سالدىم. «ئىھ، ئىھ ...» دەپ ئىنجىقلاپلا قالدى، تىڭشىسام ئاۋازى تونۇشتەكلا قىلىدۇ. يورۇققا سۆرەپ ئاپىرىپ قارىسام، لەڭگەردىكى بىر تۇغقان تاغامنىڭ ئوغلى ئىكەن ...

قاۋاق ئىچىنى پاراققىدە كۈلكە قاپلىدى. بۇ كەيپىياتتىن ئىلھاملانغان شامىل ئورنىدىن چاچراپ تۇردى - دە:

— بۇرادەرلەر، سىلەرگە يېڭى يازغان بىر شېئىرىمنى ئوقۇپ بېرىشىمگە رۇخسەت قىلىڭلار، — دەپ يانچۇقىدىن خاتىرىسىنى چىقاردى، «ئىت بولاي» دەپ شېئىرنىڭ ماۋزۇسىنى تەنتەنىلىك جاكارلاپ ئەتراپقا بىر قارىۋەتتى.

خالايمەن بۇرادەرلەر،
خالايمەن.
بىر ئۆمۈر ئىشىكلاردا ئىت بولۇشنى،
ئۆزۈكلارنى،
مۈلكۈڭلارنى،
چىل بۆرىلەر–
ياۋلاردىن سەگەك تۇرۇپ قوغداشنى.
قاراڭغۇ تۈن،
سىلەر ئۇيقۇدا،

مەن ئۆيغاقمەن ھويلاڭلاردا.
ئىھ!
نېمە ئارمان ئۆلۈپ كەتسەم.
سادىق ئىت بوپ بوسۇغىدا...

ئاغىنەمنىڭ تېتىقسىز قىلىقلىرىغا ئىچىم تىتىلداپ، قاۋاقتىن قېچىپ چىقىپ كەتكۈدەك بولدۇم. شېئىر ئاخىرلىششى بىلەن، مەستلەر ۋارقىرىشىپ «ئاجايىپ!... ياشا!» دېيىشىشىپ كەتتى. بۇ چۇقان پەسىيىشى بىلەن ئارىدىن ياشتا چوڭراق بىرەيلەن تۇرۇپ:

— شامىل ئىنىمىز ئۇبدان گەپلەرنى قىلىپ بەردى، شېئىرنىمۇ ئاڭلىدۇق، ئەمدى، ماۋۇ ياسىنجان ئىنىمىز دۇتارنى ئېلىپ بىردەم چېلىپ بەرسە قانداق دەيسەلەر؟ — دېدى.

كۆپچىلىك «بولىدۇ!» دېيىشتى. مەنمۇ «خۇدايا شۈكرى» دەپ يېنىك تىندىم. ياسىنجان ساقىي تولدۇرۇپ قۇيغان بىر رومكا ھاراقنى گۈپپىدە ئىچىۋېتىپ، دۇتارنى قولىغا ئېلىپ سازلىدى. دۇكاننىڭ ئىچىنى قايتا جىمجىتلىق باستى. ۋاقىتمۇ خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغان ئوخشايدۇ. قارىسام دومىسى باققان خوجايىن دۇكاننىڭ ھاراق ساتىدىغان تەرىپىنى قۇلۇپلاپ كېتىپ قاپتۇ. كىمدۇر بىرى دۇكاننىڭ قاناتلىق ئىشىكىنىمۇ قىيا يېپىپ قويۇپتۇ. ياسىنجان دۇتارنى لەرزان چېلىپ، مۇقام باشلىدى.

پەلەكتىن ياخشىلىق كەلدى، دېبان كۆڭلۈكنى شاد ئەتمە،
يامانلىق ھەم يېتەر، ھالا ئۇنۇت، ئۆتكەننى ياد ئەتمە.

كەيپ بولغانلارنىڭ كۆزلىرى تېخىمۇ يۇمۇلۇپ، باشلىرى تۆۋەن چۈشتى. چوڭلار «ھەق!» دەپ ئېغىر تىنىشتى.

زامانە ئەھلىگە گەر يۈز قۇياشچە مېھرى كۆرگۈزسەڭ،
ۋاپانى سەن ئۇلاردىن زەررە چاغلىق ئۈمىد ئەتمە.

شۇ چاغدا قۇلىقىمغا مۇقامنىڭ پەيزىنى ئۇچۇرىدىغان بىر غەلىتە ئاۋۇش ئىشىتىلگەندەك بولدى. بۇ نېمە ئاۋازدۇ، دەپ ئەتراپىمغا نەزەر سالدىم. قارىسام، شامىل ئىككى ئالقىنىنىڭ ئۈستىگە بېشىنى قويۇپ، خۇددى بوسۇغىدا ياتقان ئىتتەك خاتىرجەم ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. «ئىت بولغان بولسىمۇ، قورسىقى تويسىلا ئۇخلايدىغان ناھايىتى ناچار ئىت بولىدىكەن...» دەپ قالدىم. بايىقى غەيرىي ئاۋاز ئۇنىڭ يېرىم ئوچۇق قالغان ئاغزىدىن چىقىۋاتقان خورەك ئىكەن.

ياسىن دۇتار مۇقامىنى ناھايىتى بېرىلىپ، تەسىرلىك ئېيتىۋاتاتتى. ئاغىنەمنىڭ كانىيىدىن چىقىۋاتقان ھېلىقى خورەكمۇ كىشىنى بىئارام قىلىپ بارغانسېرى ئەۋجىگە چىقىقىلى تۇردى. بايقىغانلار نارازى بولۇپ غۇدۇراشقا باشلىدى. ئالاقزادىلىك ئىچىدە شامىلنى قاتتىق بىر نوقۇپ قويۇۋىدىم، خورىكى توختىماق تۇگۇل، تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقىپ، بە ئەيىنى چالا بوغۇزلانغان كالىدەك خارقىراشقا باشلىدى. شامىلنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ دۇتار چېلىۋاتقان ياسىن دۇتارنىڭ چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتتى. ئۇ دۇتارنى قويۇپ، ئورنىدىن چاچراپ تۇردى-دە، شامىلنى گەجگىسىدىن تۇتۇپ يۇلۇۋېلىپ، سىلكىپ-سىلكىپ يەنە بېسىپ ئورنىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى.

— نېمە بولدى، نېمە بولدى!؟ — دېدى، ھېچنېمىنى چۈشەنمىگەن شامىل ئەتراپىغا چەكچىيىپ قاراپ.

— سەن ئادەممۇ، هايۋانمۇ؟

— مەن نېمە قىلدىم؟

— بىزنىڭ ناخشا-سازلىرىمىز قاملاشمايۋاتقان بولسىمۇ بىردەم قۇلاق سېلىپ ئاڭلاپ قويساڭ ئۆلەمسەن؟ سېنىڭ نەرىڭ شائىر؟ باياتىن بېرى سېنىڭ ئاتقان پولىرىڭ، لاۋزا شېئىرلىرىڭنى ساڭا ھۆرمەت قىلىپ، چىداپ تۇرۇپ ئاڭلىدۇق-قۇ!... ئۆزۈڭچە بىزنى ھېچنېمە بىلمەيدىغان نېمىلەركەن، دەپ ئويلاۋاتامسەن؟ بوران بولاي، شامال بولاي، ئىت بولاي، مۈشۈك بولاي دېگەنلىرىڭ شېئىر بولامدۇ؟ ھەقىقىي شائىر بولساڭ «ئادەم بولاي» دەپ يازمامسەن. دۇنيادا ئادەم بولماقتىن تەس ئىش بارمۇ!؟... چىقە دۇكاندىن، خورىكىڭنى ئۆيۈڭگە بېرىپ تارت!...

شۇ ئەسنادا، بىرەيلەن قوپۇپ شامىلنى ياقىسىدىن سۆرىدى، يەنە بىرەيلەن «شائىر دېگەن سەندەك بولسا» دەپ كۆتىگە بىرنى تېپىپ، دۇكاندىن ئىتتىرىپ چىقىرىۋەتتى.

— ماۋۇ ئاغىنىسىنى قانداق قىلىمىز؟

— ئۇنىمۇ شائىر دەۋاتاتتىغۇ؟

— هايدا!...

«هايدا!» دېگۈچىنىڭ گېپى ئاخىرلىشىپ بولغىچە چاققانلىق قىلىپ، تالاغا ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىۋېلىپ، تېپىك يېيىشتىن قۇتۇلۇپ قالدىم. ئەمما، تالاغا چىقىپلا تۇرۇپ قالدىم. 50 يۈەنگە يېڭى ئالغان شىلەپەم ئۈستەل ئۈستىدە ئۇنتۇلۇپ قالغانىدى. «ئېسىت، مەستلەر سېتىپ پۇلىغا هاراق ئېلىپ ئىچىۋېتىدىغان بولدى-دە!» دەپ تۇرۇشۇمغا شىلەپەممۇ ئارقامدىن ئۇچۇپ چىقتى، يەردىن ئېلىپ، توپىسىنىمۇ قاقماي بېشىمغا كىيدىم-دە، ئاغىنەمنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈردۈم.

مانا، «مۇساپىرلار قاۋىقى» دىن قوغلانغىنىمىزغىمۇ خېلى كۈنلەر بولۇپ قالدى. شۇنىڭدىن بېرى ئاغىنەم شامىلنى كۆرمىدىم. ئاڭلىسام، ئۇ «ئادەم بولاي» دېگەن يېڭى شېئىرى ئۈستىدە ئىشلەۋېتىپتۇمىش ...

(«ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىنىڭ 1990 - يىللىق 3 - سانىدىن)

مەسئۇل مۇھەررىر روزىمەھەممەت جۇمە

△ 1991 - يىلى 2 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى 1000 دىن ئارتۇق كىشى بېيجىڭدىكى «جۇڭگو» مېھمانخانىسىنىڭ زالىدا باھار بايرىمىنى خۇشاللىق بىلەن كۈتۈۋالدى. بۇ قېتىمقى كوللېكتىپ ھېيتلاش يىغىنىغا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى لى رۇيخۇەن قاتناشتى ھەمدە مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «يېقىندا ئېچىلغان پارتىيە 13 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 7 - ئومۇمىي يىغىنى پارتىيىمىزنىڭ تارىخىدىكى ھالقىلىق پەيتتە ئېچىلغان بىر قېتىملىق مۇھىم يىغىن. ھازىر ئالدىمىزدا تۇرغان مەركىزىي ۋەزىپە 7 - ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى ئەستايىدىل، ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىتتىپاقلىشىپ خىزمەتلەرنى پۇختا ئىشلەپ، بىر نىيەت - بىر مەقسەتتە قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىپ، زېھنىي كۈچىمىزنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئىگىلىكنى يۈكسەلدۈرۈشتىن ئىبارەت. مانا بۇ پۈتكۈل دۆلىتىمىزنىڭ ئومۇمىيلىقى، ھەر ساھە، ھەر كەسپتىكىلەر بۇ ئومۇمىيلىققا بويسۇنۇشى ۋە مۇشۇ ئومۇمىيلىق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى كېرەك. ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتىمۇ مۇشۇ ئومۇمىيلىققا بويسۇنۇشى ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يۆنىلىشى ۋە بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، ئەدەبىيات - سەنئەتنى تازا كۈچ سەرپ قىلىپ گۈللەندۈرۈش كېرەك. بىر يىلدىن بۇيان ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتىمىزدە نەتىجىلەر زور بولدى، بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر بارلىققا كەلدى. لېكىن ئاممىنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەن ياخشى ئەسەرلەر يەنىلا دېگەندەك كۆپ بولمىدى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى يولداشلارنىڭ ئاممىغا، تۇرمۇشقا، ئەمەلىيەتكە تېخىمۇ يېقىنلىشىپ، دادىل ئىزدىنىپ، يېڭىلىق يارىتىشقا جۈرئەت قىلىپ، خەلق ئاممىسىنى تېخىمۇ كۆپ، ساغلام، پايدىلىق، قىزىقارلىق مەنىۋى مەھسۇلاتلار بىلەن تەمىنلىشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىدۇ.»

جۇڭگو ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يىن شۇشى مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى بىلەن جۇڭگو ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى بىرلىكتە ئۆتكۈزگەن بۇ كوللېكتىپ ھېيتلاش يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلدى. يىغىندا يولداش خې جىڭجى مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىگە ۋەكالىتەن تەبرىك سۆزى سۆزلەپ مۇنداق دېدى: «بۇ يىل 8 - بەش يىللىق پىلاننىڭ تۇنجى يىلى، كەلگۈسىدىكى ئون يىلغا ۋە 21 - ئەسىرگە يۈرۈش قىلىدىغان ئاچقۇچلۇق بىر يىل. دەۋر بىزگە شەرەپلىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ۋەزىپە يۈكلىدى. ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرى نى ـ نى ئىشلارنى قىلالايدۇ، ئۇلار جەزمەن پارتىيە ۋە خەلقنىڭ مۇھىم تاپشۇرۇقىنى ئۈستىگە ئېلىپ، تۈزەش، ياخشىلاشنى يەنىمۇ ئوبدان ئىشلەپ، تېخىمۇ كۆپ يۇقىرى سەۋىيىلىك، دەۋرنىڭ ئاساسىي ئېقىمىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان، مەزمۇنى، شەكلى، ئۇسلۇبى كۆپ خىل بولغان ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىپ، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ كۆركەم باھارىنى كۈتۈۋالىدۇ.»


△ بۇ يىل جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى چىقىرىۋاتقان «مىللەتلەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ نەشر قىلىنغىنىغا 10 يىل بولدى. 1 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى «مىللەتلەر ئەدەبىياتى» تەھرىر بۆلۈمى بېيجىڭدا بۇ ژۇرنال نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 10 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى ئۆتكۈزدى. يولداش شى جۇڭشۈن تېلېگرامما ئەۋەتىپ، يىغىننى تەبرىكلىدى. چېڭ سىيۈەن، خې جىڭجى، چياۋ شياۋگۇاڭ، رۇڭ گاۋتاڭ، خەن تيەنشى، ۋىن جىڭ قاتارلىق يولداشلار يىغىنغا قاتناشتى.

جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى ما فېڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى پارتىيە گۇرۇپپىسىغا ۋەكالەتەن تەبرىك سۆزى قىلدى. جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، شۇجىچۇنىڭ دائىمىي شۇجىسى مالچىنخۇ مەلۇم ئىش تۈپەيلىدىن يىغىنغا قاتنىشالمىدى. ئۇ «مىللەتلەر ئەدەبىياتى» تەھرىر بۆلۈمىدىكى بارلىق يولداشلارنىڭ غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قىلىپ، ژۇرنالنى تېخىمۇ ياخشى چىقىرىشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈردى.

«مىللەتلەر ئەدەبىياتى» نىڭ باش مۇھەررىرى جىن جي بۇ ژۇرنال بېسىپ ئۆتكەن مۇساپىنى ئەسلەپ مۇنداق دېدى: 55 ئاز سانلىق مىللەتكە تەۋە بولغان مەملىكەت خاراكتېرلىك بۇ بىردىنبىر ئەدەبىيات ئىستېھكامى پارتىيىمىزنىڭ نۇرى ئاستىدىلا راۋاجلاندى ۋە زورايدى؛ سوتسىيالىزمنىڭ باھار شامىلى پەرۋىش قىلغاچقا، ھەممە گۈللەر بەس ـ بەستە ئېچىلغان گۈللىنىش مەنزىرىسى بارلىققا كەلدى. بۇ ژۇرنال قىسقىغىنا ئون يىل ئىچىدە 52 مىللەتنىڭ 2900 ئادەم ـ قېتىمغا يېتىدىغان، 30 مىليون خەتتىن ئاشىدىغان ھەر خىل ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلدى، بۇ ئەسەرلەرنىڭ 100 پارچىگە يېقىنى مۇكاپاتلاندى. مەملىكىتىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا 13 قېتىم ئىجادىيەت يىغىنى ۋە مۇخبىرلىق پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرۇپ، 30 نەچچە مىللەتنىڭ مىڭدىن ئارتۇق ئاپتورىنى يېتىشتۈردى.»

يىغىنغا قاتناشقان پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرى 10 يىل مابەينىدە «مىللەتلەر ئەدەبىياتى» تەھرىر بۆلۈمىدىكى خىزمەت نەتىجىسى ئالاھىدە بولغان بىر قىسىم مۇھەررىرلەرگە ۋە مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتىنى قىزغىن قوللىغان بەزى كارخانا ۋە شەخسلەرگە شەرەپ گۇۋاھنامىسى بەردى.

تەبرىكلەش يىغىنىغا يەنە فېڭ مۇ، يۇ جەن، دۇڭ لياڭخۇي، خۇاڭ يىڭ، جېن بونۇڭ، شى يۈكشىياڭ، دېڭ يۇمېي، جاڭ چى، جاڭ شىلار ۋە ھەرقايسى ساھەدىكى زاتلاردىن 250 نەچچە كىشى قاتناشتى.




فېڭ داجىن،
ماھنۇر قاسىملار بەزمىدە.





" سۈرەتلەرنى قىيۇم تۇرسۇن، سۇن جىابىڭلار تارتقان.




《塔里木》文学月刊（维吾尔文）

TARIMAMONTHLY LITERATURE jOURNAL
IN UIGHUR LANGUAGE

تارىم

编　　辑:《塔里木》编辑部
出　　版: 新疆人民出版社
印　　刷: 新疆新华印刷厂
发　　行: 乌鲁木齐市邮局
订阅、零售: 各地邮局所

1991 ـ يىل 4 ـ سان ( 362 ـ سان ) ، 41 ـ يىل نەشرى .
تۈزگۈچى « تارىم » ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى .
ئۈرۈمچى جەنۇبىي دوستلۇق يولى 22 ـ قورۇ ، تېلېفون نومۇرى : 416214 .
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى ، شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى .
ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلدۇ . مەملىكەت بويىچە ھەممە
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一刊号: CN65－1010／I
本刊代号: 58－66 定　价: 1.40 元
邮政编码: 830000

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى : CN 65 ـ 1010 / I
ژۇرنال ۋاكالەت نومۇرى : 66 ـ 58 ، باسما تاۋاق : 10 ، باھاسى : 1.40 يۈەن
پوچتا نومۇرى : 830000